# ئەرەب ئەدەبىياتى

## (قىسقىچە تارىخى)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

خاملتون . ئا . گىببى ( ئەنگلىيە )

# ئەرەب ئەدەبىياتى

( قىسقىچە تارىخى )

تەرجىمە قىلغۇچى : باھاۋۇدۇن قادىر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن .................... 1

تۇنجى نەشرىگە كىرىش سۆز .................... 1

قايتا نەشرىگە كىرىش سۆز .................... 1

1 ـ باب قىسقىچە تونۇشتۇرۇش .................... 1

2 ـ باب ئەرەب تىلى .................... 7

3 ـ باب قەھرىمانلىق دەۋرى (مىلادى 500 ـ ، 622 ـ يىللار) ... 17

4 ـ باب تەرەققىيات دەۋرى (مىلادى 22 ـ ، 750 ـ يىللار) ... 45

5 ـ باب ئالتۇن دەۋرى (مىلادى 50 ـ ، 1055 ـ يىللار) ... 66

1 ـ باسقۇچ (مىلادى 750 ـ ، 813 ـ يىللار) .................... 73

2 ـ باسقۇچ (مىلادى 813 ـ ، 945 ـ يىللار) .................... 92

3 ـ باسقۇچ (مىلادى 945 ـ ، 1055 ـ يىللار) .................... 126

(A) سەيف دەۋلە تەشكىلاتى .................... 132

(B) بۇۋەيھىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراق .................... 137

(C) شەرقىي پېرسىيە .................... 145

(D) مىسىر ۋە غەربىي شىمالىي ئافرىقا .................... 155

(E) ئىسپانىيە (مىلادى 750 ـ ، 1091 ـ يىللار) .................... 157

6 ـ باب كۈمۈش دەۋرى (مىلادى 1055 ـ ، 1258 ـ يىللار) ... 178

1 ـ ئىراق ۋە پېرسىيە .................... 183

2 ـ مىسىر ۋە سۇرىيە .................... 193

3 ـ سىتسىلىيە .................... 202

4 ـ ئىسپانىيە .................... 204

7 ـ باب مەملۇك دەۋرى (مىلادى 1258 ـ ، 1800 ـ يىللار) ... 214

1 ـ 1258 ـ ، 1517 ـ يىللاردىكى مىسىر ۋە سۇرىيە .................... 216

2 ـ ئىسپانىيە ۋە غەربىي شىمالىي ئافرىقا ............... 226
3 ـ مىلادى 1517 ـ ، 1800 ـ يىللار ......................... 233
خاتىمە ........................................................ 241

## خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئەرەب ئەللىرى ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتى پەيدا بولغان رايونلارنىڭ بىرى. ئەرەب مىللىتىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە ئالىملار چىققان، ئۇلار قەدىمكى شانلىق پەن ـ مەدەنىيەتنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتكە غايەت زور تۆھپە قوشقان. جۇڭگو بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئارىلىنىڭ يىراقلىقى تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى. خەن دەۋرىدىن، بولۇپمۇ گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى ئۈزۈلمەي بېرىپ ـ كېلىپ تۇرماقتا. سودا كارۋانلىرى توختاپ قالغىنى يوق. ئىككى تەرەپ سىياسەت، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، دىن جەھەتلەردىن زىچ ئالاقىدا بولۇپ كەلمەكتە. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئىلىمنى ئىزدەڭلار ئەگەر ئۇ جۇڭگودا بولسىمۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى جۇڭگو ۋە ئەرەب ئەللىرى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى، مەملىكىتىمىزدە ئىلگىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. بەزى ھېكايە ـ رومانلار تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغاندىن باشقا، ھازىرغىچە تېخى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا دائىر سىستېمىلىق بىرەر پارچىمۇ كىتاب يوق. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلىمىز كىتابخانلىرىنىڭ باي ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمي ئەھۋالىنى بىرقۇر چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئەنە شۇ

بۇشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئالىمى گىببنىڭ بۇ كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق.

ئەنگلىيە ئالىمى خامىلتون. ئا. گىببى 1895 ـ يىلى لوندوندا تۇغۇلغان. ئەنگلىيە خانلىق ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ ئەزاسى، ئۇ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى پروفېسسورى بولغان. ئەدەبىيات، قانۇن پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. گىببى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا، قەدىمىي دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، «ئەرەب ئەدەبىياتى» (قىسقىچە تارىخى) (1926 ـ يىل)، «هازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى» (1928 ـ، 1933 ـ يىللار)، «ئىسلام جەمئىيىتى ۋە غەرب»، «مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى»، «ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» (1962) قاتارلىق كىتابلارنىمۇ يېزىپ، غەربنىڭ مەشهۇر شەرقشۇناسى بولۇپ قالغان. ئۇ 40 ـ يىللاردىلا ئۆز كىرىمى بىلەن گىببى فوند جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئەرەب تىلى تەتقىقاتىنى مەبلەغ ۋە مۇكاپات سوممىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

«ئەرەب ئەدەبىياتى» (قىسقىچە تارىخى) 1963 ـ يىلى قايتا نەشىر قىلىنىغان. بۇ كىتابتا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاهالەت دەۋرىدىن تارتىپ 18 ـ ئەسىردە ناپولېئون مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنگە قەدەر بولغان ئەرەب ئەدەبىياتى دەۋرى، يەنى ئادەتتە كلاسسىك ئەدەبىيات دېيىلىدىغان قىسمى سۆزلىنىدۇ. كىتابتا ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوبىيكتى، كاتېگورىيىسى ۋە تۈرلۈك ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى هەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا خېلى سىستېمىلىق، ئىخچام چۈشەنچە بېرىلگەن. ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ ئىلاهىي هاكىمىيەت سىياسىتى تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەدەبىيات تەرەققىياتى

باسقۇچىدىكى نەزمە ۋە نەسرىي ئەسەرلەردە ئىلاھىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنىڭ سالمىقى خېلى زور : ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئىلاھشۇناسلىق ، پەلسەپە ۋە تارىخشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن ، ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن « قۇرئان » ۋە ھەدىسشۇناسلىققا كەلسەك ، ئۇ تېخىمۇ شۇنداق ، بۇ كىتابتا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن خېلى مۇۋاپىق تەھلىل قىلىنغان . بۇ كىتاب ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قىياپىتىنى ، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ۋارىسلىقىنى ، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە ئېنىقلاش ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىۋېلىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

لېكىن ، يەنە بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، ئاپتور ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ، ھەرقايسى دەۋرگە مەنسۇپ يازغۇچىلارغا ياكى ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە مەلۇم يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالىي بولالمىغان . مەسىلەن ، ئاپتور ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى خەلق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمۇ ، لېكىن تارىختىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توختالمىغان ، قوزغىلاڭ داھىلىرى ۋە ئامما ئارىسىدىن مەيدانغا كەلگەن يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدىمۇ توختالمىغان . ئەبۇ مۇسلىم قوزغىلىڭى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان . خوراسانلىق مۇئاۋىيە ( چۈمبەردىلىكلەر ) قوزغىلىڭى ، بابەك قوزغىلىڭى ، قەمەرتى قوزغىلىڭى ، قارا قۇللار چوڭ قوزغىلىڭى قاتارلىق دېھقانلار ھەرىكەتلىرى ئابباس جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ، ئابباسلار خەلىپىلىكى ۋە ئۇ تەشەببۇس قىلغان

چاكىنا، چۈشكۈن ئەدەبىيات خاھىشىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى. ۋەھالەنكى، بىز «ئالتۇن دەۋرى» بابىدىن ئەدەبىيات ئەدىبىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار بولغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى چېلىقتۇرالمايمىز. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى ئەبۇتاھىرنىڭ داستانلىرىنى بولسا تېخىمۇ كۆرەلمەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور «سەبئىي مۇئەللەقەت»① يازغۇچىسى ئىمرە. ئۇلقەيسنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ دەۋردە ئۆتكەن قوشاقچى ئائىشە قەيسنىڭ خەلقنىڭ مۇڭ - زارىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئېسىل ئەسەرلىرىگە سەل قارىغان؛ 13 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر جەھەتتىمۇ روھانىزمنىڭ تەسىرى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ رولىنىلا كۆرۈپ، ئەرەب مىللىتىنىڭ شۇ چاغدا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياۋروپا رىتسارلىرىغا قارشى كۆرەشتە ياراتقان نۇرغۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالمىغان. ۋەھالەنكى، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاشلا، مەزمۇنى مول، تىلى جانلىق، لېكىن تېخى پىشۇرۇلمىغان ئاشۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەل تارىختا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئۆز بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆگىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم ئوزۇق ئىدى.

بۇ كىتاب 1926 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىغان، 1963 - يىلى ئاپتورنىڭ تولۇقلىشى بىلەن قايتا نەشر قىلىنغان. ئىراق مائارىپ مىنىستىرلىكى، بۇ كىتاب ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ،

① ئەرەب ئەدەبىياتىدىن بىزگە سىڭىپ كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تاللانغان، ئەڭ مەشھۇر يەتتە قەسىدىسىنىڭ ئومۇمىي نامى — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دەپ قاراپ، 1969 ـ يىلى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان.
خەنزۇچىسى 1962 ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدىن تەرجىمە
قىلىندى. ئەسلى كىتابتىكى ئەرەب تىلى فونىتىكىسىغا دائىر بىر
باب ۋە ئىلاۋەدىكى غەربتە نەشر قىلىنغان ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر
ئەسەرلەر تەرجىمە نۇسخىسى مۇندەرىجىسىنىڭ كىتابقا ئالاقىسى زور
بولمىغاچقا قىسقارتىۋېتىلدى. كىتابتىكى ئىزاھاتلارنىڭ
ئەسكەرتىلگەنلىرىدىن باشقىسى تەرجىماندىن بېرىلدى.
بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا، ليۇلىگروۋي ئەپەندى
بىزنى «قۇرئان» ۋە ئىسلامشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللار بىلەن
تەمىنلىدى. يولداش ياڭ خۇڭ، لۇي يۈەن كىتابنى سىلىشتۇرۇپ
چىقتى. ئۇستازلىرىمىز ۋە يولداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىدىن چوڭقۇر
مىننەتدارمىز، تىل ـ يېزىق سەۋىيىمىز ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر
ساۋاتىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن خاتالىقلاردىن خالىي
بولۇشىمىز قىيىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشنى ئۈمىد
قىلىمىز.

1976 ـ يىل يانۋار
لۇشياۋشيۇ، ياۋجۇندې

[illegible]

[illegible] 1956 [illegible]
[illegible] 1963 [illegible]

[illegible]

## تۇنجى نەشرىگە كىرىش سۆز

ئەرەبلەردە «قۇرئان» ۋە «مىڭ بىر كېچە» دىن باشقا يەنە بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى، پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى ئەسلىتىش، نوقۇل ئەدەبىياتقا مەنسۇپ ئېقىملارنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ چىقىش. ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر كىتاب كۆپ، ئۇلارنى تولۇق بىلمەن دېيەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. شۇڭا، بۇ جەھەتتە سۆزلىگەندە، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشتىن ياكى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇشتىن خالىي بولۇش تەس، ھەتتا پىكىر ئىختىلاپى بولغان مەسىلىلەردىمۇ شۇنداق. ئەرەب تىلى ئالىملىرى شۇنى كۆرىدۇكى، مەن بۇ كىتابنى يېزىشتا، يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى مەشھۇر شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندىم، ئۇلارنىڭ ماڭا ناھايىتى زور ياردىمى بولدى. بۇنى تېكىستتە تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتۈش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى توغرىسىدا دەسلەپ جون. د. م. جونسون ئەپەندى مەسلىھەت بەرگەنىدى. تېكىستتە پروفېسسور توماس ئارنولدنىڭ مۇشۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى ئۈستىدە بەرگەن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پىكرىنى قوبۇل قىلدىم، لېكىن تېكىستتە كۆرۈلگەن ھەرقانداق سەۋەنلىك پروفېسسور ئارنولد بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز.

گىببى

1926 ـ يىل، ماي

## قايتا نەشرىگە كىرىش سۆز

بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى 1926 ـ يىلى «دۇنيا مەكتۇپلىرى» توپلىمىدا بېسىلغانىدى. ئوتتۇز بەش يىلدىن بۇيان پېقىر بىلىم جەھەتتە بىرقەدەر پىشىپ يېتىشكەنلىكىم، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش نۇقتىلىرىمدا پەرق بولغانلىقى، بەزى قاراشلىرىم ئۆزگەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب تىلىدىكى نۇرغۇن ئەسلى ئەسەرلەر تېپىلغانلىقى ھەم شەرھلەنگەنلىكى ياكى نەشر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتابنىڭ يېڭى نەشرىنىڭ ھەجمى بىر ھەسسە كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ نەزمە ۋە نەسرىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇنىڭ ئازلىق دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى كارل بروكماننىڭ «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئۈچ توملۇق چوڭ كىتابىنىڭ تولۇقلانغان تەزكىرىلەر توغرىسىدىكى پايدىلىنىش كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىكلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىلسا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ ئىسىملىكلەر ئىنتايىن زىچ بولۇپ، 2500 بەتتىن ئاشىدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنى يەنىلا يىغىنچاق بىر تاللانما دېيىشكە بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ كىتابتا يەنىلا تۇنجى نەشرىدە بەلگىلەنگەن مەقسەت، يەنى پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كاتېگورىيىسىنى ئەسلىتىش، نوقۇل ئەدەبىياتقا مەنسۇپ ئېقىملارنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ بېرىش دېگەن مەقسەت ساقلاپ قېلىنغان. ئىلاۋەدىكى ئەرەب ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەرجىمە مۇندەرىجىسىنىڭ تېكىستتە نائىلاج قىسقارتىۋېتىلگەن پارچىلارنىڭ قىسمەن بولسىمۇ ئورنىنى

تولدۇرالىشنى ئۈمىد قىلىمەن . شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىگە تاسلا قالغان بۇ مىراسنىڭ كىتابخانلارنىڭ لەززەت ئېلىشىغا ياكى ئەقىل تېپىشىغا تۈرتكە بولۇپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

گىببى

1962 ـ يىل

# 1 ـ باب

## قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتى بىر مىللەتكىلا مەنسۇپ ئەمەس. ئۇ بىرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇزاق تارىختىكى ئۈچمەس نامايەندىسى، كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشقانلار قان سىستېمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئەرەب ئىستىلاچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە ۋە ئېتىقادنى شەكىللەندۇرۇپ، يېڭى ۋە بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئەرەب مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يالغۇز پارسلارلا ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالالىغان. پارس ئەدەبىياتى گۈللەنگەندىن كېيىن، پارس تىلى شەرقتىكى ئۆلكىلەردە ئەرەب تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلى يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى، پەلسەپە ۋە ئىلىم ـ پەندە ئورتاق تىل بولۇپ كەلمەكتە. باشقا كلاسسىك ئەدەبىياتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ـ قەدىمكى دەۋردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى، كۆپ جەھەتتە مەلۇم مەرىپەتلىك جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ مەردلىك بىلەن يول قويۇشى ۋە قوغدىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئىسلام

مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىدىكى گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە شۇ جايلارنىڭ سىياسىي ھەم مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى ئىخلاس بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياكى بۇ پايتەختتىكى بەزى خان - ۋەزىرلەر سەنئەتنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ھېسابلاپ، قوغداشقا قىزىققانلا بولسا، بۇ ئەدەبىيات مەشئىلى يەنىلا يېنىپ تۇرىۋەرگەن. شۇڭا، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچى مەركىزى بۈگۈن بۇ جايدا بولغان بولسا، ئەتىسى يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ تۇرغان. ئوسمانلار ئاسىيا، ئافرىقىنى بويسۇندۇرغان ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە بۇ مەشئەل تامامەن ئۆچۈپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەقەت خىرە نۇرلار قالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر ئىچىدە، ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يازغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرى ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىمىغىنى يوق، يەنى ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن ئاز بولدى ياكى ھېچقانداق تۆھپىسى بولمىدى. سۈرىيە ۋە مىسىردىن باشلانغان ئەرەب ئەدەبىياتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە كەلسەك، ئۇ ھەرىكەت باشقا بىر خىل روھنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن قوزغالغان، ئۇنىڭ قەدىمىي كلاسسىك مەدەنىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

ئەرەب ئەدەبىياتى باشقا كلاسسىك ئەدەبىياتلارغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كېلىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەر ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە يوقىلىپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇ ئەسەرلەر تار ئىسلامىيەت ۋە ئۇنىڭ تائۇنلىرى ھۆكۈم سۈرگەن، تاشقى دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارغا پىسەنت قىلمايدىغان ( گەرچە

دۈشمەنلىك بىلەن قارىمىسمۇ ) جەمئىيەتتە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، بىزنىڭچە ، يوقىلىپ كەتكەن شۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىگە غايەت زور شان ـ شەرەپ بەخش ئېتەلىگەن بولۇشى مۇمكىن ، ئەلۋەتتە . بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان پارچە ـ پۇرات قولىيازمىلار ئارىسىدا قىسمەن تەتقىق قىلىنغان نۇرغۇن ماتېرىياللارمۇ ساقلىنىپ قالغان . 19 ـ ئەسىردە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىشى ۋە 20 ـ ئەسىردە ئەرەب ، پارس ، ھىندى ئالىملىرىنىڭ قىزغىن ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن ئاشۇ ماتېرىياللاردىن خۇشاللىنارلىق نەتىجە يارىلىققا كېلىپ ، ئۆزلۈقچە سەل قارىلىپ كەلگەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەر تېپىپ چىقىلدى . بىراق ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان مۇھىم ئەسەرلەر تېزدىن ئەرەب ئالىملىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ ئىشەنچلىك تەرجىمىسىلا غەرب ئالىملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا . گەرچە بۇلارنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ .

ئەرەب قانداشلىقى بىلەن ماختىنىدىغان كىشىلەر ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار ئىچىدە ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئەرەبلەرنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئازراق . لېكىن ، ئەرەب ئەدەبىياتىغا سىڭدۈرگەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش شەكلى يەنىلا شۇ دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەم شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ خاتىرىسىگە چىڭ ئورنىشىپ كەتكەن . ئەرەب ئەدەبىياتى دەل ئاشۇ خەلقلەر ئارقىلىق مىلادى VII ئەسىردە راۋاجلىنىپ بويسۇندۇرغۇچى كۈچكە ئايلانغان . شۇڭا ، بىز ئاساسىي تېمىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ، بۇ بابتا ۋە كېيىنكى بابتا ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىشىگە

دائىر تەبىئىي شارائىت ۋە تىل تەسىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەرەب ئەدەبىياتى دۇنياغا كەلگەن جاي ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە شەرقىي شىمال قىسمى بولۇپ، بۇ جايلار چۆل ـ جەزىرە ھەم ئوتلاقلاردىن تەركىب تاپقان تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بوستانلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ جايلارنىڭ يېرى قاقاس، مەنزىرىسى ناچار ئىدى. ئىقلىمى دائىم ئۆزگىرىپ قاتتىق ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇق، قۇرغاقچىلىق ھەم سۇ ئاپىتى بولۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ئەپسىز ئىدى. يېرىم ئارالدىكى ئاھالىلەر تۆگە ۋە قوي باقاتتى ھەم ئۇلارنىڭ گۆشى، سۈتى بىلەن ئوزۇقلىناتتى. شۇڭا، ئۇلار سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ بار يەرلەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولاتتى. مول ھوسۇل يىللىرىدىكى خۇشاللىق، ھوسۇل كەم ئېلىنغان يىللاردىكى قايغۇ ـ ھەسرەت، ئۆزئارا ياكى قوشنا قەبىلىلەرگە ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇملاردىكى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى زېرىكەرلىك ھالەتنى بۇزۇپ تاشلايتتى. يىل بويى ئۆزگەرمەيدىغان مۇنداق تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ ئادىتى، ئىدىيىسى ۋە تىلىنى شەكىللەندۇرگەن. ئەنە شۇنداق توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر ۋە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان ۋە ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەكس ئەتكەن. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنتايىن ئاز بولغان؛ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش يولىدىكى كۈرىشى تولىمۇ جاپالىق بولغاچقا، ئۇلار رېئال تۇرمۇشى ۋە كۈندىلىك ماددىي ئېھتىياجىدىن

باشقا، ھېچقانداق نەرسىگە يېتىشەلمەيتتى. ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چەكسىز دېنىي خىياللارغا تېخىمۇ قىزىقمايتتى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ پەلسەپىسىنى بىرنەچچە مېغىزلىق پەلسەپىۋى ئىبارىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولاتتى: ئۇلارنىڭ دىنى بىرخىل تۇتۇق خۇراپاتلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرىنى كونكرېت سۆزلەر بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن ئىدى، ئۇلارنىڭ تىلى ئاددىي ھەرىكەتلەرنى ۋە تەبىئەت خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتىن باشقا، ھېچقانداق ئابستراكت نەرسىنى ئىپادىلىيەلمەيتتى.

ئىدىيە جەھەتتىكى بۇنداق كەمچىلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشتا، تۇرمۇش ۋە مۇھىت جەھەتتىكى مەنىسىزلىكلەر ماددىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن قولاي شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەرەب تىلىدا مەنىداش سۆزلەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقانداق ئىنچىكە، نازۇك تەبىئىي ھادىسە، ھەرقانچە مۇرەككەپ بولغان ئايرىم ھەرىكەتلەرنىمۇ مۇۋاپىق سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. تىل جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تاپقىلى بولىسىمۇ، بۇ مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بەدۋىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن پەقەت ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل، جاراڭلىق سۆز - ئىبارىلىرىلا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلالايدۇ.

ئەرەب تىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بىردىنبىر تىلى ئەمەس. يېرىم ئارالنىڭ شىمالىدىمۇ ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر بار. ئۇلار كونا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت

ئورناتقان . يېرىم ئارالنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى مەدەنىيىتى قەدىمدىن تارتىپ تەرەققىي تاپقان يەمەن ، سۇرىيە ۋە ئىراقنىڭ چېگرا رايونلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تەدرىجىي سىڭىپ كىرگەن . سودا يوللىرىنى بويلاپ ئارقىمۇ ئارقا باياشات يۇرتلار بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن، مەككىنى ئالىدىغان بولساق ، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر قانداشلىق ۋە تىل جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچىلارغا يېقىن بولسىمۇ ، لېكىن يۈرۈش - تۇرۇش ۋە نەزەر دائىرىسى جەھەتتە بىرئاز پەرقلىنىدۇ . ئېفرات دەرياسى ۋادىسىدىكى ھىرا شەھىرىدە ( ئۇ يەردە پارسلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەرەب خەلىپىلىكى بار ئىدى ) ، سۇرىيە چېگرىسىدىكى غەسسانلار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەر ئارىسىدا ئەرەبلەر خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئارامىي تىلى مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئېغىزمۇ زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان . ئەرەب تىلى بۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاز ساندا ئارامىي تىلى ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلغان ، لېكىن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىغا بولغان تەسىرى ، خۇددى ئارامىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆچمەن مىللەتلەرگە بولغان تەسىرىگە ئوخشاش ، ئىنتايىن ئاز بولدى . بۇ كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى يا ئاددىي ياشاش ، يا بولمىسا ھاياتلىق يولىدىكى كۈرەشتە شاللىنىپ قېلىش ئىدى .

# 2 ـ باب
# ئەرەب تىلى

غەربىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى تىللىرى چېگرىسى ئېنىق، مۇستەقىل تىل بولۇپ، ئومۇمەن سامىي ① تىللىرى سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەب تىلى ئۇنىڭ ئەڭ ياش بىر تارمىقى، جۈملىدىن، مەلۇم ساقىندىلىرى قالغان ئۆششاق تىللار ۋە ھازىرقى زامانىدا قايتا ئەسلىگە كەلگەن ھىبرۇ تىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەرەب تىلىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساقلىنىپ قالغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تىل. سامىي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى زىچ بولۇپ، سۆزلۈكلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاش تىل مەنبەسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. سامىي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىرنەچچە خىل شىۋىسىمۇ بار. ئومۇم ئېتىراپ قىلغان تارماقلىرى (كىچىكرەك شىۋىلەر كىرگۈزۈلمىدى) تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بابىل ۋە ئاسسىرىيە مىخ يېزىقى، بۇ ئاخات تىلى ياكى شەرقىي سامىي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ سۇرىيە ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ قەدىمكى تىلى. ئۇ شىمالىي سامىي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ قەدىمكى تىللار يەنە ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ بىر تارمىقى بۇرۇنقىلىرى، يەنە بىر تارمىقى كېيىنكىلىرىدىن ئىبارەت.

A . كەنئان تىلى، بۇ تىلدا فىنكىي تىلى بىلەن ھېبرۇ تىلى ئاساس قىلىنىدۇ.

B . ئارامىي تىلى، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئەسىرلەردە غەربىي ئاسىياغا تارالغان قىلىنكا تىلى. بۇ تىل سۇرىيە تىلى بىلەن بىرلىكتە مېسوپوتامىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خرىستىئان ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالغان.

3 ـ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى تىل تۈرلىرى ( جەنۇبىي سام ياكى غەربىي جەنۇبىي سامىي تىلى ).

A . شىمالىي ئەرەبىستان تىلى، يەنى بىز تەتقىق قىلىدىغان ئەرەب ئەدەبىي تىلى.

B . ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرە يېزىقلىرىغا مەنسۇپ شىۋىلەر ( سابا تىلى، ماينا تىلى قاتارلىقلار ) ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلى بولغان گاۋىچ ياكى ئېفىئوپىيە ( ھەبەشىستان ) تىلى، يەنى ھەبەشلەرنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ئەدەبىي تىلى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرگۈن تىل تۈرلىرى بىرنەچچە خىل ئوخشىمىغان ئەدەبىي شىۋىلەردىنلا ئىبارەت. ۋەھالەنكى، شىمالىي ئەرەبىستان تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى چۆل ـ باياۋان تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن سامىي تىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرمۇنچە تەركىبلىرىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشقا جەھەتلەردە ئاجايىپ نازۇك بىرىكمىلەرگە ئىگە. بۇ شىۋىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىرتتىن كەلگەن تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەركىبلەر سامىي تىلىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە بېقىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر. مەسىلەن، مۇرەككەپ

فونىتىكىلىق سىستېما، بىرىكمە سۆزلەرنىڭ تامامەن يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە كۆپ توختالمايمىز. لېكىن، سام تىلىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولغان سۆز تومۇرى سىستېمىسى ئۈستىدە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش قىيىن. چۈنكى، باشقا ئەدەبىياتلارغا ئوخشاش، ئەرەب ئەدەبىياتىدىمۇ سۆز تاللاشتىكى ئۇستىلىق، ئۇسلۇبتىكى گۈزەللىك ۋە يېبىزىقچىلىق جەھەتتىكى ماھىرلىقنى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

سامىي تىللىرىدا ئاساسىي ئۇقۇملار ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدۇ. بۇ ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بىر سۆزنىڭ «تومۇرى»②نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇقۇمدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىش جۈملىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇھىم بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرى يۇقىرىقى شەكىلدە، بەزىلىرى بولسا ئالدى ـ كەينىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ياكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۆلتۈرۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ تومۇرى «قتل» بولۇپ، ئۇ پېئىلدا «قەتەلە»، ئىسمىدا «قاتىل»، ئاكتۇئال ئىسمىدا③ «قاتىل» (كۆپلۈكتە «قەتتال»)، «قاتىل» (كۆپلۈكتە «قاتى لو») بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. يەنى «قتل» دېگەن سۆز تومۇرى «ئۆلتۈرۈش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتمۇ ئەمەس، ئەرەب تىلىدا بىر سۆز تومۇرىدىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سۆز ياسىلىدىغان ئەھۋالمۇ ناھايىتى جىق ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن، «كىتاپ» دېگەن سۆز «كىتاب» ۋە «يېزىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بۇيرۇق مەنىسىدىكى بىرىكمە بىلەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چەكلەش ئۇسۇلى ئىسىمغىمۇ، پېئىلغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن، ئىسىمنىڭ شەكلى كۆپ ئۆزگەرسىمۇ، پېئىل شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىنتايىن قاتتىق قائىدە سىستېمىسى بولىدۇ. «ئۆلتۈردى» دېگەن ئاددىي پېئىلدىن مەجبۇرى دەرىجە «ئۆلتۈر»، مەجھۇل دەرىجە «ئۇ ئۆلتۈرۈلدى» ياكى «ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن سۆزلەرنى ياساش مۇمكىن، جەنۇبىي سامىي تىلىدا بولسا، ئۆملۈك دەرىجە «ئۆلتۈرمەكچى...» بىلەن «سوقۇشماقچى» دېگەن سۆزلەرنى ياساش مۇمكىن، مۇكەممەل ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا يۇقىرىدىكى پېئىللار قايتۇرما دەرىجە ياكى ئوتتۇرا ھال ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. شۇنداقلا، ھەربىر شەكىلدە رەسمىي پاسسىپ ھالەتتىن باشقا، يەنە ئاددىي يېرىم پاسسىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن سۆز «تومۇرى» نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇنداق ياكى ئۇنداق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بەلكى، سۆزنىڭ مەنىسىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولىدۇ.

بىز شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايمىزكى، پېئىلنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى مۇقىم بولۇپ، ئۇنىڭ باشقىچە بولۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى، جۈملىدىن سۆزنىڭ «تومۇرى» ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن قۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب تىلىدا ناھايىتى كۆپ سۆز پەيدا بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇش شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشاش. مەسىلەن، ئاددىي پېئىلدىن ئۆزگەرگەن ئاكتۇئال ئىسىملارنىڭ قۇرۇلما شەكلى «قتل» شەكلى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ: «ركىب» — «ئۆلتۈر»

( يۇك oltur) ، « كاتىپ » — « يازغۇچى » ، « ھەممال » — ( يۇك توشۇغۇچى ) ۋە باشقىلار . شۇڭا ، ئاخىرقى قاپىيە بىلەن يېرىم تاۋۇش ، مۇقەررەر ھالدا ، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەردە باشتىلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ؛ باش قاپىيە ۋە قوش مەنىلىك سۆزلەرگە كەلسەك ، نوقۇل ئەدەبىياتتا ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇلا ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئالاھىدە زىننەت ھېسابلىنىدۇ .

سۆز « تومۇرى » نىڭ بۇيرۇق مەنىسىدە ئۆزگىرىشى سۆزنى ئىخچام ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ياردەم بېرىدۇ . ئىخچام ۋە يوشۇرۇن مەنىلىك جۈملە كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىپادىلەش شەكلىدۇر . ئەرەب ئىدىيوملىرىنىڭ ئۈچ - تۆت سۆزدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز . شائىرنىڭ ماھىر ياكى ماھىر ئەمەسلىكىگە قاراشتا ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازنى بىر مىسرا شېئىرغا يىغىنچاقلىيالىشى ياكى يىغىنچاقلىيالماسلىقىغا قارىلىدۇ . تەمسىللەردە ئىپتىلغان « شەرقنىڭ پارلاق بەدىئىي شەكلى » ئەرەب ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ماس كەلمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىغا تاشقى ۋاستىلەر ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن . لېكىن ، ئەرەب تىلى ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ، ئۇنىڭدا كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن گۈزەللىك ۋە خىلمۇ خىللىق ، ئۇنىڭ مەنىداش سۆزلەرگە ئىنتايىن باي بولۇشى ، ياسالما سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇشى بەدىئىي ماھارەت ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن . ۋەھالەنكى ، تېخىمۇ قەدىمكى ۋە تېخىمۇ تەبىئىي بولغان ئىخچام سىنتاكسىسلىق قائىدە ئېغىز تىلى ۋە بەزى ئەدەبىي ژانىرلاردا يەنىلا ساقلانماقتا .

ئەنە شۇنداق تەبىئىي ئاساس بولسىمۇ ، ئەرەب تىلىنىڭ

بەدىئىي قۇرۇلمىسىدا، يەنىلا چۈشىنىش قىيىن بولغان، ھەتتا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان جايلارمۇ بار. دېمەك، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قەبىلە تىللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردا ئەنئەنىۋى سامىي تىلىنىڭ سىنتاكسىلىق قائىدىسى ۋە چېچىلاڭغۇلۇقى ئېغىز تىلى شەكلىدە ساقلانغان. ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدا، زامان جەھەتتە بىر يۈرۈش قاتتىق ئۆزگىرىش شەكلى بار، لېكىن سامىي تىلىدا بولسا، پېئىللاردا نىسبەتەن ئىپتىدائىي بولغان ئىككى «تەرەپ» تىكى ھالەت ساقلانغان بولۇپ، ۋاقىت ئۇقۇمى يوق دېيەرلىك. ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىقى پەقەت ئاددىي ھالدىلا ئىپادىلىنىدۇ. ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىكى ھال پېئىلىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ سامىي تىلىدا يوق. مەسىلەن، «yagtulu» دېگەن سۆز «ئۇ ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى (ماقالىلاردا) «ئۇ ئۆلتۈرگەن» (ئۆتكەن زامان) دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. يەنە «ئۇ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن (ئۆتكەن زامان)، ئۆلتۈرگەن، ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىغا ئالدى - كەينىدىكى سۆزگە قاراپ باھا بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب تىلىدا بايان قىلىش شەكلى دائىم ئۇشتۇمتۇت بولىدۇ ياكى «لىرىكىلىق شەكىل» دە بولىدۇ. جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەسلىدىلا ستىخىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ياۋروپا تىللىرىنىڭ سىنتاكسىلىق قائىدىسىگە ئوخشاش سۆز تەركىبىگە ئاشكارا بويسۇنۇش ھالىتى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

دەسلەپكى دەۋرلەردىكى شائىرلارنىڭ تىلى تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۆزلۈكلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. بولۇپمۇ مەكتۇپ،

جۈملە تۈزۈش، سۆز ياساش جەھەتلەردە شۇنداق ئىدى. باش جۈملە ئېنىق «ئالەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولسا، خەۋەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر قاتار مۇرەككەپ ھالەتنى ئىپادىلىگىلى بولاتتى. جۈملىلەردىكى مۇقىم ستىخىيلىك ھالەتكە مەنتىقگە ئويغۇن كېلىدىغان قاراتما بۆلەكلەر قوشۇلسىلا، ئۇنىڭ قوللىنىلىشى تامامەن ئوخشايتتى. بۇنىڭ بىلەن جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولاتتى. بۇ خىل تىل قۇرالى ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە جانلىقلىقى بىلەن سامى تىلىغا مەنسۇپ ھەرقانداق تىللاردىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟ ئۇ يەنە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ شىۋىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت باغلىغان؟ بۇ مەسىلە ھازىرغىچە ئايدىڭلاشقىنى يوق. بىرنەچچە ئەسىردىن كېيىن شائىرلارمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قەبىلىسى — مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىلىنى قوللانغان، دېگەن گەپلەر بولغانىدى ھەم بۇ تىل يېرىم ئارال بويىچە ئەڭ ساپ، ئەڭ تەرەققىي تاپقان تىل دەپ قارالغانىدى. بۇ نەزەرىيە روشەنكى، دىنىي ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنىپ چىقىرىلغان خۇلاسە شۇكى، شائىرلار ئۆلچەملىك بىرخىل شېئىرىيەت تىلىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ تىلدا ئېغىز تىلى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ. لېكىن سۆزلۈك ۋە خەۋەرنىڭ ئۆزگىرىشى، جۈملىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتىكى ساپلىقى بىلەن ئېغىز تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. بىراق، نۇرغۇن ئاساسلار ئىسپاتلىدىكى، شېئىرىيەت تىلى توغرىسىدىكى بۇ سۇنئىي نەزەرىيىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، شائىرلار شىۋىلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىلىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان بولۇشى

مۇمكىن؛ شۇنداقلا ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇنىڭ بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى " ئەرەبىيە تىلى » ① دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ھازىر ئۇنى « ئەرەب ئورتاق تىلى » ( ئەرەب يېزىق تىلى ) دەيمىز. بۇ تىل دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، « ئالتۇن دەۋرى » ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردىكى ئاتالمىش koinc جەريانىدا سۆزلۈكلەر بىرقەدەر ئاددىيلاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئىزچىل تۇردە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قورالى بولۇپ قالدى. غەرب ئالىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش خۇددى ساياھەتكە ئاتلانغاندەك بىر ئىش. ئەرەب تىلى ئەزەلدىن سۆزگە ئىنتايىن باي، سۆزلىرى ئەگىتمە ھەم مۇرەككەپ، مەيلى دەسلەپكى دەۋر ياكى كېيىنكى دەۋردىكىسىنى بولسۇن، كىشىنىڭ چۈشىنىپ كېتىشى قېيىن، بولۇپمۇ ئۇقۇمنى بىر - بىرىگە باشلاشتىكى غەيرىي ئۇسۇلى تېخىمۇ شۇنداق، ھەر خىل باغلىنىشلارنى بەلگىلەيدىغان ئىچكى قۇرۇلمىلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنى بىرئاز چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىتابخانلار بۇلارنى ئەرەب تىلىنىڭ يازما شەكلى ئارقىلىق پەرق ئېتىشى لازىم. ئۇ بىرخىل چىرايلىق يازما شەكىل بولۇپ، خىلمۇ خىل سەنئەت شەكىللىرىگە ئىگە. لېكىن بىپەرۋا كىتابخانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە يېرى خەندەكتىن ئىبارەت ( بىخەستەلىك ياكى بىلىمسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان مەتبەئە ياكى ئىملا خاتالىقى تېخىمۇ شۇنداق ) سۆزنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش قۇرۇلمىسى بىلەن ئادەتتىكى سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشى مەقسەتنى تولۇق ئىپادىلەپ

بىرلىگەنلىكى ئۈچۈن ، يازما شەكىلدە سوزۇق تاۋۇش قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، كىشىلەر ئەرەب تىلىدىكى ماقالىلاردا مەقسەتنى 75 پىرسەنتلا چۈشەنگىلى بولىدۇ . قالغان 25 پىرسەنتنى كىتابخانلار ئۆزى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك دېيىدۇ . بۇرۇنقى زامانلاردىلا ئەرەبلەر « قۇرئان » نىڭ كېيىنكىلەرگە تارقىلالماي قېلىشى ياكى بۇرمىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويىدىغان بىر مۇنچە سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنى ئىجاد قىلغان ⑤ . گەرچە ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى « قۇرئان » ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان نەقىللەر ياكى مەۋزۇن شېئىرلاردىلا ئىشلىتىلسىمۇ ، بۇ سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى بىلەن ئەرەب يېزىقى تامامەن ئوقۇپ تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدىغان دەرىجىگە يەتكەن . ئادەتتىكى نەسرىي شەكىللەردە ، كىتابخانلار يېزىق قۇرۇلما ئاساسىنىڭ ئادىتىنى بىلىۋالسىلا ، قىيىنچىلىقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئوڭايلا ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ . بەزى كونا كىتابلاردا جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر ئېنىقلىۋېلىنغان ھەم ئۇنىڭ سىنتاكسىلىق قۇرۇلۇشى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنغان تەقدىردىمۇ ، يەنىلا ئۇنى توپتىن ئوخشىمىغان ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن ، ئەبۇ تەممام ياكى ئەبۇل ئەلا مۇئەررى ⑥ ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مۇشتەرىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە بىلىمىنى سىناشنى ياخشى كۆرىدۇ . ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى

ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى نۇرغۇن چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئۆتكەن. بۇ ئەسەرلەرگە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان تولۇق يېزىقلاردىكى ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە مەسىلىنىڭ ھەممىسى ھەل بولۇپ كەتكەن ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىياتنى لەززەتلىنىش جەھەتتە، ھەر ھالدا پۇختا ئاساس يارىتىپ بېرىلگەن.

**ئىزاھاتلار:**

① غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەبلەر، سۇرىيىلىكلەر، يەھۇدىلار، ئېفىئوپىيىلىكلەر ۋە قەدىمكى بابىللار، ئاسسۇرىيىلىكلەر، فىنىكىيلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② بۇ يەردىكى «تومۇر» ئۈچ تەرەپتىن تەشكىل تاپقان، ئۆتكەن زامان پېئىلغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدىكى «سۆز تومۇرى» (مەسدەر) گە ئوخشايدۇ.

③ ئەرەب تىلىدا ھەرقانداق پېئىلدا ئاكتۇئال ئىسىم بولىدۇ. ئۇ ھەرىكەت تەشەببۇسچىسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدە بۇنى سۈپەت ياكى ئادەتتىكى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىش مۇمكىن. بەزىدە ئۇ پېئىلنىڭ رولىنىمۇ ئويناپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

① ئەرەب يېرىم ئارىلى قەدىمكى دەۋرلەردە «ئەرەبىيە» دەپ ئاتىلاتتى. ئارالدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئەرەبلەر دېيىلەتتى. بۇ — ئىپتىدائىي ئەرەبلەر — بەدەۋىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى «ئەرەبىيە تىلى» دېگىنىمىز بەدەۋىلەر تىلىغا قارىتىلغان.

⑤ زىر — زەۋەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ (تەرجىمان).

⑥ ئەبۇ تەممام (788 — 846).

ئەبۇ ئەلا مۇئەررى (973 — 1058) — ئابباسىلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەما شائىر. ئۈچ يېشىدا ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان. ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ ئەدەبىي ماھارەتنى ئىگىلىگەن. يەتمىشتەك شېئىر ۋە ھېكايىسى بار.

# 3 ـ باب

# قەھرىمانلىق دەۋرى

## ( مىلادى 500 ـ ، 622 ـ يىللار )

ئوشتۇمتۇتلۇق ــ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر . باشتا ، ئۇنىڭ يىپ ـ يىڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۇپىتىدە ، پىشقان ھالدا مەيدانغا چىقىشىدىن ، مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ كېيىنكى ئوخشاش بەدىئىي تىپلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى . كىشىنى ھەممىدىن بەك ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى ، ئەرەب تىلى دەسلەپىدىلا ئەدەبىي ۋاستە بولۇپ قالغان . ئەدەبىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا ، ھەر خىل شۇئىلەردە ئويۇلغان تەزىيە ـ نامىلەر ياكى سودا خاتىرىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەرەب يېرىم ئارىلى بىر مەزگىل جىمجىت ، قۇپ ـ قۇرۇق دىيەرلىك ئىدى . لېكىن ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىلىقتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا شائىرلار خۇددى باھار يامغۇرىدىن كېيىن باش كۆتۈرگەن بامبۇكتەك تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ ، مۇرەككەپ مەدھىيە نەزمە « قەسىدە » نى ياد ئوقۇيدىغان بولدى « قەسىدە » بىر قاتار مەزمۇنلار ئاساسىدا يېزىلغان داستان بولۇپ ، جانلىق ، جۇشقۇن ، تەسەۋۋۇرى ئېنىق ، ئوخشىتىشلىرى جايىدا ، تىلىغا ئىنتايىن باي ، جاراڭلىق ئىدى ، ئۇنىڭدا شۇۋە تەسىرى ئاز ئىدى . بۇنداق ئەسەرلەر مۇرەككەپ ۋە جانلىق قاپىيىلەردىن تۈزۈلگەنىدى .

كېيىنكى دەۋردىكى ئەرەب تىلشۇناسلار بۇنىڭغا خۇددى

بىزگە ئوخشاشلا ھەيران بولۇشقان. ئەرەبلەرنىڭ دەسلەپكى مۇنەۋۋەر ئوبزورچىسى ئىبنى سالام: «مەلۇم كىشىلەرنىڭ مەلۇم سورۇنلاردىكى ئاغزاكى نەزمىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەسلەپكى دەۋرلەردە ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيىتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. (قەسىدە) ۋە داستان ئوقۇش تۇنجى قېتىم مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئابدۇل مۇتتەلىپ دەۋرىدىن باشلانغانىدى» دەپ يازىدۇ. شۈبھىسىزكى، شۇ چاغلاردا شېئىرىيەتنىڭ تېمىسى كۆپىنچە «مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى نەزمىلىرى» دىن ئىبارەتتى. لېكىن، مەرسىيە، قايغۇ ـ ھەسرەت ناخشىلىرى، مۇبالىغە، مەسخىرە ياكى قارغاشقا دائىر شېئىرلار، ئۇرۇش ھەققىدە ۋە ئات ـ تۆگىلەرنى ماختاپ يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلەر بۇرۇندىنلا مەلۇم دەرىجىدە بار ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردىكى «قەسىدە» بىلەن زاماندىش بولغان ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قىسقا شېئىرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىلھام كەلگەندە دەرھال يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئوخشىمىغان سۈرئىتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك تەسەۋۋۇرنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، بۇنداق شېئىرلاردا ۋەزىن مەسىلىسى مۇرەككەپرەك ئىدى. قەدىمكى ئەرەب ۋەزىن قائىدىسى باشتا چېچىلاڭغۇ، ئۇزۇن ـ قىسقا شەكىلدە بولۇپ، رەجەز دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق شېئىرىيەت شەكلى قاپىيىلەشتۈرۈلگەن قىسقا جۈملىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بەلكىم (كارمېنغا ① ئوخشاش) «سەجئە» (قاپىيىلىك نەسرىي ئەسەر شەكلى) دىكى دوق قىلىش تەلەپپۇزىنى ئالغان ئىخچام بېيىتلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر بۇنداق نەسرىي ئەسەرنى بىزگە تونۇش بولغان بىرام ② رىۋايەتلىرىگە ئوخشاش مەلۇم سېھرىي كۈچكە ئىگە، دەپ قارايدۇ. سامىي ئەدەبىياتىدا ئورتاق

بولغان بۇنداق چېچىلاڭغۇ نەزمە شەكلىنىڭ 6 ـ ئەسىرىدىكى ئۇن بوغۇملۇق ياكى ئۇن ئىككى بوغۇملۇق شېئىر شەكىللىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. تەقلىد قىلىنغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن سامىي تىلىغا مەنسۇپ تىللارنىڭ قىلچە ئوخشاشلىقى يوق. «رەجەز» شەكلىنىڭ «قەسىدە» دە قوللىنىلىۋاتقان ۋەزىن قائىدىسىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشى — ئۇنى يېڭى ۋەزىن قائىدىسىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئايرىۋېتىش بولىدۇ. بۇنداق يېڭى ۋەزىن قائىدىسىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ئىلگىرى نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلار بولغانىدى. بىز يېڭى ۋەزىن قائىدىسىنىڭ «قەسىدە» دىن كېلىپ چىقمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەقلىق بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى «قەسىدە» دىن ئانچە ئىلگىرى ئەمەس.

دېمەك، «قەسىدە» شېئىرىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بۇ دەۋردە يېڭى ۋەزىن قائىدىسى دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۆلچەملىشىپ قالغان. بەلكى، «قەسىدە» شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ يېڭىچە جەلپ قىلىش كۈچىنى كۆرسىتەلىگەن. گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ يېڭى ساھەسىدە شاد ـ خۇراملىق ياكى تەنتەنىلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن؛ مەيلى دەسلەپكى ياكى ئاخىرقى مەزگىلدىكى «رەجەز» نەزمىلىرىنى ئۇنداق ئالغا ئىنتىلىش تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر «قەسىدە» نىڭ دۇنياغا كېلىشى «يېڭى ئاي شەكىللىك مۇنبەت زېمىن» ③ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دېيىشىدۇ. بىراق، بۇنداق قاراشتىكىلەرنىڭ پاكىتى تولۇق ئەمەس. مەيلى قانداق بولسۇن، يېڭى ۋەزىن شەكلى ئەرەب تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئىنتايىن باپ كېلىدۇ ۋە ماسلىشىدۇ. كېيىنكى بىرقانچە يىل ياكى بىرقانچە ئۇن

يېرىم ئارىلى، شىمالدا مېسوپوتامىيە، ھىجاز، نەجد⑩، ئاسىر⑪ چۆللۈكىدىن تاكى يەمەنگىچە بولغان، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە كېيىنكى ھالغا - تاڭ قالدۇرىدىغان شېئىرىيەت ماھارىتى مەيدانغا كېلىپ ھازىرغىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان ئىجادىي كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەرەب تىلىدىكى سۆز ھالەتلىرىنىڭ بىر خىللىقى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ يېڭى ۋەزىنگە قاراپ تەبىئىي تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى نەتىجىسىدە، بىرنەچچە مىسرا نەزمە ئىجاد قىلىش ئانچە قىيىن بولمىسىمۇ، لېكىن نەزمىنى ئاتمىش ياكى سەكسەن مىسراغا يەتكۈزۈش، جۈملىدىن بەدىئىيلىك جەھەتتە ئوخشاش سەۋىيىنى ساقلاپ قېلىش يۈكسەك ماھارەتنى تەلەپ قىلاتتى.

«قەسىدە» نىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈش، ئۆز قەبىلىسىنى مەدھىيىلەش، ئۆز رەقىبىنى ياكى ئۆزىگە قارشى بولغان تەشكىلاتنى مەسخىرە قىلىش ياكى مەلۇم بىر شەيئىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. شائىر ئاڭلىغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، نەزمە ئەۋجىگە چىقىشتىن ئىلگىرى، مۇقەددىمە شەكلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئەرەب تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەڭ قىزىقارلىقى ئادەتتە «ناسىپ» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددىمىدىن ئىبارەت⑫.

قەسىدە باشلىنىش بىلەنلا، شائىر ئۆزىنىڭ تۆگە مىنىپ، ئىككى دوستى بىلەن سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. يول ئۇزۇن، ئىگرى - توقاي بولۇپ، شائىرنىڭ ياكى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قەبىلىسى ئىلگىرى چېدىر تىككەن جايغا توختىدۇ. ئۇ يەردىكى خاراب ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىدۇ. شائىر بۇ يەردە دوستلىرىنى بىرئاز دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يىللار بۇرۇن بۇ يەردە ئۆز مەشۇقى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى، ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان سەرسانلىق ھاياتىنىڭ ئىزلىرىنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلىپ

تېزىتىشۋەتكەنلىكى، ئەمەلىكتە بۇ خارابىلىكتە پەقەت كېيىكلەرنىڭلا ئويناقتىن - بۇياققا چېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئەسلەيدۇ⑦.

توختاڭە كارۋان بۇ جايدا ئازغىنا يىغلاپ ئالاي!
يار جامالى، بارگاھلار كەلدى يادىمغا شۇئان.
كۆرۈنەر تاغىل - باياۋان، توختىماي سوقار بوران،
بولدى باقسام نامايان خارابىدىن ئەسلى ماكان.
ئاتىنىڭ تىزگىنىنى سىرىپ، بەردى تەسەللى دوستلىرىم.
«سەۋر - تاقەت ئەيلىگىز، ئارتۇقچە زارلاپ يىغلىماي»،
پەقەت كۆز يېشىم بولدى ئۇشبۇ تەسەللىگە جاۋاب،
سىڭدى قۇمغا قەترە - قەترە، تامچە ياش قانداق قىلاي⑧.

بۇ خىل مەزمۇندىكى نەزمىلەر شەھۋانىي نەزمە دەپ ئاتالماقتا، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ بىر خىل ئېچىنىشلىق مۇھەببەت ئەسلىمىسى بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى جۇدالىق ھەسرىتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت نەزمىسى - غەزەل بىلەن ئوخشاشلىقى ناھايىتى ئاز، غەزەلنى ھازىر غىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى نەزمىلەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ناگان - ناگاندا ئۇنىڭدىن شەھۋانىيلىقىقا ياتىدىغان مەلۇم تەسۋىرلەر چىقىپ قالغان ھالەتتىمۇ، ئۇنى «ناسىپ» - تىكى ئاساسىي مەزمۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. «ناسىپ»نىڭ «قەسىدە» دىكى رولى خۇددى تىلشۇناس ئىبنى قۇتەيبە ⑨ نىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى بېرىلىپ نەزمە ئاڭلايدىغان قىلىش» تىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ناسىپ» ئەنە شۇنداق يېڭى شەكىلدىكى مەدھىيە

نەزمە سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئىبنى سالام ⑪ ئىمرە ئۇلقەيس ⑪ نىڭ دالغ چىقارغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «قاقاس سەھرا» تېمىسىدىكى ئىجادىيەت ئىمرەئۇلقەيسكە مەنسۇپ» دەپ قارىغانىدى. بۇ گەپنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تېمىنىڭ ئەرەب شائىرلىرى ۋە ئاگلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئۇزاق مۇددەتلىك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. گەرچە ئاخىرقى مەزگىللەردە ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە «ناسىپ» شەكلى بارا ــ بارا قاتماللىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇنىڭ داۋاملىق تىلغا ئېلىنىشى، ئۇنىڭ ئاگلىغۇچىلار بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر مەشۇقى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپ بولۇپلا (مەشۇقى ئۆز قەبىلىسى بىلەن بىللە يېڭى ئوتلاق ئىزدەش ئۈچۈن كېتىدۇ) ساياھىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ، تۆگىسى بىلەن ئارغىمىقىنى داگلاپ كېتىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ نەزمىلىرى بىر نەچچە ئېغىز سۆزگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان ئاپتورنىڭ جىمىكى قىزغىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شائىر ئۆز ئۇلاقلىرىنىڭ ئۇزاق ۋە مۇشكۈل سەپەرلەردە نەقەدەر تېز ماڭغانلىقىنى ۋە نەقەدەر چىداملىق ئىكەنلىكىنى داگلايدۇ. ئۇلارنى قولان، تۆگە قۇشى ياكى بۆكەنگە ئوخشىتىدۇ؛ بۇ چاغدا تېما ھايۋانلار تۇرمۇشى ياكى ئوۋ مەنزىرىسىدىن ئىبارەت تەسىرلىك نەزمىگە كۆچىدۇ. (غەرب كىتابخانلىرى ئۈچۈن بۇ نەزمىلەر تولىمۇ قىزىقارلىق)، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقىدەك سىلىشتۇرۇشلارمۇ قېپقالىدۇ.

تۇرار بوي ـ قەددىنى رۇسلاپ ئاق سىيىر بەرقى ئىدىگدا،
ۋە يا يىپتىن چىچىلغان ئۇنچە ـ مەرۋايىت كەبى تەنھا،
يۇرۇپ كەتتى چۇچۇپ بىردىن، قەدەملەرنى بېسىپ
ئىلدام،
قارا تۇن پەردىسىنى يىرتىپ، سۇبھى يورۇغان چاغدا،
قالدى ئۇ ھاياتلىقنىڭ نىداسىدىن بولۇپ ھەيران.
رەقىبنى بىلدى كىم كۆرمەي تۇرۇپ كۆرگەن كەبى
ئەمما،
مۆكۈندى چۇشكىچە پىنھان، رەقىبدىن خاۋاتىرلەپ،
يىغلىدى ئۇۋچىلار ئاخىر، تاپاتتى ئۇنى تايغانلار.
مانا سالپاڭ قۇلاق تايغانمۇ كەلدى پايپىلاپ ئىزدەپ،
ئۇسمەككە تەق قىلىپ مۇگگۈز، ئۇمۇ راسلاندى چاققانلا،
بەئەينى بىر ـ بىرىگە قارشى كەلگەن ئىككى شەمشەردەك،
ئېلىشتى، ھال خەتەر، مۇندا يىغلىمەكلىك ئۆلۈم گويا،
نە چارە قىلغۇلۇق! چۇشتى غۇلاپ يەرگە خاساپ باشى،
ۋادەرىخا، سوزۇلدى ھەم سۇخەمنىڭ جەسىتى قاندا (12)

قائىدە بويىچە ئەنە شۇنداق مۇقەددىمىدىن كېيىنلا، نەزمىنىڭ ئەسلى تېمىسى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا شائىر ئۇستىلىق بىلەن تاللىۋالغان تەسۋىرلەر ئارقىلىق كۆگۈللۈك، باياشات قەبىلە تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، لەززەتلىك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان زىياپەتنى، قۇملۇقتىكى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان گۈلدۈرمامىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى جانلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. شائىر ياكى ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى ماختايدۇ، ياكى جەمەتىنى ماختاپ رەقىبىگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ ياكى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ دىيانەتلىك ئېسىل پەزىلىتىنى، ئۇرۇشتا

كۆرسەتكەن كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى كۆككە كۆتۈردى ۋە ياكى ۋەز - نەسىھەت خاراكتېرىدە، ئۈمىدسىزلىك بىلەن چۆل - جەزىرىلەرنىڭ مەنزىرىسىنى بايان قىلدى. دېمەك، «قەسىدە» - چىلەر شۇ يول بىلەن دەسلەپكى دەۋر نەزمە بايلىقىغا مەنسۇپ تېمىلارنى (مەرسىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت شەكلىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ كەلگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «قەسىدە» چى بىرنەچچە شائىر ئالاھىدە نام چىقارغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكى، يېرىم ئارالنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىدىكى سۇلەيىم مىللىتىدىن بولغان خەنسا [13]. خەنسانىڭ ئىنىسى شائىر مىلادى 615 - يىلدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ. خەنسا قۇربان بولغان ئىنىسىغا ھازا تۇتۇپ مەرسىيە ئوقۇپ، پۈتۈن يېرىم ئارالغا تونۇلىدۇ، كىشىلەر رىۋايەتلەردە ئۇنى ئوكاز [14] دا ئۆتكۈزۈلگەن نەزمە مۇسابىقىسىدە داڭلىق شائىرلاردىن قېلىشمىغان، دەپ تەرىپلىشىدۇ.

«قەسىدە» شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ تونۇلۇشى بىلەن تەڭ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئىككىنچى جەريان باشلاندى. ئۇ ئوخشاشلا ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر خىل ئەدەبىيات شەكلى بارلىققا كېلىپ، ئومۇملىشىپ، ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلىشىپ قالدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نەزمىلەرنى شائىرلار ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەرگە ئاتاپ يازغان دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ نەزمىلەر تېما ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردە چۇۋالچاق بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتقا بولغان ئىنكاسىنى ئەكس

ئەتتۇرۇشتىن باشقا رولى يوق ئىدى. كېيىنچە ئەھۋالدا ناھايىتى تېز ئۆزگىرىش بولدى. شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يېڭى شېئىرىيەت سەنئىتى تەرەققىياتى نەتىجىسىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەخسۇسلىشىشقا باشلىدى. كىشىلەردە دەسلەپ «شائىر» (ئويغاتقۇچى) غا قارىتا كونا ئۇقۇم ساقلانغان بولۇپ، شائىرلار سېھرىي كۈچكە ئىگە قاپىيىلەرنى ئىشلىتەلەيدىغانلار دەپ قارىلاتتى. شۇڭلاشقا، شائىرلار پەرىشتە ياكى جىن [15] دىن ئىلھام ئالىدۇ. دېيدىغان رىۋايەتلەر پەيدا بولغانىدى. كېيىنچە چوڭ شائىرلار ئۇرۇش ياكى باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار توغرىسىدا زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا قوشاق توقۇشنى باشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن نەزمە مۇسابىقىسىگە ياكى ھىراۋغەساندا [16] پادىشاھ ۋەزىرلەر ياكى باشقا خەلىپىلەر ئالدىدا نەزمە ئوقۇشقا تەييارلىنىدىغان بولدى. نەزمە مۇسابىقىسى ھەر يىلى مەلۇم مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلەتتى، بۇ چاغدا ھەرقايسى قەبىلىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ ئىبادەت قىلاتتى ياكى كەبە [17] نى تاۋاپ قىلاتتى. كەسپىنىڭ ھەرقاندىقى خېرىدارغا موھتاج، خېرىدارلارنىڭ تاۋارنى ماختىشى شائىرغا مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپلا قالماي، يەنە كالا پادىلىرى ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەر ئۇلارغا ماددىي مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىلەتتى.

نەزمە مۇسابىقىسى «قەسىدە» قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇملىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شائىرلار كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئۆز ھامىيلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشقاندىن بۆلەك، نەزمىنى ئاممىباب تېمىلار دائىرىسىگە قويۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈشى، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئوبرازلىق سۇژىتلار

ئارقىلىق ئۇلارنى جەلپ قىلىش، جۈملىدىن بۇنداق سوۋىتلار ئاڭلىغۇچىلارغا تونۇشلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى. نەزمىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقى ئەنە شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، شائىرلار شېئىرنى ئەركىن شاخلىتالمايتتى. ئاڭلىغۇچىلارغا ئەسرا بولمىغان، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ تېمىلار ئۈستىدە ئۆز ئىختىيارىچە توختىلالمايتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، بۇ نەزمە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتەتتى ـ دە، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالاتتى.

نەزمە ئىجادىيىتى بويىچە مەخسۇسلىشىشنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى «قەسىدە» نىڭ قېلىپلىشىشى بولدى. بۇ يېڭى كەسىپ «شاگىرتلىق» تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن پەيدا بولدى. بىر داڭلىق شائىرنىڭ بىر ـ ئىككى ياردەمچىسى بولاتتى. ئۇ راۋى (تارقاتقۇچى) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوبدان يادلىۋېلىپ، ئاندىن باشقىلارغا تارقىتاتتى. ئەسەر شۇ يول بىلەن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭغا ئاڭلىنىپ، ھەممە يەرگە تارقىلاتتى. مەلۇم بىر راۋى «قەسىدە» ئوقۇشنىڭ تېخنىكىلىق قائىدىلىرىنى ئىگىلىۋالالايدىغان بولسا، ئۇمۇ مۇستەقىل شائىر بولۇپ قالاتتى. لېكىن بۇنىڭدا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ستىخىيىلىكى مۇقەررەر تۈردە ئاجىزلىشىپ كېتىپ، ئاڭلىق سەنئەت بولالماي قالاتتى؛ تۆۋەندە بىر راۋىنى مىسال كەلتۈرىمىز. ئۇ بولسىمۇ ئەۋس ئىبنى ھەجەرنىڭ راۋىسى زۇھەير [18] بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى داڭقى ئۇستازىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئەرەب تىلشۇناسلىرى زۇھەير ۋە ئۇنىڭ ئېقىمىدىكىلەرنى «نەزمە قۇللىرى» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، ئۇلار «تۇغما شائىر» دېيىلگەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا ماھىر ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، راۋىلار كەسپىي نەزمە

تارقاتقۇچى تەبىقە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوقۇغۇدەك نۇرغۇن داستانلارغا ئىگە بولىدۇ. شېئىرىيەت يېزىق شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى 200 نەچچە يىلدا، شېئىر ئەنە شۇنداق تارقىتىش شەكلى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن. نۇرغۇن ھېكايىلەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە راۋىلار بايان قىلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بىر راۋى بىر قېتىمدىلا ئىككى مىڭ 900 كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇغان. بىراق، بۇ رىۋايەتلەرگە ئىشىنىش قىيىن. راۋىلار شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئەسلى ئەسەرنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، خاتاسىز ساقلاپ قالالامدۇ؟ بولۇپمۇ ئەرەب نەزمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئەركىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قىلچە چۈشۈرۈپ قويماسلىقى، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ قەدىمكى ئەرەب نەزمىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە شۇ چاغدىكى قەبىلىلەردىكى ئالاھىدە ۋەقەلەر ۋە كىشىلەر بايان قىلىناتتى، ئاڭلىغۇچىلار بۇ ۋەقە ۋە كىشىلەر بىلەن تونۇش بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى تولۇق چۈشىنەلەيتتى. كىشىلەر ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغاندا، مۇناسىۋەتلىك نەزمىلەر پەيدىنپەي يوقىلىپ كەتكەن ۋە ياكى باشقا ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ھەتتا ئۆزگەرتىلىپ ئاشۇ رىۋايەتلەرگە ماسلاشتۇرۇلغان. كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بەزى قارانىيەت، ھەسەتخور راۋىلار ئۆزىنىڭ ياكى نامسىز يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىمكى داڭلىق شائىرلارنىڭ ئەسىرى قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ، دەپ كىممۇ كاپالەتلىك قىلالىسۇن؟ 8 - ئەسىردىكى نەزمىلەرنى توپلىغان تىلشۇناسلار بۇنداق مەسىلىلەرنى سەزگەن. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى بولغان توپلىغۇچىلار ۋە ئوخشىمىغان ئېقىملارنىڭ ئۆزئارا ھۇجۇمىغا قاراپ، تارقىلىپ يۈرگەن قەدىمكى نەزمىلەرنىڭ راست ياكى

يالغانلىقىنى ئايرىپ چىققان. ھازىرقى زامان ئوبزورچىلىرىدىن بىرنەچچىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئاشۇنداق ئۆزئارا ھۇجۇم ۋە باشقا قىياسلارنى ئاساس قىلىپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ ھەنىۋاسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئىنكار قىلدى. لېكىن، بۇنداق باھا بېرىشتە، تەلەپ تولىمۇ قاتتىق بولۇپ كەتكەن. تۆۋەندە مۇنۇ ئەھۋالنى كۆرىمىز. 8 ـ ئەسىردىكى راۋىلارنىڭ قولىدا 7 ـ ئەسىردىكى ئەسلى ئەسەر بولۇپ، باشقا ماتېرىياللار بولمىسا، ئۇلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان داڭلىق نەزمىلەرنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟ بۇ نەزمىلەرنىڭ يەرلىك پۇرىقىنى ۋە ئاپتورنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى قانداقمۇ توقۇپ چىقىرالىسۇن؟ مەلۇم بىر شېئىرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ پاكىت تېپىش قىيىن بولسىمۇ، بىراق بىز 6 ـ ئەسىردىكى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان نەزمىلەرنىڭ يادرولۇق تەركىبىدىن گۇمانلانمايمىز، ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ نەزمە ئىجادىيىتى ۋە ماھارىتىگە دائىر تەقلىد بۇيۇملار بولۇپ، بۇ نەزمىلەر ئومۇمەن ئىشەنچلىك. گەرچە ئۇنىڭدا نۇرغۇن خاتالىقلار، تۈزىتىلگەن ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىلغان جايلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولسىمۇ، ناھايىتى نۇرغۇن نەزمە ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەقىقەتەن يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئاز دېگەندىمۇ شۇ دۆلەتلەردىكى ئوبزورچىلار ئەسىرلەردىن بۇيان قەدىرلەپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى نەزمىلەر مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولۇپ، كىشىگە مەزىسىز ۋە قوپ ـ قورۇق تۇيۇلىدۇ. بولۇپمۇ

تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندا، تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدا قۇملۇق ھاياتىنىڭ مەزىسىزلىكى قوپال ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ شېئىرلار كونكرېت، چىن بولسىمۇ ئۆزگىرىش ۋە ئىچكى باغلىنىشى كەمچىل. ئۇ چاغدىكى شائىرلار تامامەن دېگۈدەك مەلۇم تېما بىلەن چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ قۇرلارنى بېزەيتتى، گۈزەللىكى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە سۆزىنىڭ ئىخچاملىشى، تەسۋىرىنىڭ ئەينەنلىكى ۋە رېئاللىقى جەھەتتە ئۆز ئەجدادلىرى ياكى رەقىبلىرىدىن ئېشىپ كېتىشكە تىرىشاتتى. بۇنداق شېئىرنى باشقا ھەرقانداق تىلغا قانائەتلىنەرلىك قىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدا بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلىكتىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاز بولغاچقا، پۈتكۈل سەنئەت تەرجىمە قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىپادىلەش شەكلىگە كىرىپ قالغان.

مۇبادا، شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا شەكلىنى دورايتتى ياكى پۈتۈن زېھنى بىلەن قەستەن ئىجاد قىلاتتى دېيىلسە، خاتا بولىدۇ. نىرىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، داڭلىق «سەبئى مۇئەللىقەت» [19] نى كۆرۈپ باقايلى. يەتتە كۇپلېتلىق «ئالتۇن نەزمە» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ داڭلىق سەبئى مۇئەللەقەتنى 8- ئەسىردىكى بىر راۋى [20] تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى سەبئى مۇئەللەقەتتىن باشقا يەنە ئۈچ نەزمە قوشۇلغان. بۇ ئون نەزمىنىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى پېشىۋالارنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، ھەر بىر نەزمە ئاپتورىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى دەپ قەدىرلەنگەن. ئۇنىڭ بىرەرىمۇ يەنە بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرى زۇھەيرنىڭ قەسىدىسى. زۇھەيرنىڭ نەزمىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئىككى قەبىلە باشلىقىنىڭ ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆلۈم ماجىراسىنى

كىلىشتۈرگەنلىكى مەدھىيىلىنىدۇ؛ ئۇ دەۋر ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىگە بولۇپ، قوملۇقتىكى ئۈمىدسىز ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ جارچىسى سۈپىتىدە نام چىقارغان.

زۇھەيرنىڭ قەبىلىدىشى نابىغە [21] نىڭ ئىفرات دەرياسى بويىدىكى ئەرەب ھىرا پادىشاھىغا تەقدىم قىلغان نەزمىسى يېرىم قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى ئاقلاش بىلەن مەدھىيىنىڭ ئارىلاشمىسى، نابىغە ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئوردا شائىرى بولۇپ قېلىپ، ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ئوردا شائىرلىرىنىڭ تۇنجى ئۈلگىسىنى ياراتقان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى نەزمە تېخىمۇ بۇرۇن ئۆتكەن ھىرا پادىشاھىغا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى قەبىلە شائىرلىرىنىڭ قولىدىن چىققان. ئەمىر ئىبنى كۇلسۇم [22] سۈرىيە قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاگورىپ مىللىتىنىڭ جارچىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ شېئىرىنى قەسىدە دېگەندىن كۆرە، قەبىلە ئىختىيارىغا ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە داستانلارنىڭ بىرى دېيىش كېرەك.

ھىندى ئوغلى ئەي ئەمىر، نە خىيال، نە ئويى بىلەن؟
شۇم رەقىبكە بولۇشۇپ، بىزنى قارغايسەن ھەدەپ؟
ھىندى ئوغلى ئەي ئەمىر، نە خىيال نە ئويدا سەن؟
بىزدەك مۆمىن بەندىنى ئوققا يەم قىلدىڭ ئەجەب؟
بولدى بەس تەھدىتنى قوي، زورلاۋانلىق ھەددىڭ ئەمەس،
يا يېتىلدۇقمۇ ئاناڭغا قول بولغىلى ئۇشتۇپ قانات.
ئەي ئەمىر! بەربات قىلارمىز بولسا دۈشمەن بىھساب،
نەيزىلەر شەمشەر كەبى مەيداندا ھەر بىر قەۋمى زات.

نەزمە ئەسەبىيلەرچە ماختانچاقلىق بىلەن

ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ:

باشلىنىدۇق جەڭگە يۈرۈش، گۇم بولۇر ھەر بىر توساق،
ئۆلكىمىزدە بىزگە تەۋە كەڭ زېمىن، بارچە ھايات.
يەر كىچىكلىك ئەيلىدى بەك، مىڭ قوشۇنغا تار كېلىپ،
ئاڭلىغىن پەرمان دېگىن، كۆكسۈڭدە يەلكەن قاتمۇ قات.

ئىفرات دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى بەكىر مىللىتىدىن بولغان ھارىس ئىبنى ھىلىزا [23] كۈلسۈمنىڭ رەقىبى ئىدى. كۈلسۈمگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ مەيلى مۇبالىغە ياكى كىنايە جەھەتلەردە بولسۇن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىدا پەقەت پادىشاھ ئەمر ئىبنى ھىندىلا سەمىمىي مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ باشقا شېئىرلىرى ئاساسەن ئۆزىنى ماختايدىغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن ياكى شېئىرنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئوبزورچىلارنىڭ كۆپچىلىكى بىردەك ئىمرە ئۇلقەيسنىڭ مۇئەللەقەتلىرىنى ماختايدۇ. ئۇلقەيس ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى بىر خانلىق ھۆكۈمرانى ئىلكىدىكى ئالىقانات ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇسۇلمان مۇرىتلىرى ئۇنى «بىرىنچى بولۇپ دوزاخقا چۈشىدىغان شائىر» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ نەزمىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزىنى مەركەز قىلىش، تەبىئەت تەسۋىرى (جۈملىدىن چاقماق چېقىپ يامغۇر ياققان چاغدىكى گۈزەل مەنزىرە) ھەم مۇھەببەتكە بولغان سەمىمىيلىكنى ئىپادىلەش بىلەن مەشھۇر، بۇنداق ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشىنى ئەنتەرە [24] بىلەن بېكرىت تارافا [25] نىڭ نەزمىلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەنتەرە ئابۇس مىللىتىدىن بولۇپ، قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان قەھرىمان، ئۇنىڭ نەزمىلىرىدە

ئۆزىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمانلىقى كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ، تارافانىڭ نەزمىلىرىدە بولسا، ئۇنىڭ نار توگىسىنىڭ گۈزەللىكى ھەم سەپەر ئۈستىدىكى باتۇرلۇقى تەسۋىرلىنىدۇ.

مۇئەللەقەت ئاپتورلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككىسى لەبىد ® بىلەن ئەئشا ® بولۇپ، ئۇ ئىككىسى كەسپىي لىرىك شائىر. جۈملىدىن ئۇلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن شائىرلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ماھارەت ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە مۇقىملىققا ئىگە. لەبىد مەخسۇس ھابۋانلار تۇرمۇشىنى يازىدۇ. ئەئشا بولسا، ئۆزىنىڭ كونا مۇھەببىتى ۋە زىياپەتلەرنى ئەسلەيدۇ. ھەر ئىككىسى نەزمىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى ۋە ئۆز قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەدھىيلەشتىن خالىي بولالمايدۇ.

ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە يۈز «قەسىدە» ئازدۇر - كۆپتۇر تەكشۈرۈلۈپ ئىسپاتلاندى. ئۇن نەپەر مۇئەللەقەت ئاپتورى ۋە باشقا بىرنەچچە شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىن باشقا، مۇئەللەقەت بىلەن زاماندىش بولغان، تۈزگۈچى (تىلشۇناس ئەلمۇ فەززەل) نامىدا يېزىلغان «مۇفەززىلىيەت» («تاللانمىلار») دەپ ئاتالغان يەنە بىر توپلام بار. بۇ توپلام 120 داستان ۋە بىرنەچچە پارچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتورى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئانچە نامى چىقمىغان شائىر، بۇنىڭدىن باشقا ئانچە داڭلىق بولمىغان يەنە بىرنەچچە شېئىرلار توپلىمى بار. لېكىن، بىزنىڭ دىققەت نەزەرىمىز «قەسىدە» بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ تىپتىكى قەسىدىلەر ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى گۈللەنگەن دەۋرنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەيدۇ. ئۇ چاغدا «قەسىدە» بىلەن بىللە ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان قىسقا نەزمە، مەرسىيە ۋە ئىلھام نەزمىلىرى بار ئىدى. بۇ نەزمىلەر ۋەزنى

جەھەتتە «قەسىدە» گە ئوخشاش مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت تالانتىنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئامىل، بۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى تۈرلۈك پارچىلار توپلىمى ۋە بىروشۇرا شەكلىدە تارقىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى 9 - ئەسەردىكى مەشھۇر شائىر ئەبۇ تەممام تۈزگەن «دىۋان ھەمانە» دىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار توپلىمى رۈكات تەرىپىدىن تەسىرلىك نېمىس نەزمە شەكلىگە تەرجىمە قىلىنغان. جەمئىي ئون باب. بىرىنچى بابى ئۇزۇن، ئەسەرمۇ شۇ بابنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، شائىر بوھتەدى تەرىپىدىن شۇ نام بىلەن يەنە شېئىرلا توپلىمىسى ئىشلەنگەن. ئەبۇ لپەرەج ئىسپاھانى ( 767 - يىل ۋاپات بولغان ) نىڭ «شېئىرلار كىتابى» ( «كىتابى ئەغانى» ) غا يەنە قەدىمكى شېئىرلاردىن نۇرغۇن پارچىلار كىرگۈزۈلگەن. يىگىرمە توملۇق بۇ كاتتا ئەسەرگە يەنە بىرمۇنچە شائىرلار ۋە مۇزىكانتلارنىڭ تەرجىمھالى كىرگۈزۈلگەن، بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر بىلىملەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ كىتابتىن ئېلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەدىمكى نەزمىلەرنىڭ پارچىلىرى نۇرغۇن تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرى ۋە ساپ ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەبۇتەممامنىڭ «دىۋان ھەمانسە» سىنى ( ياكى سىرچارلىزلىيېرنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمە نۇسخىسىنى ) ئوقۇغان كىتابخانلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ، بۇ ئەسەرلەردىن تەبىئىيلىك، ئاممىۋى ئىدىيە، جۇشقۇنلۇق، ئىپتىدائىي گۈزەللىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىلھامبەخش كۈچكە ئىگە بولۇپ، شائىرلارنىڭ خاس ئۇسلۇبى،

دەۋر ئۇقۇمى ۋە غايىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ نەزمىلەرگە مۇشۇنداق كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئۇمۇمىيلىق بېغىشلىغان نەرسە نېمە؟ بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. ھازىرقى زامان ئەرەب ئوبزورچىلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ نەزمىلەرنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى رازى قىلالىغانلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قايناق ھېسسىياتى ۋە كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى ھەقىقى ۋە جانلىق سۈرەتلەنگەن». بۇ، شۇ ۋاقىت، شۇ جايدىكى خەلققە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، بۇ نەزمىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر. ئۇلاردا تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، تۇرمۇشتىنمۇ كەڭ بولغان ئوبراز يارىتىلغان. بۇنداق قايناق ھېسسىيات ۋە تەسۋىر مەزمۇن ھەم ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تامامەن غايىلەشتۈرۈلگەن، مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ نەزمىلەردە ئەرەبلەر خۇددى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ناھايىتىمۇ دادىل، قەھرىمان، خۇش خۇي كۆرسىتىلگەن: ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، غايىلەشتۈرۈلگەن بۇ ئوبرازلار مول، جاراڭلىق ۋە تەسىرلىك ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن، شۇنىڭدەك كۈچلۈك رىتىم ۋە تەكرار ۋەزىن ئارقىلىق نەزمىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش ئۈنۈمى كۈچەيتىپ بېرىلگەن.

بىراق، شائىرنىڭ تىل ماھارىتى ۋە سۇژىتىنىڭ جانلىق، تەبىئىي بولۇشى تەكىتلەنگەندە، بۇ سۇژىتلارغا قانداق چىرايلىق تەمسىل ۋە سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كىشىنىڭ ئاساسىي ئامىلىغا سەل قارىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي ئىنكاسىنى قوزغاپ، نەزمىنى ئۆزى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى

دىئالوگقا ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنى مۇشۇ دىئالوگلار ئارقىلىق مىسرالاردىكى بېشارەت ۋە ئىستىئارىلەرنى ھوشيارلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ، شائىر سۈرەتلەۋاتقان ئوبزور ۋە يۈرەك ساداسىنى خۇددى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتى كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى مەدھىيە نەزمىلىرىنىڭ ھەرقاندىقى نابىغەنىڭ ئاشىقى ئوردانىيىدىكى غەسسانىنىڭ شاھزادىسى مەدھىيىلەنگەن مۇنۇ بىر كۇپلېت نەزمىگە يەتمەيدۇ.

بولدى شەمشەرلەر پۇچۇق، ساۋۇت تۆشۈك جەڭلەر ئارا،
بۇندىن ئۆزگە بىر قۇسۇر مۇمكىن ئەمەس تاپماق يانا.

يەنە بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىيسى بولغان ھىرا پادىشاھىنى باشقىچە بىر شەكىلدە مەدھىيىلىگەن:

ياق! ئەمەس ئىفرات سۈيىنىڭ تاشقىنى ئۆركەشلىگەن،
قاشنى باسقان بۇژغۇنى دەريا سۈيىنىڭ سەكرىگەن.
شاۋقۇنلاپ ئاقتى ئېقىنلار، تۇشمۇ تۇشتىن جەم بولۇپ،
چېلىقار باقساڭ يانا شاخ ـ شۇمبا، چۆپلەر لەيلىگەن.
چىڭ تۇتۇپ تۇردى پالاقنى ساراسىمىدە كېمىچى،
كۆزلىگەن مەنزىلگە ئۇردى شۇنچە ھارغانى بىلەن.
ھېچ كىشى يەتمەس ئاڭا چەكسىز پەزىلەت تۆھپىدە،
بولسىمۇ مۇشكۇل ـ مالاقەت، ئەرتە ئول ماڭغاي تېمەن.

بۇ بىر خىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى رىئاللىقنى يېزىش ئۇسۇلى، شائىر تىلىنىڭ نەسرىي ئەسەر تىلىدىن

شېئىرىيەت تىلىغا ئايلىنالىشى ھەم ھازىر غىچە بىزدە گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قوزغىتالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلاردا رېئاللىق يېزىلغان، ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەر بىلەن تۇرمۇش ئارزۇ - ئۈستىكى غايىلەشتۇرۇلگەن، جۇملىدىن ئوبراز ۋە ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئاگلىغۇچىلارنىڭ جۇشنىش ئىقتىدارىغا ئىلھام بېرىلگەن، شۇنداق بولغاندا، ئاندىن شائىرنىڭ تىل سەنئىتى جەھەتتىكى ماھارىتىنىڭ ئۇنۇمىنى ھەقىقى كۆچەيتكىلى بولىدۇ. بىز ئەرەب تىلىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ تۆۋەندىكى نەزمىدىكى بىر، قاتار ئوخشىتىشلارنىڭ مەنىسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان چارۋىچىلارنى قانداق ھاياجانلاندۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ھۆسىن جامالى ئەسىر قىلدى دىلىمنى تاڭ سەھەر،
يالت ئېتىپ سەدەپ چىشى، كالپۇكلىرى تۆكتى لەھەل.
ئېشىپ چۇشتى شېرىن ھەسەل لەززىتىدىن سۆيگىنى،
مۇشكىگە ئەتتار ۞ خېرىدار دەپ يەنە كەلدى خەۋەر.
ياردۇ خۇش بۇي ھىدى ھەتتا دىماغنى يارنىڭ،
دىلرەبا كەلسە يېنىمغا لەيلىزار يەگلىغ ئەگەر.
تامچىغان يامغۇر بىلەن بوستان كۆتۈردى يەر بېسىپ،
مىسلى جام گۈلى بەرگى ئۇندا تامچە يامغۇر مىسلى زەر.
ئەۋرىشىم ئاقتى چىمەننىڭ قوينىدا سۇ يالتىراپ،
گۈل ئارا شەربەت ئېچىپ بال ھەرىسى يايراپ يۇرەر.
شەربىتىن ئىچمەك نېسىپ بولۇر قاي كۇن بىلمىدىم
مەشۇقۇڭ مەيخور كەبى جامىڭنى بويلاپ تەلمۈرەر ۞

شائىرنىڭ خاسلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇن، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش ۋە ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئوبزور چىلىرىنىڭ بۇ ئىشنى قىلالىشى قىيىن ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرىراق سەۋىيىدىكى ئەرەب لىرىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇبيېكتىپ بولۇپ، پەقەت ئۇسلۇب ۋە دەرىجە جەھەتتىلا ئانچە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭچە، ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشىغا ئىگە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ نەرسە تېخىمۇ ئوچۇق؛ شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، بۇنداق ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشى قاراقچى شائىرلار ياكى قانۇنسىز شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئەكس ئەتتى. بۇ جەھەتتە داڭلىق شائىرلاردىن تەئەببەت شەررا ⑳ بىلەن ئەششانفارا ㉑ نى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. تەئەببەت شەررانىڭ جانغا تېگىدىغان پارچىسى — «قىساس ناخشىسى» ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق نەزمىلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك ئەرەب نەزمىلىرى ئىچىدە دائىم چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدىغان نەزمىلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر نەزمىسىدىمۇ ئۆز غايىسىنى كەسكىن ۋە ئېنىق سۈرەتلەيدۇ:

شاد ـ خۇرام ئەمەس كۆڭۈللەر ياكى ھەسرەتلىك
ئەمەس،
قوت: بالا يەتكەندە باشقا يوشۇرۇپ سۆز ئۇندىمەس.
قانچىلىك زوقى ئۇمىدلەر، قانچىلىك كۈچ سەرپ ئېتىپ،
ئۇشبۇ ئالەم سەيلىگە قىلدۇق مانا شۇنداق ھەۋەس.
چاشكىدا چۆللۈكتە بولساق، ئۆلكىدە گۈگۈم چېغى،
خۇددى قولاندەك مىڭ قىيا تاغلار ئارا ئالدۇق نەپەس.
توختىماي باستۇق يەنە ئالغا قاراپ، ئالماي ئارام
قالدى ھەتتا چاڭ ـ قويۇنلار تەڭ يۈرەلمەي بىر قەپەس.

كۆزنى ھارغىنلىق بېسىپ تۇرغان بىلەن سەگەك كۆڭۈل ،
ئۇرغىلى ياۋ كۆكسىگە خەنجەر تۇرۇپتىمىز پەخەس .

ئەششەنفارانىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە « ل » ( لام ) قاپىيىسى بىلەن يېزىلغان « لامىيەت ئەرەب » ناملىق داستانى تېخىمۇ تەسىرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەر شائىرنىڭ توغرا كۆزىتىشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئىنتايىن پۇختا سۆزلەر بىلەن يىغىنچاق ئىپادىلەپ بېرىدۇ . ئەسەر مەغرۇر قەبىلە ۋە ئەركە شائىرلارغا خاس ھەجۋىلىك ، قايغۇ ـ ئەلەملىك ، چۈشكۈنلۈك ، دەھشەتلىك غەزەپ ـ نەپرەت ۋە كىنايىلەر بىلەن تولغان .

لېكىن ، « قەسىدە » چى شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى مۇجمەل شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىگەن . ئۇلار بۇ كەسپىنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەنلا قالماستىن ، ئاشۇ چەكلىمىلەر ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش شەكلىگە ماسلىشىشى لازىم ئىدى . ئۇنىڭدىن چەتلەپ ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىشى بويىچىلا ئىجاد قىلالمايتتى . شۇنداقتىمۇ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن تەسۋىرى ۋە قوشۇمچە سۆزتلارنى خۇددى شۇ ئىشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندەك قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشقان ؛ ئۇلارنىڭ بۇ قائىدىدىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ ، لېكىن ۋەقەلىكنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ، رېئاللىقنى يېزىش دەرىجىسى ، غايىۋىلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن قارىغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن بۇ قائىدىلەرنى يېڭى ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە قىلغان . مەسىلەن ، ئىمرۇئۇلقەيسىنىڭ تەسۋىرىدىكى بورانلىق يامغۇرنى ئالدىغان بولساق ، ئۇنىڭ تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلىشىنىڭ قانچىلىك تەبىئىي ۋە ئەينەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پەقەت

ئاپتورنىڭ كۆزنىتىشى بويىچىلا ئىپادىلەنگەن. تەسىراتنىڭ يىغىنچاقلىنىشى خۇددى رەسسامنىڭ رەسىم سىزىشىغا ئوخشاش، تامامەن ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن بولىدۇ. لېكىن، ئاشۇنداق تۇتۇق سۇبيېكتىپ ئىدىيىمۇ بەزىدە نۇرغۇن «قەسىدە» لەردىن ئوڭايلىقچە تېپىلمايدۇ. خاسلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، بەزىدە بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرخىل ئۆلۈك مەشق، كۆپ بولغاندىمۇ، ئەپچىللىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان يالغان ئەدەبىي يادىكارلىق دەپ قارالغانلىقىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ.

بىراق، بىز يەنە بىرخىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم. ئۇ بولسىمۇ، ئاڭلىغۇچىلاردا تەبىئىي، ئۆزىگە خاس گۈزەللىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلالمىسا، بۇ تېپتىكى بەدىئىي نەزمىلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاڭلىغۇچىلار بىلەن شائىرلار ئوتتۇرىسىدا، تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە خۇپىيانە كېلىشىش ماھارىتىنى پەيدا قىلالمىسا، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۆز تاللاشتىكى ماھىرلىق تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ يۈكسەك سەنئىتى بولۇپ كەلمەكتە، ئۇلار سۆزنىڭ توسۇۋالغۇسىز دەرىجىدىكى ئىلھامبەخش قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ۋەھالەنكى، چەكسىز باي ئەرەب تىلى — ئۇلارنىڭ غۇرۇر بۇلىقى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەر ئارىسىدا يېزىق ئۆزىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكىدەك مەلۇم سىرلىق، ئەقىل يەتمەيدىغان قۇدرىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ؛ ئەگەر بىر كىشى مۇكەممەل، نەپىس جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولسا، تەسىرلىك، جانلىق ئوخشىتىشلارنى قوللىنىپ ئاڭلىغۇچىلارنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان بولسا، ئۇ سەنئەتچى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قەبىلە شۆھرىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى، دۈشمەنگە زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك

قورالى ، دەپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى . قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش
جەڭ مەيدانىدىمۇ بولاتتى . لېكىن ، كۆپىنچە ئىككى تەرەپ
شائىرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بولاتتى . بۇنداق ئادەتنىڭ يىلتىزى
شۇنداق چوڭقۇر ئىدىكى ، ھەتتا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىمۇ
ئادەتتە شائىرلارنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدا ، مەدىنىدە يەنىلا بۇ ئادەتكە بويسۇنغانىدى .

شېئىرىيەت سەنئىتى ئەنە شۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ
قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ، « قەسىدە » چىلەر ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرغىچە
ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىشكە
بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇلار تىل ۋە گۈزەللىك جەھەتتە
قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق ئەرەب شېئىرىيىتىنى قېلىپقا
سالالىغۇدەك ( يەنە نۇرغۇن نەسرىي ئەسەرلەرمۇ بار ) ئۆلچەملەرنى
بەلگىلەش بىلەنلا قالماستىن ، يەنە بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنىمۇ
ئورۇنلىدى . بۇنى كېيىنكى تىلشۇناسلار ، شېئىرىيەت ئەرەبلەرنىڭ
خاتىرىسى ، ئۆتمۈشتىكى ئورتاق ئەسلىمىلەرنى ساقلاپ قېلىپ ،
ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھازىرقى رېئاللىقنى
ئۈزۈلمەي داۋام قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ، دەپ قارىدى ،
مەدھىيىلەش ۋە مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ
تېمىدا ، شائىرلار ئەخلاقى سېلىشتۇرما بىلەن مەنىۋى چەكلىمىنى
كەڭ تەشەببۇس قىلىپ ، كوللېكتىپنىڭ ھاياتىنى باشقۇرغان ۋە
قوغدىغانىدى . ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئىسلامىيەتتىن
بۇرۇنقى دەۋردە ئۆتكەن شائىرلار قەبىلە ئەخلاقىنىڭ ئالىي
ئۆلچىمىنى ئىپادىلىگەن ( ھەتتا بەلگىلىگەن ) . جۈملىدىن ،
بەدەۋىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ، ياۋايىراق تۇرمۇشى ۋە مۇھىتىغا چېقىلىپ
قويۇشتىن ئالاھىدە ساقلانغان .

لېكىن ، بىز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە

بەدۆلەردىن سىرت ، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم . مەيلى ھىجاز رايونىدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، يەھۇدىلىشىپ كەتكەن قەبىلىلەردە بولسۇن ، ياكى باشقا كەنتلەر ۋە شەھەرلەردە بولسۇن ، ھەممىلا يەردە ئۇلارنىڭ ئۆز شائىرلىرى بار ئىدى . بىز ھىرانىڭ ئۆزىدىلا بەزى دىنىي مەزمۇندىكى نەزمىلەر ۋە مەي نەزمىلىرىنى ئۇچرىتىمىز . كېيىنكىسىنىڭ 7 ـ ئەسىردىكى ئەرەب شېئىرىيىتىگە بولغان تەسىرى خېلى زور بولغان . لېكىن ، ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ نەزمىلىرى ناچارراق ، دەپ ھېسابلانغاچقا ، تارقالغانلىرى ناھايىتى ئاز بولغان .

ئاخىرقى بىر نۇقتا ، شائىرلارنىڭ مەدەنىيەتكە قوشقان ئەڭ زور تۆھپىسى شۇ بولدىكى ، ئۇلار ئەرەب بەدىئىي تىلىنىڭ ئورتاق ئۆلچىمىنى ياراتتى . بۇ ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى ، قورال سۈپىتىدە تار قەبىلە دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئەرەبلەرنى غەيرىي ئەرەبلەردىن ياكى سىرتتىن كەلگەن ئاھالىلەردىن روشەن دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈپ ، ئەرەب مىللىتىنىڭ يېڭى ئىدىئولوگىيىسى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى . گەرچە شائىرلارنىڭ بۇنداق يېڭى ئاڭنى ئاڭلىق يوسۇندا تارقاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ خىل يېڭى مىللىي ئاڭنىڭ ئۈچقۇنلا بولىدىغان بولسا ، ئۇنى لاۋۇلدىتىپ ياندۇرۇش مۇمكىن . بۇ ئۈچقۇن ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ياندۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇ بىردىنلا جۇش ئۇرۇپ ، ئۆزىنى نامايان قىلىپ ، ھەرقايسى شەھەرلەردە قەبىلە جەمئىيىتىدە تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان غايەت زور تەشكىلىي كۈچ ئارقىلىق ئۇيۇشۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى .

ئىزاھاتلار :

① بىر خىل ئۇسسۇللۇق ناخشا مۇزىكىسى .

② بۇ رىۋايەت «تەۋرات» تىكى مۇسانىڭ بەش نومىدا بايان قىلىنغان: بىر كۈنى پادىشاھ رەمال بىرامنى يەھۇدىلەرنى ھاقارەتلەشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا، ئېشىكى ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. بىرام ئېشىكىگە رەھمەت ئېيتىپ يەھۇدىلەرنى ھاقارەتلەشكە بارمايدۇ.

③ بۇ سۆز يۇنان تىلىنىڭ ئاھالە تەرجىمىسى، «دەريا ئوتتۇرىسى»، «ئىككى دەريا ۋادىسى» دېگەن مەنىدە. ئەرەب تىلىدا بولسا «يېڭى ئاي شەكىللىك مۇنبەت زېمىن» دېيىلىدۇ. ئۇ تىگرىس دەرياسى بىلەن ئىفرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا – تۆۋەن قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئاسەن سۈرىيىنىڭ شەرقى ۋە ئىراق زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئېگىزلىكلەر شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

⑤ ئاسىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، غەربىي قىزىل دېڭىز، جەنۇبىي ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ.

⑥ «ناسىپ» لىرىكىلىق، قايغۇلۇق شېئىر دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە «قەسىدە» نىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

⑦ كىراكوۋسكىنىڭ «شەرق» ناملىق كىتابىنىڭ 4 – توم 101 – بېتىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى — ئاپتور.

⑧ بۇ. كىرىستون قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان ئىمرە ئۇلقەيسنىڭ مۇئەللەقاتىدىن تەرجىمە قىلىندى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

⑨ ئىبنى قۇتەيبە ( 828 — 889 ) — كۇفەدە تۇغۇلغان. پارس ئەۋلادى. ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر مائارىپچىسى، تارىخشۇناسى، ئەدەبىياتچىسى ۋە تىلشۇناسى. ئۇنىڭ «شېئىر ۋە شائىر»، «ئەدىبنىڭ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

⑩ ئىبنى سالام ( 774 — 838 ) — ئىسلامىيەتكە دائىر پەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ چوڭ بىر لۇغەت تۈزۈپ چىققان.

⑪ ئىمرە ئۇلقەيس ( 500 — 540 ) — ئوردىدا تۇغۇلغان، «سەبئى مۇئەللەقەت» نىڭ ئىجادچىسى.

⑫ بىرون تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىدا ئەسلى شېئىرنىڭ بەزى مىسرالىرى قىسقارتىۋېتىلگەن.

⑬ خەنسا ( ؟ 557 — ؟ 884 ) — ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئايال شائىر.

⑭ ئوكاز — تائىفنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرىدە جەنۇب ۋە شىمالدىكى بەش چوڭ بازار ( ئوكاز، ئومان، ئەدەن، سانا، ھەزرە مەۋت ) نىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى. ئۇ بارا – بارا راۋاجلىنىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. ھىجرىيىنىڭ ھەر يىلقى 11 – ئېيىدا ھەرقايسى قەبىلىلەر بۇ يەرگە يىغىلىپ يىگىرمە كۈن تاماشا قىلاتتى. شائىرلار بۇ

يىغىلمىشلاردا ئۆز ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. مەشھۇر شائىرلارغا باھا بېرەتتى.

⑮ بەدۆيلەر چۆل جىنى ـ ئالۋاستىسى دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ياۋۇز، جاھىلىق نەرسىلەر بىلەن تولغان دەپ قارىغان. ئۇلار جىن بىلەن روھقا پەرقلىق قاراپ، روھ كىشىگە دوست، جىن بولسا دۈشمەن دەپ ھېسابلايتتى.

⑯ ھىرا — قەدىمكى شەھەر ئىسمى، ئىراقتىكى ناجىق بىلەن كوفەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ھىرا پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. ھىرا پادشاھلىقى ئىفرات دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، ئىرانغا قارايتتى. غەسسان پادشاھلىقى ئەرەبىستاندىكى قەدىمكى يەمەنلىكلەرنىڭ ئەۋلادى سۈرىيىدە قۇرغان پادشاھلىق بولۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قارمىقىدا ئىدى. ئۇ دائىم ھىرا پادشاھلىقى بىلەن سوقۇشۇپ تۇراتتى.

⑰ مەككىدىكى «كەبە» — ئەرەبلەر ئىبادەت قىلىدىغان قەدىمكى جاي. ئەرەبچە «كىمچىپ» دەپ يېزىلىدۇ. كەبە «ئالتە يۈزجەك» بىنا دېگەن سۆز بولۇپ، قەدىمكى زاماندا ئەرەبلەرنىڭ ئايدۇللاجانغا ئاشتىن سېلىپ بەرگەن ئۆيى ئىدى. ئىسلام دىنىدىكى جۇگگولۇقلار ئۇنى «بەيتۇللا» («خۇدانىڭ ئۆيى») دەپ ئاتايدۇ.

⑱ زۇھەير ئىبنى ئەبۇ سۇلما (530 — 627) — «سەبئى مۇئەللەقەت» نىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى. ئەۋس ئىبنى ھەجەر زۇھەيرنىڭ ئۆگەي دادىسى.

⑲ «سەبئى مۇئەللەقەت» نىڭ خەت مەنىسى «ئېسىپ قويۇش» دېگەن سۆز. ئەمما، بۇ ھەقتە تېخى قانائەتلىنەرلىك ئىزاھ يوق. كېيىن ئېيتىلىشىچە، بۇ نەزمىلەر ئوكاز بازىرىدىكى نەزمە مۇسابىقىسىدە تاللانغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ھەل بىلەن يېزىلىپ مەككىدىكى «كەبە» گە ئېسىپ قويۇلغان — ئاپتور.

⑳ بۇ راۋىنىڭ ئىسمى ھامىد (772 ـ يىل ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئېيتىلىشىچە ئۇ بەدۆيلەرنىڭ ھەرخىل يەرلىك شېۋىسىگە ئۇستا ئىكەن. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرى، ئىسلامىيەت دەۋرى ۋە جاھالەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تەۋە ئۇزۇنشقا دائىر نۇرغۇن شېئىرلارنى ياد بىلىدىكەن.

㉑ نابىغە (تەخمىنەن ? — 604) — ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرىدىكى داڭلىق شائىرى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئاقلاش» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار.

㉒ ئەمىر ئىبنى كۇلسۇم (مىلادى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان) — «سەبئى مۇئەللەقەت» ئاپتورلىرىنىڭ بىرى.

㉓ ھارىس ئىبنى ھىلىزا — 6 ـ ئەسىردە، ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرىدە

ئۆتكەن مەشھۇر شائىرى بولۇپ ، « سەبئى مۇئەللەقات » ئاپتورلىرىنىڭ بىرى .

(24) تولۇق ئىسمى ئەنتەرە ئىبنى شەدداد ئابباس ( 552 — 616 ) — « سەبئى مۇئەللەقات » ئاپتورلىرىنىڭ بىرى .

(25) بېكرىت تارافا ( 543 — 569 ) — ھەجۋىي شېئىر يازغۇچى شائىر ، « سەبئى مۇئەللەقات » ئاپتورلىرىنىڭ بىرى .

(26) تولۇق ئىسمى لەبىد لابىر ( 530 — 629 ) — « سەبئى مۇئەللەقات » ئاپتورلىرىنىڭ بىرى .

(27) ئەئشا ( ؟ — 629 ) — « سەبئى مۇئەللەقات » ئاپتورلىرىنىڭ بىرى .

(28) مۇشك — ئىپار : ئەتتار — ئىپار ساتقۇچى .

(29) « قومۇش غەزەللىرى » دىگى « ئەنتەرە قىسسىسى » دىن ئېلىندى — ئاپتور .

(30) تەئەببەت شەررا ( تەخمىنەن ؟ — 530 ) — ئەرەبلەرنىڭ جاھالەت دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق سەرگەردان شائىرى . ئەسلى ئىسمى سابىت ئىبنى جابىر سۇفنىيە پەخمى . ئۇ دائىم قىلىچ ئېسىپ چىقىپ كېتىپ ، ساياھەت قىلاتتى . بەزىلەر ئۇنىڭ ئانىسىدىن پەخمىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىسا ، ئانىسى : « بىلمەيمەن . ئۇ تەئەببەت شەررا ( بالايى — ئاپەت ) نى ئېسىپ چىقىپ كەتتى » دەيتتى . شۇڭا ، كېيىنكىلەر ئۇنى تەئەببەت شەررا دەپ ئاتىۋالغان ( تەممامىنىڭ « دىۋان ھەمانە » سىدىن ) .

(31) ئەششەنفارا — 6 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن سەرگەردان شائىر .

# 4 _ باب

## تەرەققىيات دەۋرى

(مىلادى 622 ــ ، 750 - يىللار)

شائىرلارنىڭ چارۋىچىلارغا بەرگەن تەسىرى شەھەرلەردىمۇ ئۇجابىي تەسىر كۆرسەتتى ، بىراق ئۇنىڭ شەكلى ئوخشاش ئەمەس ئىدى . شەھەر ئاھالىلىرى گەرچە ئىپتىدائىي قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ، بولۇپمۇ جەنۇب بىلەن شىمالىي ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسى ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەنىدى . ھىجاز بىلەن نەجددىكى سودا مەركەزلىرى خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ يېرىم ئارالغا كىرىشىدىكى تەبىئىي بازا بولۇپ قالدى . خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدى دىنىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئۇلارنىڭ مەدەنىي دۇنيا بىلەن يېقىنلاشقاندىن كېيىنكى تەسىراتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى . مەككىنىڭ ھەمشىرە شەھىرى بولغان تائىفتا دۇنياغا كەلگەن ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسسەلت ① نىڭ نەزمىلىرىدە ( قىسمەنلىرى گۇمانلىق بولسىمۇ ) ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ بىمەنە ھاياتى ۋە خۇراپاتلىقىغا بولغان نارازىلىقى بايان قىلىنغان .

نەجدىكى مەھەللىلەر ئەرەب ئەدەبىياتىغا قىسمەن ۋاستىلىك تەسىر كۆرسەتتى . مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان سودىگەر ، ئاقسۆڭەك مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللانىڭ تەلىمى بىلەن ئىسلاھات ھەرىكىتى پارتلىدى . مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ

تەرجىمىھالى ھەققىدە رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ. لېكىن، ئۇنىڭ دىن تارقىتىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىزلىرىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. مۇھەممەد پەيغەمبەر بالىلىق دەۋرىنى كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن؛ ياش ۋاقتىدا كارۋانلار بىلەن سۇرىيىگە بارغان. ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا ئۇزاققىچە ئىخلاس بىلەن چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ئەتىكاپتا ئولتۇرغان. ئاخىرىدا، ئىستىقامەت قىلىش بىلەن تاپقان ئېتىقادى — ئاللاغا سېغىنىش، سەلتەنەتلىك خۇدانىڭ بەرھەق، بىر ئىكەنلىكىنى ۋە مەھشەرگاھى قىيامەتنىڭ جازاسى، توغرىسىدا ئۆز قېرىنداشلىرىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر، دەپ قارىغان ھەمدە بۇ مۇقەددەس ئەقىدىلەرگە كىمكى خىلاپلىق قىلىدىكەن، ۋەيلۇن دوزاخقا تاشلىنىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ ئون يىل تەۋرەنمەي كۆرەش قىلىپ، ئاز ساندىكى مۇخلىسلارنى قولغا كەلتۈرگەن، بىر قېتىم ئۇ يەسرىبدىكى بىر ئاداۋەتنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. تاسادىپىي ئوڭدىن كەلگەن بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىشنىڭ يېڭى زېمىنىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مىلادىنىڭ 622 - يىلى [2] مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى جەمئىيىتى دەپ ئاتالغان بۇ يېڭى ئەسىردە، مۇھەممەد پەيغەمبەر نۇرغۇن مۇخلىسلىرىنى باشلاپ يەسرىبقا كۆچۈپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي مەدىنەئى نابى [3] (پەيغەمبەر شەھىرى) دەپ ئاتالغان. ئۇ كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى سەككىز يىل ئىچىدە مەككە ۋە يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەدۋىلەر قەبىلىسى بىلەن داۋاملىق كۆرەش قىلدى. ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئۆزىگە بويسۇندۇردى. مىلادى 630 - يىلى ئاخىر مەككە تەسلىم بولدى. مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ ئەرەبىستاننىڭ غەربىدىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملەندى. يېرىم

ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر مەدىنىگە يىغىلىپ، ياكى ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ياكى قەبىلە كۆرىشىدە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئەسلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەتلەپ «قۇرئان» نى تۈزۈپ چىقتى. «قۇرئان» نىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا قارىتا ئەزەلدىن ھېچ كىشىدە چوڭراق گۇمان بولغىنى يوق. قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى قويۇپ تۇرۇپ، رەتلىنىشىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىدىلا ئۇنىڭ چىنلىقى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلىنىدۇ. ئاساسەن باغلىنىپ كېتىدىغان ئايرىم سۈرىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ چېچىلاڭغۇ سۈرىلىرىنى يىللار بويىچە ياكى مەزمۇن بويىچە رەتلەپ چىقىش ئۈستىدە ھېچ كىشى باش قاتۇرۇپ باققىنى يوق. شۇڭا بىر سۈرە ئىچىدىكى بالدۇرقى ياكى كېيىنكى ئايەتلەردە ئەخلاق جەھەتتىكى ئەقىدىلەر بىلەن قانۇن جەھەتتىكى ماددىلار ئارىلىشىپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار ۋە غەرب ئالىملىرى «قۇرئان» نىڭ ھەرقايسى سۈرىلىرىنىڭ تۈزۈلگەن يىل تەرتىپىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈستىدە ئويلانماقتا، ھازىر ئۇنى قايتىدىن خېلىلا توغرا رەتلەپ چىقىش ئىمكانىيىتى بار. مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، «قۇرئان» جەبرائىل ئارقىلىق ئاللا تەرىپىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرگە جۈملىمۇ جۈملە ئەۋەتىلگەن ۋەھيي ئۇلار: «قۇرئان» ئايەتلىرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك پەرقى يوق، شۇنداقلا سۆز تاللاش ۋە ئەقىدە جەھەتلەردە مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارايدۇ. لېكىن، غەرب ئالىملىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى كۆرۈپ يەتتى ۋە قىزىقارلىق ھالدا، قۇرئاننىڭ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كىشىنى جەلپ قىلارلىق

خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دىنىي مەقسىتىنىڭ قانداق قىلىپ تەدرىجىي ھالدا يېڭى بىر دىن بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى بىلدى.

«قۇرئان» نىڭ باش قىسىملىرىنى ئوقۇغاندا، كىتابخانلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ شۇ چاغلاردا بارلىق ئامالالار بىلەن ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ پىشقان ناتىق بولمىغاچقا، كىشىلەرگە يېڭى يول كۆرسىتىشتە، ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى يارىتىشقا موھتاج ئىدى. ئەدەبىي ئىقتىدار ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. لېكىن، «قۇرئان» دا ئىلاھىيەتشۇناسلىق ياكى پەلسەپىگە دائىر ئۇقۇملار سىمۋول خاراكتېرلىك ۋەقەلىك ۋە تەسۋىر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. «قۇرئان» دا ئايەتلەرنىڭ تۈرىمۇ ئوخشاشلا مۇشكۈل مەسىلە، شائىرلار ياراتقان ئۆرتاق ئەرەب تىلى ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىجادىي تىل قورالى بىلەن تەمىنلىگەنىدى ۋە ئۇ ئاللىقاچان ناتىقلار تەرىپىدىن ئەمەلىيەتتە قوللىنىلغانىدى. ئىستىلىستىكا جەھەتتە كەلسەك، شائىرلار ئىزلەنگەن ئىخچام ئەدەبىي شەكىلنىڭ ئۆرنىنى نەسبەتەن چېچىلاڭغۇ، ئەزمە بايانلار ئىگىلىدى. بۇ خىل شەكىلدە، سۆز ـ جۈملىلەر ئارىسىدىكى تەكەپپۇرلۇق، قۇرۇلما جەھەتتىكى تاقابىللىق، سوزۇق تاۋۇش بىلەن قاپىيە كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ «سەجئە» ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ چاغدا يەنە بىر خىل ئەنئەنىۋى، ھۆكۈمالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋەھىي ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات تارقالغانىدى. بۇنىڭدا، بىز تالاي مۇجمەل قەسەم (ئۇ ئادەتتە ئاسمان جىسىملىرى ھادىسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك) دىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ جۈملە قاپىيىلىك، ئوخشاشلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىسقا جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا

گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئەقىدىلىك ۋائىزلىرى ئەرەبلەرنىڭ قەدىمىلىك بازارلىرىدا باشقىلارغا زەربە بېرىشتە قوللانغىنى مۇشۇ خىل ژانىر بولسا كېرەك. بۇ خىل ۋەھىي ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات دىنىي مۇنبەردىكى ئەنئەنىۋى شەكىل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ باشتا ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قىلىپ قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا، قۇرئاننىڭ باشتىكى سۈرىلىرى ئاددىي، يېرىم لېرىكىلىق، كىشىلەرنى ئاكتۆگۈللۈككە دەۋەت قىلىدىغان ماقالە ۋە مەشھەرگاھى قىيامەتنىڭ جازاسى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل ۋە جانلىق.

يېرىلسا ئاسمان ئەگەر يۇلتۇز چۇشەر يەرگە تۇگەل؛
غەرقى ئەتكەي قەبرىلەر بەھرى ـ دېڭىز قوزغاتسا سەل؛
مەشغۇلى قىلمىشلىرىدىن ھەر كىشى ئالسۇن ئۆچۈر،
قىلغىنى قىلمىغىنى بولغان ئۇنىڭ قانداق ئەمەل ①.

مۇھەممەد پەيغەمبەر بەس ـ مۇنازىرە تۇپەيلىدىن، ھەجۋىي نەزمىدە يوشۇرۇن مەنىلىك تەمسىلەرنى قوللىنىش ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزمىلىرى شۇ چاغدىكى مەككە شۇئىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئۆتكۈرلۈككە ئىگە ئىدى؛

بولدى بەس، يالغانچىلىق پۈتسۇن جاھاندىن ئاقىۋەت؛
قالدى قاشقالار يانا چۆككەچ جاھالەتكە ئەبەت.
سورىدى ئۇلار:
«قايسى كۈن بولمىش قىيامەتۇ ـ قەييۇم؟»
بىلسە شۇل كۈن باشىغا ئۇتلۇق جازا يەتكەي پەقەت،

« نە ئىلاج رىسقى بىلىپ، تەلمۈرگىنى شۇ كۈن ئۈنىڭ.
ئازاب ـ ئوقۇبەت تەمىنى بىلمەك كېرەك كەلگەندە دەرد! »[5]

مەككە شەھىرىدىكى دۈشمەنلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنى تەبىئىي ھالدا شائىر، پالچىلار قاتارىغا كىرگۈزەتتى. شۇ چاغدا ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇنداق چۈشەنچىلەرنى يوقىتىشقا توغرا كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك تىلنىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇش كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، مۇھەممەد پەيغەمبەر بارا ـ بارا لىرىكلىق خۇسۇسىيىتى كەمرەك بولغان ئەدەبىي شەكىلنى قوللاندى، ئوخشاشلا مەزمۇننى يوشۇرۇن ئىپادىلەشنىمۇ ئۆزگەرتتى. يوشۇرۇن ئىپادىلەشنى قەدىم زاماندا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تەقدىرىنى بايان قىلىشقا، قىيامەتنىكى جازانى، كائىناتنىڭ قايتا بەرپا بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا ئۆزگەرتتى. ئاخىرىدا مەدىنە باسقۇچىغا يېتىپ كەلگەندە، مەخسۇس تېمىلار بويىچە باھا بېرىش ۋە قانۇن ئۈستىدە ۋەز ئېيتىشنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. « قۇرئان » نىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىش بىلەن سۆز قۇرۇلمىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى ۋە شۇ چاغدىكى ئەنئەنىۋى لىرىكلىق شەكىلدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، يېپ ـ يېڭى ۋە ئالاھىدە بولغان، يۈكسەك شەخس ئۇسلۇبىغا ئىگە بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. ماقالىنىڭ شەكلى ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇشى لازىم. ئەرەب ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى ئىدىيە ساھەسىنى ئىپادىلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، « قۇرئان » نىڭ ئەدەبىي شەكلى دادىل ـ كۈچلۈك ئىستىلىستىكىغا ماس كېلىدىغان نەسرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ خىل

ژانىرلاردا پەۋقۇلئاددە ئازادىلىك ۋە ئالاھىدە ئىجادىي كۈچ ئارقىلىق جاراڭلىق جۈملىلەر تولۇق قوللىنىلدى.

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۆلمەس داڭلىق ئەسەر، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بىردىنبىر بايراقدار ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن «قۇرئان» ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەن. مەيلى قەدىمكى ياكى ھازىرقى مۇسۇلمانلار بولسۇن، بىر ئېغىزدىن: «قۇرئان» نى مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ تەقلىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دېيىشىدۇ. قەدىمكى نەزمە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي جەھەتتىكى بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر تۇپەيلىدىن، «قۇرئان» نى باشقا تىللارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، دېيىشمۇ بولىدۇ.⑥ ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزھەبىدىكىلەر بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلارنى ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق رەت قىلىدۇ. تەرجىمە قىلىنىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ جىددىي ـ جانلىق سۆزلىرى ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قىلىشى، گراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى يوقىلىپ كېتىشى، گۈزەل ئىستىلىستىكىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئۇنىڭدا پەقەت مالىماتاڭ ۋە تەكرار بولغان. قايتا تۈزۈپ چىقىلغان، قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ، جانسىز ـ قۇرۇق نەرسىلا قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بەدىئىيلىكى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ زىياننى پەقەت ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ تۇرىدىغان سىرلىق گۈزەللىك ھېسسىياتى ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىلا تولدۇرالىشى مۇمكىن.

«قۇرئان» ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ جەھەتتىن ۋە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇرئان»نىڭ ئىدىيىسى، تىلى، رىتمى

بۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات ئۇستىدە …

…ئىلگىرى ، بۇ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن تارىخىي شارا…

…ۇستىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈش زۆرۈر ، مۇھەممەد

پەيغەمبەر ۋارىسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا . ئەرەبلەر مىسلى

كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۈنجى قېتىم ئۆزىنى ئوگشۇبلىش شوئارىغا

ۋە ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەركىزىي ئورگانغا ئىگە

بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ ،

سۈرىيە ، ئىراقنى سۈپۈرۈپ ماڭدى ۋە ئىراقنىڭ ساداقەتسىز

پۇقرالىرى ياردىمىدە ھىركلىس پادىشاھىنىڭ زور قوشۇنىنى ۋە

ئىراندىكى ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ ⑦ قالدۇق قوشۇنىنى تارمار

قىلدى . ئارقىدىنلا بىر قاتار تېز ئىلگىرىلەش ئارقىلىق مىسىر ،

ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرىنى

بويسۇندۇردى . بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ، ئۇلار

پىرىنىي تېغىدىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ بىر

ئىمپېرىيىسىنىڭ خوجىسى بولۇپ قالدى . يېڭى ئىمپېرىيىنىڭ …

تەشكىلىي ئاپپاراتى بۇ كىتابتا بايان قىلىنىدىغان دائىر…

كىرمىسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھوقۇقىنى قايتا ت…

قىلىش ئىشى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تارىخى ۋە ئەدەبىيات ھا…

ئىنتايىن مۇھىم . قەدىمكى مەدىنە شەھىرىدىكى ئىلاھى …

سىياسىغا مەنسۇپ تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ دائىرىسى شۇ…

ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرال…

ئىسپاتلاندى . ئۇنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ، مۇھەممە…

بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغان مەككە قەۋمى ئۇمەۋىيە …

…ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىمپېرىيىنىڭ مەدەنىيەت پايتە…

…كۆچۈردى . ئۇلارمۇ ئىلاھى ھاكىمىيە…

…ىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى -

م

ـدا

سيەت

ور كاڭ

دىغانلىقى

پەيغەمبەر

سپىلكىنىلىڭ

ـتىنى دەمەشق

ە قارشى بولغان

دىنە يەنىلا دىنىي

مەركەز بولۇپ قالدى. ئۇ يەردە «مۇسۇلمانچىلىق ئىلمى» (قۇرئاننى تەتقىق قىلىشقا ئالاقىدار پەن) نىڭ ئاساسى قۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇقەددەس جاينىڭ مۇھىملىقى تۈپەيلىدىن، مەككە كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ، كەيپ ـ ساپا ۋە ئەيش ـ ئىشرەت تېزدىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ، تەقۋادارلار ئۈچۈن يەنىلا يىرگىنىشلىك خەۋەر ئىدى. بولۇپمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆزگىرىش گەۋدىلىك بولۇۋاتاتتى. قابىل، جۇشقۇن پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، يىراقلارغا يۈرۈش قىلىپ باشقا يۇرتلارنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مېسوپوتامىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە ئۇ يەردىن يەنە شەرققە يۆتكەلدى؛ ئازراق قىسمى مىسىردىن سىرتقا كېتەيدى. بەزىلىرى ھەتتا يىراقتىكى ئىسپانىيىگىمۇ باردى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ تولىسى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىكى ئاخىر چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىۋېلىپ، سۇ، ئوت چۆپ قوغلىشىپ يۈرمەيدىغان بولدى. شۇڭا، قەدىمكى شائىرلارنىڭ ھەقىقى ۋارىسلىرى تامامەن دېگۈدەك مېسوپوتامىيىدىن چىققانلىقى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىققانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ئەرەبلەرنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۈنۈمى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنى پەيدىنپەي ئىسلام جەمئىيىتىگە كىرگۈزۈش بولدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تەرجىمە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن

يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇ تەسىر مۇشۇ بابتا يېزىلغان مەزگىل ئاياغلاشقاندا، ئاندىن ھېس قىلىنىشقا باشلىدى. گەرچە «مۇسۇلمانشۇناسلىق» تەرەققىياتىنىڭ مەرىپەت باسقۇچى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئېقىپ كىرگەن بىر تۈركۈم غەيرىي ئەرەب تىلى مىللەتلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمانلار يىلنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىلا باشلانغان تەتقىقات خىزمىتى بىردەك ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.

«مۇقەددەس كىتاب» تۈزۈلۈۋاتقان مەزگىللەردە ئەرەب يېزىقىدا نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بار ئىدى. ئۇنى پىششىق بىلمەيدىغانلار زادى ئوقۇيالمايتتى. قولىيازمىلارنى ساقلاپ قېلىش، خاتا تارقىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇۋاپىق يېزىق شەكلىنى بەلگىلەش، ئاندىن گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى تۈزۈش زۆرۈر ئىدى. ئىرانغا قاراشلىق ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. شۇڭا، ئىراقنىڭ بەزى مۇداپىئە شەھەرلىرى بۇ خىل سىناقنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «قۇرئان» ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋە لۇغەت تەركىبىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. سۆزلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى پەقەت ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مەزگىللەردە ئۆتكەن شائىرلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىقلا ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە پۇختا ئەستە قالدۇرۇش لازىم ئىدى. شۇڭا، تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىق ئىلىملىرى راۋاجلاندى. بۇ ئىككى خىل پەندە «قۇرئان» ئەمەس، بەلكى قەدىمكى شېئىرلار ئاساس قىلىندى. «قۇرئان» نىڭ

سۇرىلىرىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى يادلاشقا توغرا كېلەتتى. كېيىنكىسىنىڭ «قۇرئان» نىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى غايەت زور ئىدى. كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئىش بېجىرىشتىكى ئۆلچەملەرنىمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن تېپىش لازىم ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدەبىيات پائالىيىتى ـــ ھەدىسچىلىكنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى. «قۇرئان» ۋە ھەدىس تەتقىقاتى ئىلاھىيەت ۋە قانۇن ئىلمىنى يارىتىش (دىنىي قانۇنىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرىپى) نىڭ ئاساسىي قىلىندى. مەدىنە گەرچە بۇنداق تەتقىقاتنىڭ مەركىزىي بولسىمۇ، لېكىن مەيلى سۈرىيە ياكى ئىراقتا بولسۇن، چەت ئەللىنىڭ تەسىرىنى نىسبەتەن ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان بۇنداق تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى تولۇق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولاتتى.

مۇسۇلمانچىلىق ئىلمىنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ تېخىمۇ بىرلىشىشى يەنە بىر خىل پەن ـ تارىخ ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى، تارىخ ئىلمىي تەتقىقاتى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئالدىنقىسىنىڭ دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇنى ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرىمىز: بىر تەرەپتىن، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى مەلۇم قەبىلىلەرنىڭ ئائىلە شەجەرىسى ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تەكشۈرۈشكە موھتاج ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئېھتىياجقا ئاساسەن تەمىنلەشمۇ مەيدانغا كەلدى. كۆچۈرۈۋېلىش، ئويدۇرۇپ چىقىشمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بەزىلەر رىۋايەتلەرگە ياكى مۇجمەل لەتىپىلەرگە ئاساسەن، ئەرەب ئىرقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە دەسلەپكى

دۆرلەردىكى تارىخقا دائىر ھېكايىنى يېزىپ چىقتى . لېكىن بۇ رىۋايەتلەر يەھۇدىلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا دائىر تارىخى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېزىلغان بولۇشى ياكى تامامەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن . يەمەنلىك ئەرەبلەر تۈزۈپ چىققان شۇ تېپتىكى بىرنەچچە ئەسەر دىندىن تاشقىرى دائىرىدە ، بولۇپمۇ ئوردا ساھەسىدە زور ئابرويغا ئىگە ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ھەدىس مۇھىمى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يىراققا ھەربىي يۈرۈش قىلىشى ( مۇجاز ) غا ئائىت نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى ئۈز ئىچىگە ئېلىشى لازىم ئىدى . شۇڭا ، ھەدىسشۇناسلار بەزى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ، بۇنداق تارىخىي رىۋايەتلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى . بۇ ئەدەبىيات دەۋرى ئاياغلىششتىن بۇرۇن ، بۇ تېمىغا دائىر بىرىنچى تۈركۈم ئەسەرلەر ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغانىدى . قەدىمكى رىۋايەتلەرگە سىڭدۈرۈلگەن بۇ ئەسەرلەر ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئاساسقا ئىگە ئىدى . كېيىنكى مەزگىللەردىكى تارىخ ئىلمىغا دائىر ماتېرىياللارمۇ ئاساسەن مۇشۇ ئەسەرلەردىن نەقىل ئېلىنغان .

پۇتكۇل ئىلمىي پائالىيەتنىڭ ئەدەبىيات قىسمىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ . بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ، بۇ باسقۇچتا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىتىشتەك ئەنئەنىۋى ئادەت يەنىلا ئەۋج ئالغانىدى . بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ « قۇرئان » دىن باشقا ھەرقانداق يېزىق خاتىرىسىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىغانلىقى بۇ ئادەت كۈچىنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈۋەتتى . بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ دىنىي تەتقىقات ساھەسىدىكى تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى . ئەلۋەتتە بۇ ، ئاشۇنداق ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ساھەلىرىگە قارىتىلغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، خەلق ئارىسىدا قىسقا رىۋايەتلەر توپلاملىرى ۋە نەزمە توپلاملىرى پەيدا بولۇپ تۇردى ،

ئاز دېگەندىمۇ بىر رىۋايەتلەر توپلىمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. توپلاپ چىقىرىلغان ياكى ئۆيدۇرۇپ چىقىرىلغان تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا پەيدىنپەي تارقىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ سىرتىدا، ئەدەبىياتنىڭ ۋاستىسى بولغان نەسرىي ئەسەرلەر يەنىلا گۈدەكلىك دەۋرىدە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، پەقەت سوت ئالاقىلىرىدە ۋە يارلىق، پەرمانلاردىلا ئىشلىتىلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ چاغلاردا خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تېرە قەغەز، سامان قەغەز ۋە كون ـ تېرىلەر ئىنتايىن قىممەت ئىدى. كېيىنكى ئەسىرلەردە قەغەز ياساشنىڭ سىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلەردە قاتتىق سىناقلاردا بەرداشلىق بېرىپ، بىر خىل تەبىئىي، يوشۇرۇن مەنىلىك ۋە جانلىق نەسرىي شەكىلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمدى يەنە مۇشۇ مەزگىلدىكى نەزمىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، تولىمۇ ئوخشاش بولمىغان بىر خىل ۋەزىيەتنى كۆرىمىز. ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىشى كونا نەزمىلەرگە پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەسسان ئىبنى سابىت⑧تەك ئۇردا شائىرى بولسىمۇ (كېيىن ئۇنىڭ ئىقىمىدىكىلەر نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى نەزمىلەرنى ئۇنىڭ ئەسىرى دەۋالغان). لېكىن، ئۇ خۇددى ئىسلام دىنى بىدئەتچىلەرنىڭ غايىسىدىكى مۇھىم ئەخلاقىي كۈچنى چوقۇم بىتچىت قىلىۋېتىدىغاندەك، قەدىمكى نەزمىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. دەسلەپكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ۋە ئىلاھىيەتچىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇ خىل مەيدانىنى ياقلايتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋال پەيدا بولدى: ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ۋە تەرەققىياتى بۇ مىللەتنىڭ شائىرلىرىنى پەقەت ئىلھاملاندۇرالمىدى. ئىسلامىيەت ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەن سەلتەنەتلىك قەدىمكى نەزمە كەبىنىڭ بىر داستانى بىلەنلا چەكلەندى. ئۇنىڭ ئاپتورى بىز يۇقىرىدا توختالغان داڭلىق شائىر زۇھەيرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەدىناسى ئۇزۇندىن بۇيان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان داڭلىق شائىرلارمۇ ئۈن-تىۋىشسىز يوقىلىپ كەتتى. مۇئەللەقەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان لەبىد بولسا، مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىگە كۆچكەندىن كېيىن يەنە ئوتتۇز يىل ياشىغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى ئۆز زامانىسىدا ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ ئېسىل ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان. ئەمما، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئىجادىي پائالىيىتىنى توختىتىپ قويغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي نەزمە ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەسىرى تۈپەيلىدىن، نەزمىگە بىرخىل يېڭى روھ ۋە ماسلىشىشچانلىق يۈكلەندى. قەدىمكى رىۋايەتلەر يەنە تىرىلدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى تىرىلىش ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولماستىن، بەلكى مېسوپوتامىيىدە بولدى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى زور ئەمەس ئىدى. ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ شائىرلىرى گەرچە تىل سەنئىتى جەھەتتىكى كونا ئەنئەنە ۋە قانۇنىيەتنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، قانداقلا بولمىسۇن، ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن، كەيپ-ساپا، پۇل ئىگىلىرى، كۈندىن-كۈنگە ئىلگىرىلەۋاتقان ئىمپېرىيە سىياسىتى؛ نارازىلىق

بىلدۈرگەن ياكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قەبىلىلەرنى باستۇرۇش؛ دىنىي تەشكىلاتلار، سىياسىي پارتىيىلەر ۋە تەشكىللىك قەبىلە مەزھەپچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ياشقىلار. روشەنكى، شائىرلار يەنىلا قەبىلە ۋە گۇرۇھ ھېسسىياتىنىڭ جارچىسى ئىدى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، شائىرلار نوقۇل شەكىل ئالاھىدىلىكىگە بېرىلىپ كەتمەي، شەكىل بىلەن مەزمۇن بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئۆزئارا ماس كېلىدىغان نەزمىلەرنى قوللانغاندىلا، ئاندىن مۆلچەرلەنگەن بۇرچ جەھەتتىكى ئۇنۇمگە ئىگە بولاتتى.

ئىلھام كەلگەندە يېزىلغان شېئىرلاردا ئۆزگىرىش تېخىمۇ روشەن ئىدى. قەدىمكى مەزمۇن بىلەن شەكىل شەخسلەر ۋە ئىلمىي ئېقىملار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى مەقسەتكە ماسلاشتۇرۇلدى. نەزمىلەردە يېڭىچە مەزمۇن ۋە يېڭىچە ئۇسۇل پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا بەكمۇ ئەرزىيدىغىنى، ئۆزىگە خاس بىر خىل مەخسۇس لىرىك شېئىر بولۇپ، تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمىز. «قەسىدە» قەبىلە ئەھلىنىڭ ھەۋەس جەھەتتە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، نەزمىگە يېڭى ئۆلچەم بويىچە باھا بېرىشنىڭ ياخشى پاكىتى بولۇپ قالدى. «قەسىدە» ئاپتورلىرى بۇرۇنقىدەكلا، بەدۋىلەر قان سىستېمىسىدىن بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرى بىلەن نامەن ئوخشاش ئىدى. 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە داڭلىق شائىرلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان ئۈچ نەپەر شائىر مەيدانغا چىقتى. ئەختەل® نابىغە ۋە كۇلسۇم مەزھىبىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولۇپ، ئۇ مېسوپوتامىيىنىڭ شىمالىدىكى تاگورىپ مىللىتىنىڭ خرىستىئان دىنى قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز قەبىلىسىنى تەسۋىرلىگەن داستانى ۋە ئومەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىلىرىنى مەدھىيىلىگەن

قەسىدىلىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى نەزمىنىڭ روھىنى قايتا ئەكس ئەتتۈردى. قالغان ئىككىسى فەرەزدەق بىلەن جەرىر ⑪ بولۇپ، ئۇلار كۇفە ۋە بەسرە شەھىرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئىككىسى ئوخشاش تېمىدا ئېيتىشىش خاراكتېرلىك ھىجائىيات ( ھەجۋىي شېئىر مۇسابىقىسى ) ئۆتكۈزۈپ زور شۆھرەت قازانغان. « ناجائىت » شەخسلەرنى مازاق قىلىدىغان ياكى بەتقىلىقلىق بىلەن بىر - بىرىنى كەمسىتىدىغان لاۋزا نومۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر خىل ئۆزگىچە، سەنئەت جەھەتتە پىشقان تىياتىر تىپىدىكى ئويۇن ئىدى. ئۇ چاغدا شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچۈن شەھەرلىكلىشىپ كەتكەن قەبىلە چارۋىچىلىرىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ماسلىشىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ قەدىمكى نەزمىلەردىكىدەك ئۇنداق سەممىي ( گەرچە تار مەنىلىك بولسىمۇ ) ئاددىي - ساددىلىقتىن زور دەرىجىدە ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ قىزىقىشى كۆپ تەرەپلىمە ئىدى. جۈملىدىن، ئۆزئارا زىتلىشىپمۇ تۇراتتى. شائىرلار ئادەتتە، ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە تەلىماتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە پېتىپ قالغاچقا، پسىخولوگىيە جەھەتتە ئەنسىز كەيپىياتتا ئىدى. شۇڭا، « قۇرئان » نىڭ ئۇسلۇبى، سۆزى ۋە تەقۋادارلىق ھېسسىياتىنى قوللانغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆز نەزمىلىرىدىكى قوپاللىقنى تولدۇرالمايتتى. ئۇلار « قەسىدە » قورالى ئارقىلىق دۆلەتمەن ئەمەلدارلار قولىدىن بايلىققا ئېرىشكەندە، ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىقى ( كۆپچىلىكى ئوچۇق - ئاشكارا ساختىپەزلىك ئىدى ) ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ئۈستىدە بولماي، بەلكى سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى ماجىرالارغا كېتىپ قالاتتى.

پاكىت ئوچۇق ئىسپاتلىدىكى، « قەسىدە » يەنىلا نەزمە

سەنئەتنىڭ سىناق تېشى بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇنى ئەرەبلەرنىڭ يېڭى شارائىتى ۋە يېڭى ھالىتى بىلەن بارغانسېرى ماسلىشالمىدى. شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇنى مەلۇم دەرىجىدە، ھەتتا خېلى زور دەرىجىدە، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەركىن چۆل - جەزىرە ھاياتىنى ئەسلىشى بىلەن ئالماشتى. شۇڭلاشقا، تاشلىنىپ قالغان چېدىر ۋە ئۆتۈپ كەتكەن سەپەر ھەم شىكار يىغىلىشلىرى ئۈستىدە ھېكايە قىلىش يەنىلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. لېكىن، «قەسىدە» كېيىنكى ئەدەبىيات دەۋرىگە كەلگەندە قاتماللىشىپ تەكەببۇر كونا قائىدە - يوسۇنغا، قاملاشمىغان مىشچان قەدىمكى ئۇسلۇبقا، قەدىمكى قوشاقچىلارنىڭ ئىبارىلىرى ۋە ئوبرازى تەقلىد قىلىنغان قۇراق يېزىققا ئايلىنىپ قالدى؛ شائىرلار بولسا كونا ئادەت كۈچى ۋە ئۆز قوغدىغۇچىلىرى تەلىپىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يەنىلا «قەسىدە» شەكلىدە ئىجاد قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىشىۋاتقان مەككە ۋە مەدىنىدە يېڭىچە مۇھەببەت نەزمە — غەزەل پەيدا بولدى. بۇ ئېھتىمال قورەيش ئاقسۆڭەكلىرىگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە كەلگەن پارس ۋە يۇنان ناخشىچىلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. غەزەل «قەسىدە» شائىرلىرىنىڭ جاراڭلىق - جانلىق تىلى ۋە ماھارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ساپ - ئوچۇق دىئالوگ شەكلىگە كۆچتى. جۈملىدىن ناخشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش يۈزىسىدىن ئەنئەنىۋى ۋەزىن قائىدىسىگىمۇ سەل - پەل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرى، قورەيش قەبىلىسىدىن چىققان ئۇمەر ئىبنى ئەبى رەبىئە (تەخمىنەن 720 - يىلى ۋاپات بولغان) غەزەلنىڭ

ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزمىلىرى يېقىملىق ۋە سادىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمرە ئۇلقەيىسىنىڭكىدەك ئىپتىدائىي قايناق ھېسسىياتمۇ ياكى كېيىنكى دەۋرلەرنىڭكىدەك مۇتىدىل ھەۋەسمۇ يوق ئىدى. نەزمىلەر خەلقنىڭكىگە تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، بايروننىڭكىگىمۇ ئوخشىمايتتى. قاتتىق قول كىشىلەر بۇنىڭدىن تولىمۇ نەپرەتلىنەتتى، شائىر بولسا، ئىجادىيەتتىكى يەڭگىللىكى تۈپەيلىدىن ئارقىمۇ ئارقا ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەينى زامانىدىكى ۋە كېيىنكى كىتابخانلاردىن ئۆمەرنىڭ نەزمىلىرىدىكى ئەنە شۇنداق ساپ، خۇش خۇي، مەردانە ياشلىق خىسلىتىدىن تەسىرلەنمىگىنى يوق.

ئاھ رىيازەت چەكتى دىل ئول دىلرەبانىڭ ئوتىدا،
نازلىنىپ بىر باقمىقى دىلغا بىر ئوتلۇق دېرەك.
جىلۋە قىلسا ئول پەرى ئالدىمغا تەشرىپ قىپ قەدەم،
تىترىدىم تالنىڭ شامالدا تىترىگەن ياپراقىدەك.
قالمىغاي ئەسۇ ھوشۇم شەھلا كۆزى ھەرباقساگەر،
پىقىرار يەرۇ زېمىن گويا بولۇپ چەرخى - پەلەك.
ساپتۇ تەقدىر يۇرىكىمگە ئىشق ئوتىنىڭ نەيزىسىنى،
تۈنجى ئۇچراشقان ۋاقىت مەن ئۇچۇن مەڭگۈ - مەلەك.

ئۆمەر ۋە مەككە شائىرلىرى ئىجاد قىلغان غەزەللەر راۋان، نەپىس بولۇپ، رېئال ھېسسىياتقا باي؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، مەدىنىنىڭ غەزەللىرىدە بەدۇيلەر باش قەھرىمان قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق ئوي - خىياللار ۋە ئۈمىدسىز مۇھەببەت بايان قىلىنغان. مەدىنىنىڭ مۇھەببەت نەزمىسىنىڭ ئىجادچىسى ئۇزرا

مىللىتىدىن جەمىل ( 701 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بولۇپ، بۇ خىل ناخشىلار « ئۇزرار » دەپ ئاتالغان . غەزەل دۇنياغا كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنتايىن زور شۆھرەت قازىنىدۇ . جەمىلنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر مۇنچە « مۇھەببەت قۇربانلىرى » ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . بۇنىڭ بەزىلىرى راست بولسىمۇ، بەزىلىرى توقۇپ چىقىرىلغان . ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكتىن ئاققۇزغان كۆز يېشى مىڭ يىلدىن بۇيان ئەرەب، پارس ۋە تۈرك شائىرلىرى ياكى يازغۇچىلىرىغا ماتېرىيال بولۇپ كەلمەكتە . بۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنى ساپ بەدۇىلەر سەنئىتى دېگىلى بولمايدۇ . ئەكسىچە، « « لەيلى مەجنۇن » ⑪ غا ئوخشاش رىۋايەتلەردە، ئەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان تەلۋە، ئايال بولسا ئۇنىڭ مەڭگۈ يېقىنلىشالمايدىغان مەشۇقى بولۇپ قالغان . بۇ ھەرقانداق قەبىلىگە مەنسۇپ بولمىغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ مەجنۇنلارچە يۈرتىنى سېغىنىش كېسىلىنىڭ گۈزەللەشتۈرۈلۈشىدۇر . بۇ بولۇپمۇ ئىراقتا كەڭ تارقالغان .

مۇشۇ ئەدەبىيات دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا مەدىنە غەزەللىرىنىڭ ئىراق ناخشىلىرىغا بولغان تەسىرى زور بولغان . بۇ، « ئاخىرقى زامان شائىرى » دەپ ئاتالغان زۇررۇممە ⑫ ( 735 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . رۇممە ئاساسلىقى چۆل ـ جەزىرە مەنزىرىسى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى يېزىش بىلەن « غەزەل » شەكلىدىكى ۋەقەلىك ئارقىلىق ھېسسىياتنى كۈچەيتكەن . مەككە « غەزەللىرى » ئاخىر سۇرىيىدە ـ ئۇ يەردە شاراب ناخشىسى ئەنئەنىسى بار ئىدى ـــ ئۆز سىردىشى ۋە تەقلىتچىلىرىنى تاپىدۇ . بىز بۇگۈنكى كۈندە ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىگە مەنسۇپ ۋەلىد I نىڭ نەزمىلىرى ۋە شاراب ناخشىلىرىدىنلا بۇ خىل مۇھەببەت نەزمىلىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئەسەرلەرنى تاپالايمىز . بۇ شاللاق خەلىپە مىلادى 744 ـ

يىلىدىكى بىر قېتىملىق ئالاھىدە توپىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەن ، بۇ ھال خەلىپىلىكنىڭ تىرىپىرەن قىلىنىشى ، مۇسۇلمانلار تارىخىي ھەم ئەرەب ئەدەبىياتى يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىنىشىغا يول ئاچقان .

ئىزاھاتلار :

① ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسەلت ( تەخمىنەن 630 — ؟ ) — جاھالەت دەۋرىدىكى شائىر ، ساجىق مىللىتىنىڭ مۇنازىرىچىسى .

② مىلادى 622 - يىلى ھىجرىيىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ .

③ مەدىنەئى نابى — پەيغەمبەر شەھىرى ، بۈگۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەدىنە . مىلادى 622 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىكى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە يەھۇدى دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ، يەسرىبدىكى ئىككى مىللەتنىڭ ئاداۋىتىنى ھەل قىلىپ قويۇش ۈرستىدىن پايدىلىنىپ ، ئەبۇ بەكرى قاتارلىقلار بىلەن يەسرىبقا بېرىپ داۋاملىق دىن تارقاتقان ۋە يەسرىبنىڭ نامىنى مەدىنەئى نابىغا ئۆزگەرتكەن .

④ « قۇرئان » 82 - سۈرە .

⑤ « قۇرئان » 51 - سۈرە .

⑥ ئىلىمىزدە « قۇرئان » دەسلەپ مىڭ سۇئالىسىنىڭ ئاخىرى ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان . تولۇق تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ، 1927 - يىلىدىكى « قۇرئان » ، 1931 - يىلىدىكى « قۇرئاننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى » ، 1932 - يىلدىكى « قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھات » ، 1943 - يىلدىكى « قۇرئاننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىلاۋە » ، 1946 - يىلدىكى « قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھات » ، 1947 - يىلدىكى « قۇرئاننىڭ قىسقارتىلمىسى » ، 1952 - يىلىدىكى « قۇرئان » لار بار .

⑦ مىلادى 224 - يىلى پېرسىيە خانلىقىدىن ئارداشىر زور قوشۇننى باشلاپ ئىرانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە غەربىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى . پېرسىيە خانى ئارتابان V نى ئۆلتۈرۈپ ، 226 - يىلى پايتەخت كتېسفوننى ئىشغال قىلىپ ، ئىراننى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ساسانىلار خانلىقىنى قۇردى . ساسانىلار خانلىقى 5 - ئەسىرگە كەلگەندە راۋاجلىنىپ ئاسىيانىڭ غەربىدىكى چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قالدى . ئۇ تارىختا يېڭى پارس ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ . بۈگۈنكى ئىران ، ئافغانىستان ، ئىراق ۋە ئەرمەنىستان ، گروزىيىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ خەرىتىسىگە كىرەتتى . مىلادى 651 - يىلى خانلىق ئەرەبلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى .

⑧ ھەسسان ئىبنى سابىت ( 674 — ؟ ) — يەسرىب ( مەدىنە ) دە

تۇغۇلغان. دەۋردىن ھالقىغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى.

⑨ ئەختەل ( ? 640 ـ 710).

⑩ فەرەزدەق ( تەخمىنەن 641 ــ 732 ) ــ مىلادى 683 ـ يىلدىن كېيىن جەرىر بىلەن دائىم ئېيتىشىش خاراكتېرىدا ھەجۋىي شېئىر مۇسابىقىسى قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەزەللىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى ھېسابلىنىدۇ.

جەرىر ( 653 ــ 733 ) ــ ئۇ ئەختەل ۋە فەرەزدەق بىلەن نەزم ئىجادىيىتىدە بىرلىكتە كۆرەش قىلغان. كىشىلەر ئۇلارنى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىرىنىڭ ئۈچ نوچىسى دەيدۇ.

⑪ شائىر قەيس ئىبنى مۇراۋىت ئامىرىيە ( 677 ــ ؟ ) ــ ئۇنىڭ لەقىمى «مەجنۇنى لەيلى» ( لەيلىنىڭ ئاشىقى ) ئىدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا دائىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مەشۇقى لەيلى ئامىرىيىنى يازغانلىقى ئۈچۈن، شۇ لەقەم سىڭىپ قالغان. بىراق، قىزنىڭ ئائىلىسى ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا يول قويمىغان. شائىر نىمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرۈپ، ئۆمۈر بويى نەزمە ئوقۇش بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇنداق پاك روھى مۇھەببەت كېيىنكىلەرنىڭ بەكمۇ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

⑫ زۇررۇممە ــ بەدۋىلەر ئىلمىي ئىبقىمىنىڭ كەنجە شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ «رىسالە جامىز» ىدا: «شېئىرىيەت ئىمرە ئۇلقەيىستىن باشلىنىپ زۇررۇممەدە ئاياغلاشتى» دېيىلىدۇ.

# 5 ـ باب

## ئالتۇن دەۋرى

### ( مىلادى 750 ــ ، 1050 ـ يىللار)

مىلادى 750 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يېڭى بىر خەلىپىلىك مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئابباسلار ① ئەرەب روھانىلىرى سىياسىي گۇرۇھىنىڭ ۋە ئەنئەنىۋى پادىشاھلىق ھوقۇقى ھىمايىچىلىرىنىڭ بىرلىشىشىگە تايىنىپ، پارسلار ۋە باشقا ئىتائەتمەن خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن

يۇقىرى ئورۇنىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. جانىجان مەنپەئەت ئۈلارنى ئىلاھىيەتنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى ۋە پارسلار بىلەن ئارامىيلەرنى ئۆز ئەقىل ــ پاراسىتىنى جارى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. خەلىپىلەر ② خانلىقى ئۈلارغا قاراشلىق ئۆلكىلەر ۋە كەلگۈسىدە كېيىنكىسىنىڭ ئورنىنى باسقۇچى يەرلىك پارسلار ھەم ئەرەبلەرنىڭ ئۇششاق ــ چۈششەك كېنەزلىكلىرى بۇ ئەنئەنىنى ئۈچ ئەسىرگىچە بىردەك ساقلاپ كەلدى. يېڭى پايتەخت باغداد ③ مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. بىر ئەرەب تارىخشۇناسى باغدادنى «بازار» دەپ تەرىپلىگەن ۋە «ئەدەبىيات ــ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنمەكتە، كىشىلەر بۇ يەردىن خۇددى يوقالغان تۆگىسىنى ئىزدىگەندەك ئەقىل ــ پاراسەت ئىزدىمەكتە، بۇ يەردە ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە بېرىلىۋاتقان باھانى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلماقتا» دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىيات ــ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ مەنبەسىنى، خۇددى بىز كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالدىنقى خەلىپىلىكتىن ئىپپىشىمىز لازىم. ئىمپېرىيىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشى، يېزىقنىڭ رەتكە چۈشۈشكە قاراپ يۈزلىنىشى، ئىسلام دىنىنىڭ بويسۇنغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىشى بىلەن ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى ئۆز ۋارىسلىرىغا ناھايىتى ياخشى ماددىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەرىپەتپەرۋەرلىكنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە كېرەكلىك ماتېرىياللار سىستېمىلىشىپ، يېڭى مەدەنىيەت غۇنچىلىرى پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاباسلار خەلىپىلىكىنىڭ يول قويۇشى ۋە قوغدىشى بىلەن ئېخنو كەگرى زېمىنغا ئىگە بولۇپ، گۈزەللىكتە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئىمپېرىيىگە بويسۇنغان خەلقلەر ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە

تۇرمۇش ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ ساھەلىرىگە قاتنىشىشقا باشلىدى. ھەممىلەن پۈتكۈل مەدەنىيەت ساھەسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بېيىتىشقا باشلىدى. يېقىن شەرقنىڭ ئېچىلغان جايلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەر دەۋرىدىن تارتىپلا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. شۇڭا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، شەرق سىستېمىسىغا خاس يۇنان مەدەنىيىتى ئىدىيىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئىسكەندەرىيە ئىلمىي تەرەپدارلىرى پەلسەپىسى ۋە شەرق خىرىستىئان دىنىي تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىنكاس قوزغىدى. يۇنان پەيلاسوپلىرى ۋە يېڭى ئەپلاتون تەرەپدارلىرىنىڭ شەرھىچىلىرى، يۇنان ئاسترونوملىرى، تىببىي ئالىملىرى ۋە پەن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 4 ـ ئەسىردىن تارتىپلا سۈرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا ھەم سۈرىيە ۋە مېسوپوتامىيە مەكتەپلىرى ياكى مەدرىسلىرىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغانىدى. مېسوپوتامىيىنىڭ شىمالىدا سابى دىنى[4] دەپ ئاتىلىدىغان بىدئەتچىلەر جەمئىيىتى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىلىمگە تۆھپە قوشقانىدى. مىسىردا ئىسكەندەرىيە ئىلمىي تەرەپدارلىرىنىڭ پەلسەپىسى، تىببىي ئىلمى ۋە ئاسترونومىيىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ تىببىي ئىلمى ۋە ئاسترونومىيىسىگە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇنداق يۇنان ئۇسلۇبى نوستى دىنىي «خۇراپاتلىقى»[5]نى تارقىتىشقا پايدىلىق بولدى. بۇ بىر خىل مۇرەسسەچىلىك داشقايىنىقى بولۇپ، قويۇق ئىككى مەنبەچىلىك ۋە بىداگىراس تەلىماتى[6]تۈسىنى ئالغانىدى.

يۇقىرىقىلار ئارامىي ۋە يۇنان مىللەتلىرىنىڭ ئىسلام

ئەدەبىياتى ۋە ئىدىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ، پارسلارنىڭ ماددىي تۆھپىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ساسانىلار ئىمپېرىيىسى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان مەدەنىيەت بولمىدى. دەرۋەقە، پارسلار كېيىنچە ئەدەبىيات ساھەسىدە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، قەدىمكى پارس مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغان، جۈملىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پارسلاردىن كەلگەن دەۋالغان بولسىمۇ. لېكىن ساسانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارسلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋاقتى ياكى قابىلىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئاز ساندىكى ئەسەرلەرگە ئاساسەن، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ دىن ۋە قانۇن ھەققىدىكى نەرسىلەر، شۇنىڭدەك قەدىمكى پادىشاھلىقلارنىڭ تۆھپىلىرى مەدھىيىلەنگەن رىۋايەتلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، پايتەخت ئەتراپلىرىدا بولسا نېستورى مۇرىتلىرى [7] يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى، ئۇلار گىبند سابۇر [8] قۇرغان بىر مەكتەپتە يەنىلا ئاساسەن يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلمىنى تەتقىق قىلدى. دەرسنى نېستورىلار سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ھىندىستاننىڭ پەلسەپە ۋە ئىلىم ـ پەنگە دائىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى ۋە تەتفىق قىلدى. ئىراننىڭ ئاتەش دىنى ۋە مانى دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى دىنىي مەزھەپلىرى باشقا پەلسەپىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىگە خاس ئارىلاشما ئىلىم مەزھىپى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىراقتا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۇيەردە دەسلەپكى دەۋرلەردىكى نوستى دىنىنىڭ ئەبجەش دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا ئىنتايىن پايدىلىق

تەسىر كۆرسەتتى. ئىرقىي جەھەتتە شالغۇتلاشقان يەنە بىر ئىران جەمئىيىتى ئۆزاقىچە باكتېرىيە ۋە سۇدىيە بۇددا دىنى بىلەن ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، قويۇق ھىندى تۈسىدىكى مەدەنىيەتنى ئىسلام دۇنياسىغا تارقاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئىدىيىسىنىڭ ياكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئىرانلىقلارغا مەنسۇپ. ئۇ، « ئارىيانلارنىڭ سامىي ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ » دېيىدىغان قاراشمۇ بار. بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش. چۈنكى، ئەينى زاماندا پارسلاردا قانداقتۇ ئالاھىدە بولغان « ئارىيان مەدەنىيىتى » نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ، ئىرقىي جەھەتتىكى ساپلىقتىنمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېڭىيىۋاتقان ئوردا جەمەتى ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تەرجىمە قىلىنغان سامانىلارنىڭ ئوردا ھۆججەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پارسلارنىڭ مۇھىم تۆھپىسى ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بەدىئىي خۇلقى، تالانتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدا بولۇپ، بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئەڭ يۇكسەك ئىپادىسىنى تاپتى.

خەلىپىلىك ئالماشقاندىن كېيىن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىردىنلا ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويغانلىقى ئەمدى بىرقەدەر ئايدىڭلىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانشۇناسلىقنى ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇ بەزى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ۋاستىلىك تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئەمدى بولسا ئىراقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋاتقان چوڭ شەھەرلىرىدە مۇسۇلمانشۇناسلىق چەت ئەلنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا دۇچ كېلىش بىلەنلا قالماي، ئەڭ مۇھىم كىشىلەر تەرىپىدىن تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى بولسا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد شەرقنىڭ ھەرقايسى تارماق ئېقىملىرىغا مەنسۇپ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە يۇنان ئەدەبىياتىنىڭ ياۋروپاغا قايتىدىن تارقالغىنىغا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان بىۋاستە ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بۇ ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا ھەدىگەندىلا توقۇنۇش پەيدا بولمىدى. مۇسۇلمانشۇناسلىقنىڭ ئۆزى ئۇسۇل، كۆزقاراش ۋە ئىپادىلەش جەھەتلەردە يۇنان ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنى بىز كېيىنچە كۆرىمىز. يۇنان ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قالدۇرغان ئەڭ كۆرۈنەرلىك مىراسى ئىلىم ـ پەن ئەمەس، بەلكى ئۇسۇل، قائىدە ۋە ئىلىم تەشنالىقىدۇر. ئۇسۇل بىلەن قائىدە لوگىكىنى تەتقىق قىلىشتىن (بولۇپمۇ پورفىل@نىڭ «لوگىكا ساۋادى» ۋە ئارىستوتېلنىڭ «قۇراللار دەستۇرى» نى تەتقىق قىلىشتىن) كەلگەن بولۇپ، گراماتىكا، ئىلاھشۇناسلىق، جۇغراپىيە، نوقۇل ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، مىلادى 3 ـــ، 4 ـ ئەسىرلەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمي ھاياتىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغايدىغىنى ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشچانلىقى ئىدى. ئۇلار بارلىق شەيئىلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىۋېلىشقا، باشقا مەملىكەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بىلىشكە، پلانېتىلارنى ۋە كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا تەشنا ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ يۇنان ئىلىم ـ پەنىنى ـــ تەجرىبە تىببى ئىلمى، فىزىكا، مۇزىكا، ماتېماتىكا پەنلىرىنى تەتقىق قىلىشىدىكى سەۋەب مانا شۇ ئىدى. بۇ تەتقىقات ناھايىتى زور غەلىبىگە ئېرىشتى ھەمدە ئويغىنىۋاتقان ياۋروپاغا تارقالدى. بىراق، مۇسۇلمانلار بىلىمنى بىۋاستە يۇناندىن ئالغان ئەمەس (ياۋروپادا

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ) ، بەلكى ۋاستىلىك ھالدا سۈرىيىنىڭ تەرجىمە كىتابلىرى ئارقىلىق ئىككىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغانىدى . بۇلار ئەزەلدىن يۇنان ئەدەبىياتى بىلەن ئەتراپلىق ئۇچراشمىغاچقا ، يۇناننىڭ نەزمىلىرى ، تىياتىرى ، نوقۇل ئەدەبىيات ئىدىيىسى ۋە سەنئەت سۈپىتىدىن يەنىلا خەۋەرسىز ئىدى ،

دەرۋەقە ، بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن : خوش ، ئەرەبلەر شېئىرىيەت جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا ، ئۆلچىمى بار ئىكەن . ئۇنداق بولسا ، ئەگەردە ئۇلار ئەسلى ئەسەرلەردىن يۇنان ئەدەبىياتىغا دائىر ئەتراپلىقراق بىلىمگە ئېرىشمىگەن دېسە ، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلىگەن ياكى ئۇنىڭدىن زوق ئالالىغانمۇ ـ قانداق ؟ بىزنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى ، ئۇلار بۇنداق پۇرسەتكە ئىگە بولالمىغان . بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان ، ئالىملار تېخى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە تەلىماتنىڭ ماددىي مەزمۇنى ئۇستىدىلا باش قاتۇرۇۋاتقاندا ، يۇناننىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسى پارسلارنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن بىرلىكتە ئەنئەنىۋى تىلغا تەسىر قىلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ، ئىراق جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرگەنىدى . ئىراق جەمئىيىتى بەكمۇ ئاۋات جەمئىيەت بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالى ، پۇل تېپىشقا يولى بار ئىدى . ئۇلار ئوينىغاندەك ئىشلىسىمۇ ، جان بېقىشقا ئامالى كۆپ ئىدى . بۇ نەرسە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن . چۈنكى ، ئۇ چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سۈرىيە ، مىسىر ۋە پارس ئالىملىرى ھەم ئوقۇغۇچىلىرى قايتا ئەركىن بېرىش ـ كېلىش قىلالايتتى . ئۇلارنىڭ باغداد ۋە باشقا ئىلىم ـ مەرىپەت مەركەزلىرىدە ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشى نەتىجىسىدە ، يىپ ـ

يېڭى ، ھەر جەھەتتىكى قىزنقىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەرەب ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى . ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ناھايىتى تېزلىكتە سەمەرقەنتتىن تارتىپ ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە تارقالدى .

بۇ بابتا بايان قىلىنىدىغان ئەدەبىيات دەۋرىنى تەبىئىي ھالدا ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن ؛ بىرىنچى باسقۇچ 750 ـ يىلىدىن تارتىپ پۇتكۇل ھارۇن رەشىد ( 809 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ⑪ دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ئەرەب يېڭى نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغان دەۋرى ؛ ئىككىنچى باسقۇچ ئۇنىڭدىن كېيىنكى 140 يىل ، بۇ دەۋردە يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ۋارىسچىلارنىڭ ئەكس روللىنىڭ باغدادتىكى رىقابىتى تۈپەيلىدىن ، بىلىم ۋە سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەسىدە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ ، رەڭگارەڭ تۈس ئالدى ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىلدا ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تەدرىجىي ئاخىرلىشىپ ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يېڭى ۋە تېخىمۇ جۇشقۇن يەرلىك مەركەزلەر ئارقىمۇ ئارقا پەيدا بولۇشقا باشلىدى .

## 1 ـ باسقۇچ

**( مىلادى 750 ـ ، 813 ـ يىللار )**

شېئىرىيەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان ئەدەبىيات شەكىللىرى ئالدى بىلەن كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىدى ، بۇ تۈرغانلا گەپ ئىدى . بۇ دەۋردىكى يېڭى ئەسەرلەر ( نەزمە ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ) نىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ، بىرىنچى

ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەھەر جەمئىيىتىدىن كەلگەن (ئاساسەن ئىراققا مەركەزلەشكەن) بولۇپ، يەنە شۇ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلاتتى. ئىككىنچى ئاپتورلارنىڭ كۆپچىلىكى «يېرىم ئادەم» ياكى «ئادەم ئەمەس» لەر ⑪ بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرىكى ئاراميلار ۋە پارسلارنىڭ بويسۇنغانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇنداق يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، بىرمۇنچە ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئەرەب تىلىدا بىر خىل ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئىدى. بۇنداق نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىسى ئوچۇق، تىلى ئاممىباب، راۋان، جۈملىلىرى ئېنىق بولۇپ، ئۇ ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى باش ۋەزىرلەر، تىلشۇناسلار، ئادۇۋوكاتلار ۋە ھەدىسچىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان ئەدەبىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئۈستىدە ئاخىردا ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، خان جەمەتى ھاكىمىيىتى قايتىدىن ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىلگىرىكى پارس ساسانىلار ھاكىمىيىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ئوخشاش ئىجتىمائىي قاتلامدىن ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئەرەب نەسرىي ئەسىرى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى خەلىپىسى مەرۋان I نىڭ ۋەزىرى ئابدۇلھېمىت ئىبنى يەھيا (750 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «رىسائىل» ناملىق ئۈچ پارچە مەكتۇپىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ پارس شاگىرتى روزبى (يەنە بىر ئىسمى ئىبنى مۇقەپپە، 757 ـ يىلى ۋاپات

بولغان ) ساسانىلار خانلىقىنىڭ ئوردا ئەدەبىياتىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ ، « ئوردا ۋەزىر - ۋۇزرا مەزھىبى » دەپ ئاتالغان ئەدەبىيات شەكلىنى ئىجاد قىلغان . ئۇنىڭغا « پارس قەھرىمانلىرى تەزكىرىسى » بىلەن « پادىشاھلار قىسسى » ( ئۇلار يوقىلىپ كەتكەن ) ۋە ھىندىستانىنىڭ مەشھۇر بېتىبەي ھەققىدىكى ئەپسانىسى « كەلىلە ۋەدەمنە » ⑫ كىرگۈزۈلگەن . مۇقپە ئەسەرلىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان قىسىملىرىغا كېيىنكى بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە مەلۇم ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن بولىشىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىزكى ، ئۇ شۇ چاغدا ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئەرەب ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن ئادا - جۇدا بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ ، مۇگلۇق ۋە يارقىن نەسرىي شەكىللەرنى قانداق ئىجاد قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇنداق ئوردا ۋەزىر - ۋۇزرا تەرەپدارلىرى ئەدەبىياتى ئەخلاقىي قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇنى مەدھىيىلەش رولىنى ئوينىغان . ئۇنىڭدا شاھزادىلەر ، ئوردا خىزمەتچىلىرى ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەربىكىتىگە قارىتا ئوچۇق نىزاملار بەلگىلەنگەن بولۇپ ، رىسالە رەسمىي تارىخقا يېزىپ ، قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر رىۋايەت شەكىللىرى ئارقىلىق يېزىلىپ ، ئۇلارغا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتا زۆرۈر بولغان مەخسۇس بىلىملەر بايان قىلىنغان . ئۇلار « ئەدەب ، ئەخلاق » نى ئاساس قىلىپ ، « ئەدەب ، ئەخلاق كىشىنى سۇباتلىق قىلىدۇ » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئوردا ئەخلاقىنى رەتكە سېلىشنىڭ ئاساسى قىلغان . ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچاملىقى ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە قىزىقارلىقى بىلەن يىگىدىن دۇنياغا كەلگەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . مىلادى

800 ـ يىللىرى باغدادتا قەغەزچىلىك سانائىتى راۋاجلىنىپ ، ئەرزان قەغەز بىلەن ئېھتىياجنى تەمىنلەش باشلانغان ، بۇنىڭ بىلەن پارس ئەپسانىلىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر كەڭ تارقالغان ، ئۇ تاكى ئەرەبلەر قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسمىي تارىخقا يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغان رىۋايەتلىرى ۋە بەدۋىلەرنىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى بىلەن يەنە بىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈپ ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇچە بولغان نەچچە ئون يىل ئىچىدە مەخسۇس بىر بايراق سۈپىتىدە داۋام قىلغان . ئەپسۇسكى ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسىدىن باشقا قىسمى يوقلىپ كەتكەن .

تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ھەدىسنىڭ توپلىنىشى — ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى باشقىچە ئىككى مۇھىم نۇقتا ، بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ساھە قارىلارچە مۇتەئەسسىپ ئىلىمگە ئايلانمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ، ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى كەڭ دائىرىلىك زېھنىي پائالىيەتنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغاندى .

ئەرەب تىلشۇناسلىقى ، شۈبھىسىزكى « قۇرئان » دىن كەلگەن . لېكىن ، يەنە شۇنىمۇ ئېنىق كۆرىمىزكى ، ئۇ بەسىرىدىكى گېنىد سابۇر ماداراچىلار گۇرۇھىنىڭ تەسىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئاساستا راۋاجلانغان ؛ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئامىل ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا ئىلمىدىن ئىبارەت . دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى بەسىرە ئىلمىي ئېقىمى نامى چىقمىغان ئېقىم ئىدى . ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ بىر ـ ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىلا ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇرغان . مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، ئاندىن شەرھىي ئەسەرلەرنى يازغان بەزى تارىخىي ئەرىبابلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق . سىستېمىلىق

ئىزاھلىق ئەسەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئومانلىق ئەرەب خەلىل ( 791 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) يازغان. ئۇ قەدىمكى نەزمىلەرگە ئاساسەن، تەگداشسىز بولغان مۇرەككەپ ۋەزىن قائىدىسى نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان ھەم ئالدى بىلەن سىناق تەرىقىسىدە بىر لۇغەت تۈزۈپ چىققان. لۇغەتتە سۆزلۈكلەر كېيىنكى ئەرەب لۇغەتلىرىگە ئوخشاش ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى تەلەپپۇز قىلىنىش قانۇنىيىتى بويىچە تىزىلغان. بۇ ھىندىلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا كېرەك، خەلىلنىڭ مۇرىدى پارس سىبەۋىيە ( 793 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ئەرەب تىلشۇناسلىقىغا ئېخىمۇ زور تۆھپە قوشقان. سىبەۋىيە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارقاق خام ماتېرىياللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، سىستېمىلىق، لوگىكىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر يۈرۈش ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنى رەتلەپ چىققان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇ بۇ ئەسەرگە ھېچقانداق ئىسىم قويماي « كىتاب » دەپلا ئاتىغان. كېيىنكىلەر بۇ كىتابقا گەرچە مەلۇم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاب شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ بەرگەن، بۇ ئەسەر ھازىرغىچە نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ( كونكرېت ۋاقتى ۋە سەۋەبى مەلۇم ئەمەس ) كۇفەدە بەسرە ئېقىمى بىلەن قارىمۇقارشى بىر تىلشۇناسلىق ئېقىمى پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە بەسرە ئېقىمىغا ئوخشاش ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. سىبەۋىينىڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى « كىتاب » سەل كېيىنرەك بەسرە ئېقىمىنىڭ كۆزقارىشى سۈپىتىدە ئومۇمغا تونۇلغان، بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ

تەلىماتى بىر مەزگىل جاپالىق بەس ـ مۇنازىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ چاغدا ئىراقنىڭ ئەبجەش بولۇپ كەتكەن شەھەر جەمئىيىتىدە ئەرەب تىلى ئارقىغا چېكىنمەكتە ئىدى. بۇ ئىككى ئېقىم ئوخشاشلا ئاشۇ خاراب ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىش رولىنى ئوينىدى. ئۇلار ئەرەب ئەدەبىي تىلىنىڭ توغرا شەكلىنى بەلگىلەپ، نۇرغۇن سۆزلۈكلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ساپ ئەنئەنىۋى ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار ئەدەبىي شەكىل جەھەتتە بىپەرۋا ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئەكسىچە، ئەرەبلەرنىڭ شەكىلگە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى يېڭى نۇقتىدىن يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بېرىپ، ئەرەب ئەدەبىي تىلىنى ئۆلچەملىك، مۇھىم سەنئەت قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا ياردەم بەردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەقسەتكە يېتىش ۋە ئوردا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ئېقىمىغا ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تىلشۇناسلار ئېقىمى ئەرەب كلاسسىك ئەسەرلىرى، نەزمىلەر، مەسەللەر ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى قېزىش ۋە توپلاشقا كىرىشتى ھەم ئۇلارنى ( «قۇرئان» ۋە ئىسلامىيەت ھەرىكىتىگە دائىر باشقا ماتېرىياللار بىلەن بىرلىكتە ) «ئەرەب ئىجتىمائىي پېنى» نىڭ ئاساسى قىلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇ تىلشۇناسلار قانداقتۇ تېتىقسىز كىتاب مەستانىلىرى ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىجتىمائىي پېنىنىڭ ئۆلىمالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئەمەلىي مەقسەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا بېقىناتتى. ئۇ پادىشاھ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان شەھەر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مائارىپقا بولغان كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋاتقان تەلىپىنى قاندۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇ چاغلاردىكى ئەڭ داڭلىق ئالىملار باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ياش ئاقسۆڭەك بەگزادىلەرنى

تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ لېكسىيىلىرى ياش تىلشۇناس ۋە شائىرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەرخىل ئالىملارنىمۇ تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈتەتتى. مۇرىتلار لېكسىيىسىنى ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق مەخسۇس تېملار بويىچە ماقالىلار توپلىمى قىلىپ تۈزۈپ چىقاتتى. خەلىلدىن كېيىن، بەسرىلىك ئاتاقلىق ئىككى ئالىم داڭلىق شېئىرىيەت ئوبزورچىسى ئەسمەئى (تەخمىنەن 831 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ رەقىبى ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئەبۇ ئۇبەيدە (تەخمىنەن 825 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆتكەن. ئۇبەيدە تارىختا ئەبۇنۇۋاسنىڭ[13] «ناھايىتىمۇ بىلىملىك ئادەم» دەپ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ساقلىغان ئىسلام دىنى گۈللىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر تەپسىلىي ماتېرىياللار كېيىنكى تارىخشۇناسلارنىڭ دائىم پايدىلىنىدىغان ۋە نەقىل كەلتۈرىدىغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئەمما، ئۇبەيدەنىڭ بىلىم خەزىنىسىدىن ئۇزۇقلۇق ئالغانلار يالغۇز تارىخشۇناسلار ئەمەس. ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلار ئەرەب ئەنئەنىسىنى قوغدىغۇچىلار سۈپىتىدە تىلشۇناسلار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، مۇشۇ دەۋر ئاخىرلىشىش ئالدىدىلا ئۆز دائىرىسى ئىچىدە، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەدەبىيات جەھەتتىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتكەنىدى. ئەدەبىياتتىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى «شۇئۇنىيە»[14] دەپ ئاتالدى ئۇلار ساسانىلار ئەنئەنىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. ئىراق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پارسلار ئىدى. «شۇئۇنىيە» چىلەر ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ مەنمەنچىلىكىگە

ھۇجۇم قىلاتتى . ئۇلارنىڭ تىلىغا زەربە بېرەتتى . شېئىرلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى . پارسلار ۋە ئەرەب بولمىغان خەلقلەر ئەرەبلەردىن ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ داۋراڭ سالاتتى . بۇ تۇتۇقۇش كېيىنكى ئەسىرگىچە داۋاملاشتى . بۇ ھال ئىراقنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس ، ھەتتا ئىلاھشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . پارسلارنىڭ ھەممىسىنى « شۇئۇبىيە » چىلەر دېيىشكە بولمايتتى . چۈنكى ، ئەرەبلەرنىڭ كۆزقارىشىنى ياقلايدىغان پارسلارمۇ كۆپ بولۇپ ، ئۇلار سان جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ رەقىبىدىن ئاز ئەمەس ئىدى . « شۇئۇبىيە » چىلەر ئەرەب ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ بولمىغۇر ، ھەتتا ۋەھشىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ، ئۇبەيدەنىڭ مەخسۇس ماقالىلىرى توپلىمىدىن نۇرغۇن باب ، مىسرالارنى نەقىل كەلتۈردى . بۇ نەقىللەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ كېيىنكىلەر ئۇبەيدەنىمۇ ( ئۇ مېسوپوتامىيىلىك يەھۇدىي بولسا كېرەك ) « شۇئۇبىيە » نىڭ ئەسەبىي داھىيلىرىدىن بىرى ، دەپ قارىدى . ۋەھالەنكى ، « قۇرئان » ھەققىدىكى تۇنجى تەپسىرنى ئۇبەيدە تەھرىرلەپ چىققانىدى .

ئىلمىي تەتقىقات تارىخىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي ئېقىمى بولغان ھەدىس تەتقىقاتى ئۇ چاغدا ئەتراپلىق ئەدەبىيات ھەرىكىتى سۈپىتىدە قانات يايمىغانىدى . ئۇنىڭغا پەقەت ئاز ساندىكى ئالاقىدار پەنلەرلا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى قانۇن ھەققىدىكى تەتقىقات ئىدى . ئاباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆزقارىشى قەتئىي ھالدا مۇنداق ئىسپاتلايتتى ؛ ئىمپېرىيىنىڭ باشقۇرۇلۇش تۈزۈمى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان

ئەدلىيە تەدبىرلىرىگە ئەگەشمەي ، دىنىي ئۆلىمالار شەرھلىگەن ھەدىس قانۇنى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك . ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئۈچ مەزھىبى ھارۇن رەشىد ⑮ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىپ بولغانىدى . بۇ ئۈچ مەزھەپ ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ، شەرھلەش داۋامىدا ( بۇ يەردە كۆپلىگەن قانۇنشۇناسلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ) ھەرقايسى مەزھەپنىڭ بىردىن ئەسىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبارغا ئىگە بولدى . مەدىنىلىك دوختۇر مالىك ئىبنى ئەنەس ⑯ ( 795 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) كونسېرۋاتىپراق ئالىملارنىڭ ئىراق مەزھىبىنىڭ تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى نەزەرىيە ۋە چەتتىن كەلگەن ئالىملارنى قوبۇل قىلغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى . مالىك مۇھىم نۇقتىنى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىگە قارىتىش بىلەنلا قالماي ، مەدىنە جەمئىيىتىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى ئۈستىدىمۇ جىق كۈچ سەرپ قىلغانىدى ⑰ بۇ جەمئىيەتتىكى ئادەت قانۇنى ــ پەيغەمبەرنىڭ ئادەت قانۇنى دەپ قارىلاتتى . مالىك قانۇن ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەققانى تۇردە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاساس قىلىنغان ھەدىسلەرنى توپلاپ ، مۇسۇلمانلار دۇنياسى بويىچە مەشھۇر ئەسەر « ئەل مۇۋەتتا » ( « تۈز يول » ) نى تۈزۈپ چىققان ، ئىككىنچى مەشھۇر ئەسەر « كىتابىلخىراج » ( « يەر بېجى قانۇنى » ) بولۇپ ، ئۇنى ھارۇن رەشىدنىڭ باش سوراقچىسى ئەبۇ يۈسۈپ ھارۇن رەشىدقا تۈزۈپ بەرگەن ( ئەبۇ يۈسۈپ ئىراق ياكى ھەنىپى مەزھىبىدە ئىدى ) . بۇ ئەسەردە سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن تارتىپ تاكتىكىغا ئوخشاش ئەمەلىي ئىشلار سۆزلەنگەن . كىتاب ئۆز تېمىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەن بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ

دەسلەپكى دەۋرلەر تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق ئوقۇش كىتابى بولۇپ قالغان. ئۈچىنچى ئەسەر «رىسالە» («ماقالىلار توپلىمى») دىن ئىبارەت. ئۈچىنچى مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى شاپىئى [18] (820 ـ يىلى ۋاپات بولغان). مەدىنە ۋە ئىراق تەرەپنىڭ داھىيلىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ئەسىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى، كەلگۈسىدە ئاساس قىلىنىدىغان پىرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىققان، شۇنىڭدەك، پەيغەمبەرنىڭ «قۇرئان» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە رولىنى ئالاھىدە بەلگىلەپ بەرگەن. بۇ ئۈچ ئەسەر ئىسلامىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە مۇنازىرىلىرى مەنتىقە ۋە مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەسرىي ئەسەرلەرگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن. دەل مۇشۇ خىلدىكى نەسرىي ئەسەرلەر كېيىنكى ئەۋلاتلاردىن يۇنانلارنىڭ ئەسلى پەلسەپە ئەسەرلىرى ۋە ئالاقىدار مۇلاھىزىلىرىنى مۇۋاپىقراق بولغان توغرىلىق ۋە جانلىقلىق بىلەن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن جاپالىق بىر ۋەزىپە ئورۇنلاندى.

مۇشۇ دەۋردە تارىخ تەتقىقاتىمۇ راۋاجلىنىپ، ھەدىسچىلىك ئىچىدىكى مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ قالدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق (768 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىسلام دىنىغا كىرگەن مېسوپوتامىيىلىك بىر كىشىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى يىراقتا يۈرۈش قىلىشىغا دائىر ماقالىلارنى توپلاپ، تۇنجى قېتىم بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان «پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» («قىسسەسۇل ئەنبىيا») نى تۈزۈپ چىققان، بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى

ئورىگىنالىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، باشتا ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رىۋايەتلەر ۋە يەھۇدىيلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى يېزىلغان؛ ئاندىن مەركەزلىك ھالدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدىكى ھاياتى، ئۆتكەن تارىخىي ۋەزىپىسى بايان قىلىنغان. ھەربىر ۋەقە توغرىسىدىكى ھەدىسلەر كۆپىنچە ئايرىم - ئايرىم، مۇستەقىل ھالدا بايان قىلىنغان، جۈملىدىن سۆزلىگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان بايانلىرى قوشۇمچە قىلىنغان؛ مۇھىم ۋەقەلەر بولسا بىر ھېكايە قىلىنغان ھەمدە ئاگلىق ھالدا، قەدىمكى «ئۇرۇش يىللىرى» ⑲ دا ئادەت بولۇپ قالغان مۇجىجەت ھەم شۇ ۋەقەگە ئالاقىدار مەزمۇنلۇق داستان ۋە نەزمىلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. لېكىن، ئىسھاقنىڭ جىمىكى پىلانلىرى مەدىنىدىكى دىندارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مىسىر ۋە ئىراقتا پاناھلىنىپ يۈرگەن. ئىراق خەلىپىسىنىڭ بىۋاستە ياردىمى ئارقىلىق ئاندىن بۇ خىزمەتنى ئورۇنلىيالىغان. بۇ ئەسەر نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتور قىممىتى يوق ۋە يالغان ھەدىس داستانلارنى توپلىغان دېيىلىپ، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان، لېكىن ئۇ ئەسەر يەنىلا كلاسسىك ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ، مىسىرلىق ئىبنى ھىشام (833 - يىلى ۋاپات بولغان) ⑳ نىڭ تەھرىرلەپ سىلىقلىشى ئارقىلىق بۇ ئەسەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇرمۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى نوپۇزلۇق مۇھىم ئەسەر بولۇپ قالدى.

كېيىنكى ئەۋلادلاردىن مەدىنە مەزھىبىدىكى يەنە بىر ئالىم ۋاقىدى (823 - يىلى ۋاپات بولغان) ㉑ تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ

يىراقتا يۇرۇش قىلغانلىقىغا دائىر ماقالىلار تويلىمىدىن ئىبارەت يىرىك ئەسەرنى يېزىپ چىققاندىن باشقا ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئەسىرىدە ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىشىلەر ھەم ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئاغزاكى ياكى يازما ماتېرىياللارنى توپلاپ چىققان . ۋاقىدىمۇ ئوخشاشلا ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان ، ئىشەنچىسىز ياكى بىر تەرەپلىمە رىۋايەتلەرنى توپلىدى ، دەپ ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ توپلىغان ماتېرىياللار ( كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى رىسالە سۈپىتىدە رەتلەپ چىققان ) يەنىلا دەسلەپكى دەۋرلەردىكى خەلىپىلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيالدۇر .

شۇ مەزگىللەردە ئىراقتىكى بەزى ماتېرىيال يىغقۇچىلار كۇفە بىلەن بەسرە بويىدۇندۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىنى رەتلەشكە كىرىشكەن . بۇ ئەسەرلەردە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭدا نۇقتىلىق ھالدا ئايرىم ۋەقەلىكلەرنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە تەپسىلىي تەسۋىرلەش ۋە تەزمىلەردىن نەقىل كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ چاغدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ جىددىي ئەھۋالى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . گەرچە ماتېرىياللاردا بىر تەرەپلىمىلىك ، ئۇششاق - چۈششەك ھالقىلاردا ۋە يىل كۆرسەتكۈچلىرىدە مۈجمەللىك بولسىمۇ ، لېكىن بايان قىلىنغان ھەر بىر ۋەقەگە بايان قىلغۇچى ياكى تارقاتقۇچىنىڭ ئىسمى تەپسىلىي ئەسكەرتىلگەنلىكى ئۇلارنىڭ توپلاش ئۇسۇلى جەھەتتە مەدىنە مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭدا ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى

بىرىنچى ئەسىرنىڭ تارىخىغا دائىر ئىچكى ئامىللار جانلىق تەھلىل قىلىنغان. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭغا بۈيۈك تەمىم قەبىلىسىنىڭ رىۋايەتلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ رىۋايەتلەرنى سەيىپ ئىبنى ئۇمەر (796 - يىلى ۋاپات بولغان) قەدىمكى دەۋردىكى «ئۇرۇش يىللىرى» غا مەنسۇپ نەزمە ماتېرىياللارغا ئاساسەن، يىراققا يۇرۇش مەزگىلىدىكى تارىخىي رىۋايەت شەكلىدە يېزىپ چىققان. سەيىپ ئىبنى ئۇمەر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبەرىنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەبەرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈشىگە دىنشۇناس تەبەرىنىڭ ئۇمەرنى تارقاتقۇچى سۈپىتىدە ۋاقىدىنىمۇ مەشهۇر دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولغان.

تارىخ تەتقىقاتىغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسى تەنقىد ئۇسۇلى ئارقىلىق، توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ساختىسىنى شاللىۋېتىپ، چىنىنى ساقلاپ قىلىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. بۇنداق تەنقىدىي پوزىتسىيە ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالاردىن باشلاپلا راۋاجلانغان. بەسىرىلىك ئۆلىما مەدائىنى (840 - يىلى ۋاپات بولغان) بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان. ئۇ ئىلگىرىكىلەر توپلىغان ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن ئۇبەيدە ۋە ۋاقىدىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ 230 پارچە مەخسۇس ماقالا قىلىپ رەتلەپ چىققان. مەدائىنىنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇھىم توپلاملارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالغان (بۇ ئەسەر مۇشۇ توپلاملار ئىچىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن) جۈملىدىن بۇ ئەسەرلەر هازىرقى دەۋرنىڭ تەنقىدى ۋە سىنىقىدىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئۆتتى.

بىز ئەمدى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۈۋەندىكى

پاكىتنى كۆرۈپ باقايلى ؛ ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى يۈز يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تارىخى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللار توپلانغان. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، بۇ ماتېرىياللارنى توپلاشتا ئۇلار تامامەن ئۆز كۈچىگە تايانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋىزانتىيە ۋە پارسلارنىڭ تەسىرىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق، دەرۋەقە، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە قىلغان يۈرۈشى ۋە ئۆزئارا رىقابىتى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان تەبىئىي غۇرۇر بۇ خىل تارىخىي ئويغىنىشقا مەدەت بەرگەن بولىشىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يەنىلا دىن ئىدى. ئىلاھىيەت نۇقتىسىنەزەرىگە ئاساسلانغاندا، تارىخ ئىلاھنىڭ سان - ساناقسىز مەخلۇقلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان سەھنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۈننى مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۆلۈنۈشى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرگە دائىر بەزى ۋەقەلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇۋالدى. شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تاكى مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ تالاش - تارتىشى يەنىلا ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتتى. بۇ نۇقتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ھەر قايسى مەزھەپنىڭ ئەزالىرى مەزھەپچىلىكنى مەڭگۈلۈك يۇقتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئاتالمىش ئاسلىق زاتلار ھەدىسشۇناسلىقتىن تەنقىدىي تەھلىلنىڭ ئامىللىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇنداق تەنقىدىي تەھلىل ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ كاللىسىغا ئورنىشىپ كەتكەن ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش، رومانتىزملىقتەك ئالاھىدىلىكلەر تەجرىبىچىلىكنىڭ چەكلىمىسىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىدى، شۇنىڭدەك تەنقىدنىڭ

ئۆلچىمىگە ئاز - تولا ئېتىبار بېرىلىدىغان بولدى. كېيىنكى چاغلاردىكى ئەرەب ۋە ئىسلامىيەت تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاساسى مانا شۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ تارىخشۇناسلىقنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. يولى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇ ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى.

ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە ئۆلىمالار ئەرەب نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىشلەۋاتقان چاغدا، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئېقىمى ۋە ئۆزگىرىشى يەنىلا ئۈزلۈكسىز تۈردە شېئىرىيەتتە بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپتى، ئىسلام جەمئىيىتى پارس مەدەنىيىتى ۋە ئارامىي مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، مۇھەببەت ۋە نەپرەتتىن ئىبارەت ھېسسىيات ۋە ئىنكاس كەڭ تۈردە قوزغالدى. بۇخىل ھېسسىيات شېئىرىيەت ئارقىلىق ئەركىن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، مۇشۇ دەۋرنىڭ باشلىرىدا (روشەنكى، ئۇ ۋەلىد II نىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن بولغان) بەسىردە ئىككىنچى تۈرۈندىكى شائىرلار ئېقىمى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كىنايىلىك ئەسەرلىرى، ھەتتا قوپال نەزمىلىرى ئىراقتىن ئىبارەت يېڭى گۈللىنىۋاتقان، سۆلەتۋاز جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، ئۇ ھەتتا خان سارىيىغا ئېلىپ كىرىلدى. نوتىغا ئېلىنىپ، شەخسلەرنىڭ خۇپىيانە ئۆيلەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى قامدالدى. بۇ چاغدا ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى باشقا شېئىرىيەت مەزمۇنلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پەيدىنپەي بەزى يېڭى ئامىللار سىڭگەنىدى. بۇ چاغدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق ئاباس ئىبنى ئەھنەف (تەخمىنەن 807 - يىلى ۋاپات بولغان) ㉕ ئىجاد قىلغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىنىغان ئېسىل غەزەل ئىدى. بۇ ئۆزگىرىش ئاساسلىق شائىرلار

ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە «قەسىدە» شەكلى خاھىشىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش نامى بىلەن يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق شېئىرىيەت شەكلى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى زامانىسىدىكىگە قارىغاندا قائىدە ـ يوسۇن رولىنى بەكرەك ئوينىدى. بولۇپمۇ شائىرلارنىڭ ئىش ھەققى «قەسىدە» نىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ ھېسابلىنىدىغان چاغدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. لېكىن، «قەسىدە» مۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى. (1) پايدىلىق تەرەپ شۇكى، يېزىقنىڭ راۋان، ئىخچام بولۇشى تەلەپ قىلىنغانلىقى تۈپەيلى ئەرەب ئورتاق تىلىنىڭ توغرىلىقى ۋە كۆپ خىللىقىغا زىيان يەتمىدى. شۇڭلاشقا «قەسىدە» ۋە «ساتىرا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل، ئۆزگىچە خاس ئىجادىي روھقا ئىگە ئىدى. (2) يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسەر ئىچىدىكى شېئىرلار ھەققىي شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، سۈنئىي ماھارەتنىڭ پەيدىنپەي باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەسىلەن، سۆز گۈزەللىكىنى قوغلىشىش نەتىجىسىدە، يوشۇرۇن ۋە ئوچۇق ئوخشىتىش شەكلى بارلىققا كەلدى. بۇ، تەمسىل ۋە گۈزەللەشتۈرۈلگەن قارىمۇقارشى مىسرالار ئىشلىتىلىدىغان «يېڭى شەكىل» بولغاچقا، ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىنىڭ قوللىنىش دائىرىسىنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەردى؛ لېكىن، تىلشۇناسلار بۇنى ناتوغرا ھالدا «بەدئىيلىك»، يەنى «يېڭىلىق ۋە غەلىتىلىك» (3) دەپ ئاتىدى. ئەمما شائىر بەششار ئىبنى بۇردى (784 ـ يىلى ۋاپات بولغان) (4) نىڭ ئەسەرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇشۇ تىپقا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بۇرد ئىراندا تۇغۇلغان بولۇپ، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى تۇنجى ئاساسلىق ئەرەب شائىرى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇنىڭ ئاشكارا ئوخشىتىش

خاراكتېرىدىكى مەشھۇر شېئىرلىرىدىن بىرى:

باشلىرىغا جەڭ ـ جېدەللەردىن توزان قونسۇن تامام،
سانجىلار كوك قەھرىگە تىغلار ئاقار يولتۇزسىمان.

كىشىلەر ئادەتتە مىڭ بىر جاپا بىلەن ئىشلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بۇنداق «قەسىدە» نىڭ ھەنئۇۋاسىنى كېيىنكى ئەۋلاد شائىر مۇسلىم ئىبنى ۋەلىد ⑮ كە مەنسۇپ قىلىدۇ. بەزى ئوبزورچىلار ۋەلىدكە بەكمۇ چوقۇنىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۇنى «شېئىرىيەتنى ئەڭ بۇرۇن بۇزغان ئادەم» دەپ ھاقارەتلەيدۇ. لېكىن، ئوردىدىكى قوغدىغۇچىلار تىلشۇناسلارنىڭ بۇنداق ئەيىبلىشىگە پىسەنت قىلماي، كەڭ ۋە كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، بۇ يېڭى شەكىلنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىتىراپ قىلىنىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەنئۇۋاسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولغان ئەھۋال، شۇ دەۋر شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ئەبۇ نوۋاسنىڭ ئەسەرلىرىدىن بۇ خىل «ماھارەتنىڭ ساقىندىسى» نىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. يېرىم پارس قانداشلىقىدىكى ئەبۇنوۋاس ئۇسمۇر ۋاقتىدىلا بەسرە مەزھىبىدىكى شائىرلارنى ئۇستاز تۇتقان. ئەرەب شېئىرىيىتىدە ماھارەت جەھەتتە ئۇنىڭدەك تالانتلىق كىشى ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزمىلىرى نەپىس بولۇپ، سۆز تاللاشقا بەكمۇ كۈچ سەرپ قىلغان. مەشھۇر قەدەھ كۈيىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى نامايان بولغان. ئۇنىڭ نەزمىلىرىگە غەلىتە، قىزىقارلىق، شاللاقلىق، كىنايىلىك، ھەتتا ئېتىقسىز جۈملىلەرمۇ ئارىلاشقان بولۇپ، بۇ كىشىگە خۇددى تۆت تەرەپكە تەڭ ئېتىلۋاتقان ئوقيانى ئەسلىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى

قەبىلىلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ( ئۇ ئۆزىنىڭ يەمەنلىكلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ ) . ئۇلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ ، نوۋاسنىڭ ئۆتكۈر قەسىدىلىرى ، ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىغان ساتىرالىرى ، قوپال لىرىكىلىرى ، سۆزلىرى جايىدا ئىشلىتىلگەن بەدۇىلەر ئۇسلۇبىدىكى ئۇۋۇ ناخشىلىرى ( ئۇ ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ژانىرىنى تىرىلدۇرگەن ) ئۇنى ئەرەب ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ ئەڭ ئاخىرقى ناتۇرالىزم مەزھىپىدىكى نەزمىچى شائىر غا ئايلاندۇرۇپ قويغان . ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى بىرى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئۆلچەملىك شېئىرىيىتىگە دەرھال تەسىر كۆرسەتكەن يېڭى تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلالىغان . شۇنىڭدىن كېيىن شائىرلار شېئىرىيەت سەنئىتىنى پەقەت پىشقەدەملەردىنلا ئۆگىنىدىغان بولغان . تىلشۇناسلار مەزھىپى راۋاجلانغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ بەسىرىدە شائىرلار تىلشۇناسلاردىن سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ ، ئۆز كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە باشلىغان . بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، شائىرلار ۋە تىلشۇناسلار ، شېئىرىيەت ئەرەب تىل سەنئىتىدىكى پاكلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى بولسا ، « قەسىدە » شائىرلارنىڭ بۇنداق بەدىئىي ماھارىتىنى ئىگىلىشىنىڭ ئەڭ ئالىي گوۋاھچىسى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن . بىراق ، بۇنداق تەشەببۇسنىڭ نەتىجىسىدە شائىرلار ئۆزىنىڭ سەنئىتىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغان ، شېئىرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا باھا بېرىشنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلغان ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان

ئارتۇقچىلىقنى باھالاشتا ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرەب شېئىرىيىتىدە، كېيىنكى بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان ئەندىزىچىلىك كېلىپ چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، يېڭى شەكىلدىكى ماھارەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ خىل ئەندىزىچىلىك سەۋەبىدىن شېئىرىيەت بەزى كالتە پەم شائىرلارنىڭ قولىدا ئاجىزلىشىپ قانداقتۇر بىرخىل كونىراپ كەتكەن تېمىلارنى ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلىپ ئىشلەشكىلا ئايلىنىپ قالغان، پەقەت كۆرۈنۈشتە بەزى ئوخشىتىشلا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ.

ئەلۋەتتە شائىرلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ خىل ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ئەبۇنوۋاس بىلەن زاماندىش بولغان ئەبۇل ئەتاھىيە (826 ـ يىلى ۋاپات بولغان) * ئەخلاققا دائىر تەربىيىۋى شېئىر يېزىپ ئەنئەنىدىن ئۇزۇل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئاڭلىغۇچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەزىن جەھەتتىكى بارلىق كونا قائىدە - يوسۇنلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاددىي، ئىخچام خەلق تىلىنى قوللانغان. ھەتتا يېڭى ۋەزىن قائىدىسىنى سىناق تەرىقىسىدە قوللانغان. ئەتاھىيەنىڭ قابىلىيىتى ۋە ماھارىتى نوۋاسقا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكەن شۆھرىتى ئوردىلاردا كىشىلەر ياقتۇرۇپ قالغان بەزى تېتىقسىز ئەسەرلەرنىڭكىدەك ئۇزاققا سوزۇلدى. ئۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «ئەرەب دىنىي داستانلىرىنىڭ ئاتىسى» دەپ نام ئالدى. شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئەتاھىيەنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى قالاق ئادەتتىن ئادا - جۇدا بولغانلىقىنى دورىيالىغان بىرمۇ كىشى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەسىرە كوچىلىرىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تېپىلاتتى. ئۇلار ھەددىدىن زىيادە كۆرەڭلەپ ھال تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تېپىك

ئەرەب ئەنئەنىسىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى .

## 2 ـ باسقۇچ

( مىلادى 813 ــ ، 945 - يىللار )

تۆت يىللىق جاپالىق ئۇرۇشتىن كېيىن ، ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى مەئمۇن ⑫ باغدادنى ئىگىلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر بەت ئېچىلدى . مەئمۇننىڭ ئانىسى پارس بولۇپ ، مەئمۇن بالىلىق دەۋرىنى پېرسىيىدە ئۆتكۈزگەن ؛ كېيىن ئۇ ئاساسەن پارس قوشۇنلىرىغا تايىنىپ تەختكە چىققان . زېھنى جەھەتتە مەئمۇننىڭ بىلىمى كېڭ سابىر مەزھىپى ۋەكىللىك قىلغان مادارىچىلار ئېقىمىغا مايىل ئىدى . ئۇ يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ـ تەتقىق قىلىش ئىشىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن باغدادتىتا « ھېكمەت ماكانى » ( « بەيتۇلھېكمەت » ) ناملىق بىر مەدرىس قۇرغان ، جۇملىدىن ئۇ يەردىكى مەزھەپ ۋە پەلسەپىۋى مۇزاكىرىلەرگە قىزغىن قاتناشقان ، كېيىن مەئمۇننىڭ ئىككى ۋارىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى دورىغان . شۇڭا ، كېيىنكى چارەك ئەسىردە ، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى پۈتۈن ئىمپېرىيىگە تولۇق ۋە ئەركىن تارقالغان . كەسكىنرەك ئېيتقاندا ، شۇ چاغدىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى باشقا دىندىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر بولۇپ ، بۇلار ئىچىدە ئەرەبلەر ئاز ئىدى . ئۇلار شەرق دۇنياسىنىڭ پەلسەپە ھەققىتىنى شۇبھىسىز قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىنى ۋە پەلسەپە ھەققىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېرىم دىنىي خاراكتېرلىك شۆھرەتنى ئىسلامىيەت ئىلمىي ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەنىدى . ئالاقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ، ماددىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ

ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشى بىلەن غەربىي ئاسىيا زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان يۇناننىڭ مەدەنىي مىراسلىرى مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دېگۈدەك ئەرەب ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىگە مۇسابىقە ئېلان قىلغان. كېيىنكى ئىككى يېرىم ئەسىر ئىچىدە، مەيلى دىنىي ياكى غەيرىي دىنىي ئەرەب ئەدەبىياتى بولسۇن، ھەممىسى يۇقىرىقى زىددىيەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان جەلپ قىلىش كۈچى ياكى چەتكە قېقىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

بىز بۇ يەردە ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپە جەھەتلەردىكى تېخنىكىلىق ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، تېمىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق كىشىلەر ئۈستىدە توختالمايدىغان بولساق، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلار تونۇشتۇرغان مەخسۇس ئىلىم - پەن دائىرىسىنىمۇ چۈشىنەلمەي قالىمىز. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال تەرجىمە قىلغان تەرجىمان بائالبېكلىق قۇستى ئىبنى لۇقا [40] بولۇپ، ئۇ ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۆزىمۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە باشقا پەنلەر ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان يازغۇچى. لېكىن، لۇقا ھۇنەين ئىبنى ئىسھاق (873 - يىلى ۋاپات بولغان) [41] قا يەتمەيدۇ. ئىسھاق ئەپلاتون ۋە جالېن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئاناتولىيە [42] دە يۇنان تىلىنى ئۆگەنگەن، يۇنان پىراۋىسلاۋىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرىدە خرىستىئان دىنىدىكى بەختىياشۇ [43] قەۋمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ خەلىپىگە مەخسۇس دوختۇر بولغان (بەختىياشۇ قەۋمىدىكىلەر بۇ ۋەزىپىنى بىر نەچچە ئەۋلادقىچە ئىگىلەپ تۇرغانىدى). تەرجىمانلارنىڭ قىزغىنلىقى بەزىدە ئېھتىياتلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، نۇرغۇن خاتالىقلارمۇ كۆرۈلگەن.

مەسىلەن، پىلوتىن ⑭ نىڭ « توققۇز پارچە ئەسىرى » نىڭ بىر نەچچە پارچىسى « ئارىستوتېل ئىلاھىيەت توغرىسىدا » دېگەن تېمىدا ئوتتۇرىغا چىققان؛ ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈشتەك بۇنداق ئەھۋال ھېچ كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغىمىغان. بۇ ئەسەر مۇسۇلمانلار كېلىشتۈرمەكچى بولۇۋاتقان پەلسەپە قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە باشتىن - ئاخىر تېخىمۇ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان. ئەرەب پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا كىندى ( 850 - يىلى ۋاپات بولغان ) يۇنان مەسىلىسىنى بىرىنچى بولۇپ تەتقىق قىلىپ داڭق چىقارغان ئالىم. كىندى ساپ ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولغاچقا، « ئەرەب پەيلاسوپى » دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشەلىگەن. ئۇ يۇنانىنىڭ ھەممە پەنلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مۇزىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ۋە ئەدەب - ئەخلاق تەلىماتى، لوگىكا، مېتافىزىكا ⑮ جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 265 پارچە ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاق تەلىماتى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە، كېيىنكى دەۋرلەردىكى يۇنان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەپلاتون ئىلمىي ئېقىمى، ئۆزى بەگ — ئۆزى خانلار ئىلمىي ئېقىمى ۋە سىدوگىي ئىلمىي ئېقىمىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىندىنىڭ ساقلىنىپ قالغان مېتافىزىكىلىق ئەسەرلىرىدە، ئۇ بارلىق مۇسۇلمان پەيلاسوپلارغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە دائىر تەلىماتلارنى ئارىستوتېل بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى بولغان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە نوقۇل ئەقلىي بىلىش خاراكتېرلىك تەتقىقات ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش لازىملىقىدىن ئىبارەت مەشھۇر بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ. « بىز ھەقىقەتنى، مەيلى ئۇنىڭ قاياقتىن كېلىشىدىن، ھەتتا يات، يىراق ئىرق مىللەتلەردىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، قىلچە تارتىنماي قەدىرلىشىمىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىز

لازىم . »

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ماتېماتىكا تارىخىدا ئەبۇبەكرى خارەزمى [36] ( تەخمىنەن 844 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ . مەئمۇننىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۇ يۇناننىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپلا قالماي ، بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھىندىستان رەقەم تۈزۈمىنى تەتقىق قىلغان . ئۇ ھىندى رەقەملىرى ئارقىلىق رەقەملەرنى ساناش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلغان . ئۇنىڭ ئالگېبرا ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر ئەسەرلىرى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ، ئون خانىلىق رەقەم ( ئەرەب رەقىمى ) ياۋروپاغا تارقالغان . پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئون خانىلىق سانىغا ئەرەب رەقىمى دەپ نام بېرىلگەن . ئەبۇبەكرى خارەزمى كىندىنىڭ بەتلىموس جۇغراپىيىسىنى تۈزۈپ بەرگەن . ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ئاسترونومىيە ئەسەرلىرى بىلەن نام چىقارغانلار ئىچىدە ئەبۇبەكرى خارەزمىنىڭ زاماندىشى پەرغانى [37] كىندىنىڭ شاگىرتلىرى ئەبۇ مەئشەر [38] (886 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بىلەن بەتتانى [39] (929 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بار ، تىبابەتچىلىك جەھەتتە جالىنۇس قالدۇرۇپ كەتكەن تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنى ئىبنى ماشاۋىخ ( 859 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) راۋاجلاندۇرغان . ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىبابەتچىلىكنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستىسى رازى [40] ( تەخمىنەن 930 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بولۇپ ، ياۋروپالىقلار ئۇنى ئادىتى بويىچە رازىس دەيدۇ . رازىنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى پېرسىيىدە ئۆتكەن . ئۇ باغداد دوختۇرخانىسىدا باش دوختۇر بولغان . رازىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى « تىبابەتچىلىك

قوللانمىسى » ( « ئەلهاۋى » ) ، بىر نەچچە پارچە تىزىسى ۋە بىرمۇنچە مەخسۇس ماقالىلىرى ، جۇملىدىن چېچەك توغرىسىدىكى مەشھۇر ماقالىسى بار . ئۇنىڭ كېلىنكىلىق دىئاگنوزغا دائىر پاكىتلىق دوكلاتى كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ . ئۇ كېيىنكى رەسمى تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەرنى توپلىغۇچىلارنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغان . ئۇ پەلسەپە جەھەتتىمۇ تولۇپ تاشقان ئىجادىي روھقا ئىگە كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق دىنغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ۋە زەربىسىگە ئۇچرىغان ، شۇڭا ئۇنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان .

يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ئالدى بىلەن دىنىي ساھەدە ئىنكاس قوزغىدى . بۇنداق بولۇشى چۈشىنىشلىك بولۇپ ، ئۇ چاغدا تارقالغان يۇنان پەلسەپىسى يېڭى ئەپلاتون ئېقىمى ئىدى . شۇڭا ، نوقۇل ئەپلاتون ئېقىمىنىڭ پان ئىلاھچىلىق پەلسەپە كۆزقارىشى بىلەن « قۇرئان » دىكى مۇقەددەس بىر خۇدالىق نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغانىدى . ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى ئەسىردىلا ئەرەبلەر ئارىسىدا بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئاز - تولا ئىزدىنىش بولغان . بەلكىم بۇ خرىستىئانلارنىڭ سۈرىيىدىكى بەس - مۇنازىرىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن . بەس - مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ئالدى بىلەن ، ئىنسانىيەتتە ئەنئەنىچىلەرنىڭ « تەقدىرچىلىك » ئەقىدىسىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ئەركىنلىك بارمۇ - يوق دېگەن نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى . چەتنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى . ھەركەتنىڭ بىرىپ تاقىلىدىغان دائىرىسى كۆنايىن

كېڭىيىۋاتاتتى. بۇ چاغدا مۇئتەزىلىلەر [11] دەپ ئاتىلىدىغان مادداچىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئايرىلىغۇچىلار ياكى بىر تەرەپلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى. «مۇئتەزىلىلەر» «تەقدىرچىلەر» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەددىشۇناسلار بۇنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ياكى ئۇنى تىزگىنلەشكە تېخى كۈچى يەتمەيتتى. ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا ئىلمىي بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ۋە يۇناننىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرىگە ئوتتەك قىزىقىۋاتقان، تەربىيە كۆرگەن جەمئىيەت بۇ مۆجىزىلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى مۇقەررەر ھالدا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاندۇرۇپ بولمايدىغان ئىلىم تەشنالىقى قوزغالدى. بۇنىڭدىن باشقا دەسلەپكى «مۇئتەزىلىلەر» ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ «دۇئالىزم» لىق غەيرىي تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرغۇچى قىزغىن جەڭچىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويغانىدى بۇ خىل دۇئالىزم تەلىماتلىرى شۇ زامانلاردا ئىراقتا بىر مەھەل كەڭ ئەۋج ئالغان. ئۇلار پەقەت دىن تارقاتقۇچىلىق رولى بىلەنلا قانائەتلەنگىنى ئۈچۈن، دىنىي مۇلاھىزىلەرنى تار مەدرىس دائىرىسىدىلا چەكلەپ قوياتتى. ئۇنداق بولمىغان ھالەتتىمۇ پەلسەپە ساھەسىدىكى بۇ بەس - مۇنازىرە ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى.

لېكىن، خەلىپە مەئمۇن ئاشكارا ھالدا «مۇئتەزىلىلەر» تەرەپتە تۇرۇپ، يۇنان ئەنئەنىۋى مەزھىپىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن «مۇئتەزىلىلەر» بارغانسېرى بىپەرۋالىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى تۈرلۈك ئىسلاھات تەرتىپلىرى ئۈستىدە ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ سۆزلەر بىر - بىرىدىن كەسكىن بولدى.

«مۇئتەزىلىلەر» يۇنان دىئالېكتىكىسىنى كۈچلۈك ئېرشكۈچى سۈپىتىدە «قۇرئان» ئەقىدىلىرىگە ئىشلەتكەندى. بۇنىڭ نەتىجىسى تولىمۇ غەلىتە بولدى. ئۇلار يۇنان ئەدىبىيىدىن ئىبارەت بىپايانسىز ئوكيان ۋە مۇتلەق ئەركىنلىك ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىپ، مۇۋاپىق ئېھتىماللىققا ئىگە كۈندىلىك تۇرمۇش بازىسىدىن مەھرۇم بولدى. تەبىر ۋە مۇھاكىمە ئۇسۇلىدىن ئىبارەت قورالنى ئويىنىتىپ، مۇتلەق ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا ئىنسانىدىن ئەلىشىپ كەتتى» (42)

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز. ئەنئەنىچىلەر بۇنداق نەرسىلەرنىڭ تارقىلىشىغا يول قويمايتتى. «مۇئتەزىلىلەر» نىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى مۇھىملىقى ئۇلار پەيدا قىلغان تەسىر ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان قارىمۇقارشىلىقتىن ئىبارەت. ئۇلار ئەنئەنىۋى مەزھەپكە تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان چاغدا، مۇداپىئەلەنگۈچىلەر تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن جەڭگە كىرىشتى. ئۇلار ھەر قانداق قاباھەتلىك غەيرىي ھەرىكەتلەرنى رەت قىلدى. ھەتتا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشنىمۇ رەت قىلدى، ئۇلار «قۇرئان» ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە لىنىيىسىگىچە چېكىندى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق مەسىلەرگە «نېمە ئۈچۈن دەپ سورىماڭلار» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئۇلارنىڭ جەڭچىسى باغداد ئىمامىنىڭ مەبۇتى ئەخمەت ئىبنى ھەنبەل (43) (855 ـ يىلى ۋاپات بولغان) شۇ چاغلاردا ئالدىنقى قاتاردىكى ھەدىسشۇناسلاردىن ئىدى.

خەلىپە مۇتەۋەككىل (861 — 847) (44) خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىقىم «مۇئتەزىلىلەر» گە قارشى تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئابباسلار جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخى بىر ئەسىرگە توشماي تۇرۇپلا، ئۇردا سىياسىتى پەيدىنپەي چۈشكۈنلەشتى. ئۇلار ئىچكى، تاشقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە

يالغۇزلىنىغان ياكى بەلگىلەپ بېرىلگەن قوغدىغۇچىلارغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ سەكراتتىقا چۈشۈپ قالغان جېنىنى ساقلىماقتا ئىدى. بارلىق مۇسۇلمان خانلىرى ئاتاباسلار خەلىپىلىكى گۈللەنگەن دەۋردە ئىلىم - پەن، ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىغانىدى؛ زاۋاللىققا يۈزلىنىش دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلاھشۇناسلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن مۇرەسسەلىشىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. گەرچە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش يولىدىكى ئىزدىنىش ۋە يوشۇرۇن تالانت ئىگىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى يەنىلا ئوگايلىقچە يىمىرىپ تاشلىغۇسىز دەرىجىدە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئىلاھشۇناسلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەدەل بېرىشكە توغرا كېلەتتى. مۇتەۋەككىل كۈچىنىڭ بارىچە مەمۇرىي كۈچىگە تايىنىپ ئەنئەنىچىلەرنى قوللاپ، باغدادتىكى سوپى مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئۇستازى مۇھاسىبىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى؛ شىئە مەزھىپىنى قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى؛ خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك ئىسراپچىلىقىنى قاتتىق قانۇنى يولغا قويۇش ئارقىلىق چەكلىدى. خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىدى. باشقۇرۇشقا بويسۇنمىغان يازغۇچى ياكى شائىرلار «مۇئتەزىلچى» ئۇنسۇر دېيىلىپ قانۇني جازاغا تارتىلدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئەنئەنىچىلەر قائىدە سۆزلەش ئۇسۇلىنى رەت قىلىدىغانلا بولسا، «مۇئتەزىللەر» مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىسى ئۇلارغا ھامان تەھدىت بولۇپ قالاتتى. ئىلاھشۇناسلار قارشى تەرەپتىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ دىئالېكتىكا قورالىنى ئىشلىتىدىغان بولسا، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن يۇنان فىزىكىسى بىلەن «قۇرئان» ۋە ھەدىس ماتېرىياللىرى بىرلەشتۈرۈلگەن «چاكىنا ئىلاھشۇناسلىق» بىرلا ۋاقىتتا باغداد،

مىسىر، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا شەكىللەندى ۋە ئۇلار «مۇئتەزىلىلەر» نىڭ كۆزقارىشىنى پەيدىنپەي تەنقىد بىلەن ئاغدۇردى. بۇ ئاساسەن ئىلگىرى «مۇئتەزىلىلەر» ئىچىدە تەربىيە كۆرگەن، باغدادتىكى ھەرىكەتنىڭ يولباشچىسى بولغان ئەشئەرى ﷺ (935 ـ يىلى ۋاپات بولغان) گە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. كېيىنچە «مۇئتەزىلىلەر» نىڭ مۆتىدىللىرى چاكىنا ئىلاھشۇناسلىقنىڭ سول قانىتى بولۇپ قالدى؛ رادىكاللىرى بولسا، شىئە مەزھىپى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ يېڭى زېمىنىنى تېپىۋالدى. ئەشئەرى مەزھىپىدىكىلەر ئۆز سىناقلىرىدىن ئۆتتى؛ ھەنبەل مەزھىپىدىكىلەر بولسا، يەنىلا ھەرقانداق مۇھاكىمىگە قارشى ئىدى. شۇڭا، ئەشئەرى تەلىماتى بىر يېرىم ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سۈننى مەزھىپى (ئەنئەنىۋى مەزھەپ) ئىچىدىكى چاكىنا ئىلاھشۇناسلىق بولۇپ شەكىللەندى.

ئەنئەنىچىلەر «مۇئتەزىلىلەر» بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ چاققىچە ئۆزى بىلەن زىچ ئىتتىپاق ئورنىتىپ كېلىۋاتقان بىر تەشكىلنىڭ يېڭى تەھدىتىنى سەزدى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى ئاتاغلىق تەركىدۇنياچىلار ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇ مۇخلىسلارنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى «قۇرئان» نى تاكى ھەربىر سۆرىسىنىڭ مەزمۇنىنى رېئال تۇرمۇشتا ئەكس ئەتتۈرگەنگە قەدەر تەكرار ـ تەكرار يادلاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بەسىرىلىك ھەسەن (728 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى ئەسىردىكى تەركىدۇنياچىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر تىپى ئىدى. ئۇلار ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان مەددالىق ھېكايىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەسەن چەكسىز ئىخلاسمەن ۋە قەيسەر بولغاندىن باشقا مۇكەممەل ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تەبىئىي

ناتىقلىق تالانتىغا ئىگە ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە قەغەز يۈزىدىكى چۈشەندۈرۈشكە يېپىشىۋالىدىغان ئىلاھشۇناسلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گۈزەل نامى ئىسلام دىنىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئىككىنچى ئەسىردە بۇ خىل تەركىدۇنيالىق تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل ئۇسۇللىرى بار ئىدى. بىز بەسرە ۋە باشقا جايلاردا «مازار ـ خانىقالارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغانلار» ۋە كوچا ـ رەستىلەردە «مەددالىق قىلىدىغانلار» نىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنداق تەركىدۇنياچىلارنى [16] (بۇ چاغدا ئۇلار سوپى دېيىلىدىغان بولغان) تەقدىرچىلەر، شىئەلەر ۋە ئەنئەنىچىلەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولاتتى. ئىپتىدائىي ئىسلام دىنىنىڭ سىرلىقلىقى، مۇقەررەر يوسۇندا، غەربىي ئاسىيادا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان قەدىمكى دىنىي ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە، بولۇپمۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى نوستى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەقىدىلەرنى ئۆز ئالدىغا قوشۇۋېلىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپچىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قاتتىقراق ئېيتقاندا «قۇرئان» ئەقىدىلىرىگە ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەرلا قالدى. سوپى مەزھىپىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالى شۇكى، تەركىدۇنياچىلار «ئاللادىن قورقۇش» تىن ئىخلاسمەنلىككە ۋە سىرلىق ھالدا «ئاللاغا سېغىنىش» قا كۆچتى. بۇ بەسرىلىك شائىرە رابىئە (801 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ نەزمىلىرىدە مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن سۈرىيىچە سىرلىقلاشتۇرۇشنىڭ تەسىرىنى تېپىش قىيىن ئەمەس.

ئۈچ ئەسىرنىڭ ئالدىدا سوپى مەزھىپىنىڭ نىشانىسى ۋە ئۇسۇلى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئادەتتىكى ئەقىدىلىرى ئوتتۇرىسىدا

ھېچقانداق زىددىيەت يوق ئىدى. لېكىن، 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە[47] سىرلىق ھالدا ئاللاغا سېغىنىش ئۇسۇلى ئەسەبىيلەرچە مەبۇتقا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. «قۇرئان» نى چۈشەندۈرۈش جەھەتتىكى پان ئىلاھىيەت سىرلىقلىقى ئامما قوبۇل قىلالايدىغان تاشقى ئىدىيۋى كۆزقاراشلاردىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى؛ سوپىلار مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بارلىق دىنىي جەھەتتىكى چەكلىمىلەردىن قۇتۇلدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر سوپىلارنىڭ خۇدانى بىرىنچى شەخس بويىچە ئاتىشىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن قورقۇپ كېتەتتى... ئىلاھشۇناسلار يەنە بىر قېتىم قوراللىنىپ كۈرەش قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. لېكىن، كۈرەش قىلىش ئويى پەقەت ئاز ساندىكى ئىلغار مۇتەپەككۇرلاردىلا بار ئىدى. 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بەزى تەشكىلاتلار قۇرئاننى يادلىۋېلىپ زىكرى قىلىشتەك كونىچە يىغىلىشنى گىپنوزلۇق بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. كۆپ ساندىكى سوپىلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئۇسۇلى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى؛ سوپىلارنىڭ ئىچىدىمۇ «مۇئتەزىللەر» نىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆز قورالى ئارقىلىق رەت قىلىندى. لېكىن، تەركىدۇنياچىلار ئىلاھىيەتشۇناسلار بىلەن سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى چاكىنى كۆندىن ـ كۈنگە كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى رەسمىي بىرلىككە كەلگەن. مۇرەككەپ، دۈشمەنلەرچە دىنىي ئەقىدىگە ئايلانغاندا، ئىلاھشۇناسلار كۈرەش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان ئاساسلىق كىشى دەسلەپكى سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا

كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتىدىكى ۋەكىلى، پارس ھەللاج بولدى. پروفېسسور ماسلون ﴿ بىرمۇنچە مەخسۇس ماقالىلارنى يېزىپ، ھەللاجنىڭ ھاياتى، تەلىماتى ۋە ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلدى. پروفېسسور ماسلون ھەللاجنىڭ ئاساسلىق كۆزقارىشى ئەنئەنىچىلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئۇنىڭ كۆزقارىشى پان ئىلاھىيلىق دېگەن گۇمانى كۆزقارىشىغا قوشۇلمىدى. ھەللاجنىڭ نامى باغدادتىكى زېمىپ ھاكىمىيەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئۇ بەزى جايلاردا سۆزدە دىققەت قىلمىغاچقا، شەرىئەت تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، 1921 ـ يىلى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەركىدۇنيالىق داۋاملىق ھالدا ئىككى يولنى بويلاپ راۋاجلاندى: بىرى، سىرلىقلاشتۇرغۇچىلارنىڭ ھاياتىنى ئەنئەنىچىلەر (ئەشئەرى مەزھىپى) نىڭ ئىلاھشۇناسلىقى بىلەن كېلىشتۈرۈشكە ئىنتىلىش. بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىلى داڭلىق غەززالىدىن ئىلگىرى قۇشەيرى (1074 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئۇ «رىسالە» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى؛ يەنە بىرى، پان ئىلاھچىلىق ۋە نوقۇل ئېتىقاد نەزەرىيىسى (antinomianism) يولىغا تېخىمۇ مېڭىش. كېيىنكىسى ئەرەبستانغا قارىغاندا پېرسىيىدە كىشىلەر قەلبىگە بەكرەك ياقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىدا يەنىلا دائىم ئۇچراپ تۇردۇ.

نېمە ئۈچۈن دىنىي جەھەتتىكى بۇ ئىختىلاپلارنى تولۇق شەرھلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ؟ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار. بىرى، ئەگەر ئىلاھشۇناسلىققا دائىر ھۆججەتلەرگە ئالاقىدار بولغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى چۆرۈۋەتكەندە، مۇقەررەر ھالدا، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ دىنىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولغان

ناھايىتى زور بىر قىسمى بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىرى، ئىلاھشۇناسلىق مۇشۇ دەۋردىكى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ياكى ئۇ نۇقتىدىن بۇ تالاش ـ تارتىشقا چېتىلىپ قالىدۇ. ئۇلار تالاش ـ تارتىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىقمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن، كېيىنكى دەۋردە ئەدەبىيات ۋە ئىلاھشۇناسلىق ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن يازغۇچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا دىنىي ھەرىكەتنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەنئەنىچىلەرنىڭ ئىنكاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ئەدەبىيات ھەرىكىتى ھەدىس توپلاش پائالىيىتىدۇر. مالىك ئىبنى ئەنەس ۋە ئەنئەنىچىلەرگە مەنسۇپ باشقا ئىلاھشۇناسلار گەرچە «قانۇن ھەدىسنى ئاساس قىلىشى لازىم» دېگەن پىرىنسىپنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەدىسشۇناسلارنىڭ كۆپچىلىكى مەۋقەسىنى قانۇن تەرەپكە ئەمەس، بەلكى ئىلاھشۇناسلىق تەرەپكە يۆتكىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىسشۇناسلارنىڭ بىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنشۇناسلىقى ئوقۇغىنىغا قارىماي قانۇنچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇلار بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەدىسنى يېڭى ئۇسۇل بويىچە يېزىشقا باشلىدى. ھەنبەلىنىڭ «يۆلىنىش» («مۇسنەد») دېگەن ئەسىرىنى ئاساس قىلغان كونىچە ئۇسلۇبتىكى بۇ توپلام، ئەسلىدە «مۇئتەزىللەر» نىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىنى ئازراق بولسىمۇ قوللاشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ توپلامدا ھەدىس مەسىلە بويىچە تۈرگە ئايرىلماي، مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىر دەۋردە ياشىغانلار ئىپتىدائىي نوپۇزلۇقلار تەرىقىسىدە نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، شۇ بويىچە تۈرگە ئايرىلغان. يېڭىچە يېزىش

ئۇسۇلىدا بولسا مەسىلە بويىچە رەتلەنگەنىدى . بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ھەدىسنى تەتقىق قىلىش ، ئەمەلىيەتتە بولسا قانۇننى ئۆگىنىشنى ئوقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى .

بۇ جەھەتتىكى تۇنجى يېڭى توپلامنى بۇخارى ( 870 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) تۈزگەن . ئۇ رىۋايەت ، ئەخلاق ، تىبابەتچىلىك ، نوقۇل قانۇن ۋەھاكازاغا دائىر ھەدىسلەرنى توپلىغان . بۇنى ئۇ ئەدلىيە ئىشلىرى دەستۇرى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلغانىدى . ئەسەرنىڭ ھەربىر بابىغا ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ ، شۇ بابتىكى مەزمۇنلارنىڭ قانۇن ساھەسىدە قانداق تەتبىقلىنىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن . مەلۇم ھاللاردا بەزى بابلارغا ماۋزۇلا قويۇلۇپ ، ھەدىسنىڭ ئۆزى قوشۇمچە قىلىنمىغان ، شۇڭا ئۇ سۇبيېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا خىلاپ بولۇپ قالغانىدى . يەنە بىرى بۇخارى بىلەن زامانداش ئالىم مۇسلىم ( 875 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) تەھرىرلىگەن توپلام بولۇپ ، بۇ توپلامغا ئىشەنچىلىك دېيىلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق كىرگۈزۈلگەن . ئۇنى قانداق تەتبىقلاش كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلغان .

ھەدىس توپلاملىرىنى قايتا تۈزۈش توغرۇلۇق نۇرغۇن ئورۇنۇشلار بولغان ، ئىسلام دىنى ھەدىسلىرىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ قىزىقارلىق . دەسلەپكى مەزگىللەردە ، ئىجتىمائىي مەسىلە ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ چاغدا ، دىنىي گۇرۇھتىكى كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ ھەربىر يېڭى ئەھۋال ئاستىدىكى بۇنىتەلىرىنى خۇلاسىلاپ ، كېيىن ئۇنى پەيغەمبەردىن بىۋاسىتە كەلگەن ھەدىس ( بايان ) دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئاممىغا تارقاتقان ، ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئوخشىمىغاچقا ، بۇ ھۆكۈملەردە مۇقەررەر ھالدا ، روشەن زىددىيەتلەر كىرگۈزۈلگەن . شۇڭا ،

ھەدىس تەتقىق قىلغۇچى ئۆلىمالار ئۇچۇن ھەدىسنىڭ راست ــ يالغىنىنى ئايرىش زۆرۈر بولۇپ قالغان . ئۇلارغا ئالدى بىلەن ھەدىسنى قوللايدىغان نوپۇزلۇق يىپ ئۇچى ( ئىسنەد ) نىڭ راستلىقىنى ئېكىتتۇپلىشقا توغرا كەلگەن . بۇنىڭ ئۇچۇن ھەر بىر ھەقىقى ھەدىسكە ئىشەنچلىك كىشىدىن بىرى كاپالەتلىك قىلىپ ، ئۆزىنىڭ بۇنى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مەلۇم ھەدىسشۇناستىن ئاڭلىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى لازىم ئىدى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئەينى زاماندا پەيغەمبەرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن كىشلەر ئىسپاتلىغىچە سۈرۈشتۈرۈلەتتى . لېكىن ، « نوپۇزلۇق » ــ لار دېگەن سۆزلەرمۇ ئوگايلا يالغاندىن ھەدىس قىلىنىپ قويۇلغان . ئۆز مەقسىتىنى كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ، ئىككى ئەسىردىن بۇيان ھەر قېتىمقى ئىسلامىيەت ھەرىكىتى پەيغەمبەر ئۆزى ئېيتقان ياكى ئىسلامىيەت كۆزقارىشىنى قوللايدىغان مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئىزىشىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى . مەسىلەن ، شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئەلىنى خەلىپىلىككە كۆرسەتكەندە ⑩ ئەنئەنىچىلەر : « پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولمايدۇ » دېگەن ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شىئە مەزھىپىگە قارشى تۇرغان ، تەركىدۇنياچىلار مۇھەممەدنىڭ ئاغزىدىن : « دۇنيادىكى ئىشلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن » دېگەن يوليورۇقنى تارقاتقاندا ، پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان قانۇن ئەمەلدارلىرى ۋە خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك ، دېگەن ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ جېدەل ھەتتا تارىخشۇناسلارغا ئېرىپ تارقالغان . بۇ ساھەدە شۇنداق گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەقلىقمىزكى ، مۇھىم ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىلا ئەمەس ، بەلكى ئانچە مۇھىم بولمىغان ئۇششاق ــ چۈششەك ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىمۇ گۈزەل جۈملىلەرگە مۇنازىرە ياكى پىراگماتىزم ( ئۆز

مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ) لىق مەقسەت يوشۇرۇنغان . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، ھەقىقىي ئىشەنچلىك ھەدىس توپلىمىنى يېزىپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان . ھەدىسشۇناسلار « نوپۇزلۇق يىپ ئۇچى » دېگەن ئۆلچەمدە يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالغان ( شەكلەن بولسىمۇ ) ، ئاخىر بىرىپ مەلۇم بىرنەچچە ماددىلىق يىپ ئۇچىنىڭلا نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىگە بىردەك قوشۇلغان . بۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەنە شۇ پىرىنسىپلارغا ئاساسەن پەيغەمبەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە دائىر يۈزمىڭ ئابزاسلىق ماتېرىيال ئىچىدىن ھەدىس توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىپ ، ئۇنىڭغا « ھەقىقىي خاتىرە » ( « سەھىھ » ) دەپ نام بەرگەن . ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئامما ئېتىراپ قىلغان ، بۇ ئىككى پارچە « سەھىھ » كېيىنكى ئىسلامىيەت تارىخىدا « قۇرئان » دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن . ئۇ ئىككىسىلەن بارلىق ھەدىسلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئۆزلىرى ئەجىر سىڭدۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان ئەمەس ، بەلكى ئەنئەنىچىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچانلا ھەقىقىي دەپ قارالغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ چىققان . كېيىنچە بىرلا ۋاقىتتا تۈزۈلگەن يەنە تۆت توپلام ئۇ ئىككى توپلام بىلەن قوشۇلۇپ ئىسلامىيەت ھەدىسشۇناسلىقىنىڭ ئالتە « كلاسسىك » ئەسىرى بولۇپ قالغان . ھەدىس توپلاش ئىشى بىرنەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى توپلاملارنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ھېچقانداق ئالاھىدە قىممىتى يوق ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ ھەدىس توپلاملىرى ، بولۇپمۇ بۇخارى تۈزگەن توپلامدا ، پەيغەمبەرگە ئىخلاسمەنلىك ۋە چوقۇنۇش مۇراجىئەت قىلىنغاچقا ، ئۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى خىسلىتى ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇنۇملۇك كۈچ ـ قۇدرىتى دەپ قارالغان ، مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، شىئە مەزھېپىدىكىلەر

بۇ ئىككى « سەھھ » نى قىسمەن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆز مەزھىپىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەلى ئىمامدىن قالغان ھەدىسلەرنى تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال كۇلىنى [41] (939 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىشلىگەن.

ئەمدى غەيرى دىنىي ئەدەبىيات ۋە نوقۇل ئەدەبىيات ئۈستىدە يەنە توختىلايلى. 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىلمىنى قانداق قىلىپ قارىيلىق ئىستىلى ياكى يەككە ـ يېگانە ھالدىكى ماھارەت قوغلىشىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەينى زاماندىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈپ، ئۇردا ۋەزىر ـ ۋۇزرا تەرەپدارلىرى بىلەن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەسىلىنى ئەمىر ئىبنى باھار [42] ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھەل قىلالمىغانىدى. باھارنىڭ تەخەللۇسى « جاھىز » (« ئالتۇن بېلىق كۆزى ») بولۇپ، قارا قۇلنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ گەرچە پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتى مۇنبىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى بولمىسىمۇ، شۇ چاغنىڭ ئەڭ تالانتلىق يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ توقسان نەچچە يىل ياشاپ، 869 ـ يىلى ۋاپات بولغان. جاھىز يوقسۇل تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئالاھىدە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئۇ جاپالىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق باش كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا بەسرىدىكى مەكتەپلەردە تىلشۇناسلىقنى ئوقۇغان ۋە « مۇئتەزىلىلەر » نىڭ داڭلىق ئۆلىماسى نەززامدىن ئىلاھىيەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلمىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق ئالىملار مۇقەررەر ھالدا، كىشىلەرگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىللىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇ مەنسەپكە قويۇلۇپ ئۈچ كۈن بولمايلا مەنسىپىدىن ئىستىپا بەرگەن. ئۇ قانۇنشۇناسلىق

جەھەتتىمۇ ئۆز مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن. جاھىز «مۇئتەزىلىلەر» گە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل كۆزقاراشقا ئىگە ئىدى. كىشىلەر، «كۆزى ئادىمى تونۇيالايدىغان ۋە ھەق ـ ناھەققە ھۆكۈم قىلالايدىغان ئۆلىمالار ـــ مۇئتەزىلىلەر ياكى باشقىلار بولسۇن ـــ جاھىزنىڭ بىلىمىنى بىردەك قەدىرلەيتتى» دېيىشىدۇ. ھەتتاكى ھېلىقى تەلۋە مۇتەۋەككىلمۇ ئۇنى ئوغلىنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغان. جاھىزنىڭ ئەسەرلىرى قىزىقارلىق، جانلىق، جۇشقۇن بولۇپ، ئەرەب ئىلىم خەزىنىسىدىن خۇددى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدەك ئېقىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى ئەستايىدىللىق، جىددىيلىك، يېنىكلىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭدەك غەيرەت ـ جاسارەت ۋە قىزغىنلىققا تولىدۇ. ئۇ چېچەن، ئۆتكۈر بولۇپ، بەزىدە جانغا تەككۈزۈپ سۆزلەيتتى، پىكىر قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇ كىشىنى ھەيران قىلارلىق دەرىجىدە زېھنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىتاب ئوقۇغاندا ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا دائىم كىتاب دۇكانلىرىغا ئىجارە تۆلەپ تاڭ ئاتقۇچە كىتاب كۆرىدىكەن.

جاھىزنىڭ ئىلاھىيەتكە دائىر ئەسەرلىرى ۋە ستىلىستىكىغا دائىر بىر يېرىك ئەسىرىدىن باشقا، يەنە تەخمىنەن ئوتتۇز ـ قىرىق پارچە مەخسۇس ماقالىسى ۋە «ھايۋانات توغرىسىدا» ناملىق قىسقا ماقالىلار توپلىمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەخسۇس ماقالىلار توپلىمىنىڭ تېمىلىرىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادكارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «نېگىرلار ئۆزلىرىنى ئاق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ»، «تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى»، «سودىگەرلەرنى ھۆرمەتلەش، ئەمەلدارلارنى كەمسىتىش ھەققىدە»، «مۇنازىرە سۈكۈتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»

ۋەھاكازا. جاھىزنىڭ «ھايۋانات توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھايۋانات ئىلمى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇقەددىمىسىنىڭ بىر ئابزاسىدا مەخسۇس كىتابلار مەدھىيىلەنگەن ۋە كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بايان قىلىنغان. بىرىنچى، ئىككىنچى قىسىملىرىدا ئۇ خىلمۇ خىل ئىشلار ئۈستىدە توختالغان. ئانچە پۇختا بولمىغان بىر خىل مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەدەبىي ماقالىسىدا «قۇش باققۇچى» بىلەن «ئىت ئىگىسى» ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش تەسۋىرلەنگەن. ئۇ يەنە ھەدىس، غەزەل، تەمسىل، رەسمىي تارىخقا يېزىلمىغان ۋەقەلەر، ھەتتا «قۇرئان» دىن نۇرغۇن ئالاقىدار سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك ساپ نەسىللىك ئىتلار ۋە يامان ئىتلارنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ماقالىلىرىغا يەنە ئاممىباب خۇراپاتلىقمۇ سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، بىر ئىتنىڭ قانداق قىلىپ ئېسىل ئىسىم شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ پالچىلىقتا تۇتقان ئورنى، ئەگەر ئۇ چىشلىۋالىدىغان بولسا، چىشلەنگۈچى كىشىنىڭ غالجىرلىشىپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنى پادىشاھ - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قېنى بىلەن داۋالاش لازىملىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا توپلاملىرىدا قەدىمكى زاماندا ئەرەبلەرگە مەلۇم بولغان ھايۋانات ۋە ھاشاراتلار ئىخچام ۋە يېنىك ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەپ بېرىلگەن، كېيىنكى دەۋرلەردە بىرمۇنچە كۆچۈرمىچىلەر ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى كۆچۈرۈۋالغان. بىزنىڭ قولىمىزدا جاھىزنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تىپتىكى بىر پارچە يالغان ئەسىرى «ئېسىل جۈملە، دىئالوگ جۈملىلەر» بار، ئۇنىڭدا تەن بىلەن روھنىڭ خىسلىتى بايان قىلىنغان.

جاھىزنىڭ ئەسەرلىرى يارقىن، ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسلۇبتا بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەمۇنىلىرى

قاتارىغا قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە كېيىنچە زاماندىش شائىرلار تەرىپىدىن ھەل قىلىندى. يەنى ئۇلار روشەن ئۇردا شەكلى ھەم ئەنئەنىۋى بەدىئىي تىلىنى تىلشۇناسلار ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ بەس ـ مۇنازىرە تېپىدىكى نەسرىي شەكلى بىلەن بىرلەشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك شەكىللەرنى، خىيالىي ياكى ئابستراكت تېمىلارنى تەپسىلىي ۋە توغرا بايان قىلالىدى. ئۇلار بەزى تىلشۇناسلار قەدىرلەپ كەلگەن جۇشقۇن ۋە زوررۇرىيىتى يوق قەدىمكى تەمسىللەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاخىر يېڭى ئەرەب ئەدەبىي تىلىنى، يەنى كېيىنكى مىڭ يىللىق نۇسخىنى شەكىللەندۇردى. بۇ يېڭى ژانىرنىڭ ئىجادچىسى مۇپتى ئىبنى قۇتەيبە ۞ ( 889 ـ يىلى ۋاپات بولغان ). ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە ۋەزىرلەر، ئامباللار ۋە كىتابخانلارنى ئەرەب ئىلىم ـ پەنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە دائىر ئۇزۇندە ۋە تاللانمىلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئەسەرلەرگە ئۇ ئەرەبلەر ۋە ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پېنى بىلەن ھەمجەھەت بولغان پارسلارنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇردا يادىكارلىقلىرىنىمۇ كىرگۈزدى.

قۇتەيبەنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسىرى ئون چوڭ دەستۇردىن تەركىب تاپقان قەدىمكى ئەسەرلەر توپلىمى «قىسسەلەر بۇلىقى» بولۇپ، كېيىنكى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئاشۇ ئۇسلۇب بويىچە يېزىلغان. شۇڭا، بۇ كىتاب ئەرەب ئەدەبىياتىدا قىسقا ماقالىلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھۆججىتى دەپ قارىلىدۇ. «قىسسەلەر بۇلىقى» نىڭ ھەربىر دەستۇرى مەخسۇس تېمىدا يېزىلغان. مەسىلەن، ئىگىلىك ھوقۇقى، ئۇرۇش، دوستلۇق، تەركىدۇنيالىق قاتارلىقلار. ھەربىر ماۋزۇ ياكى قوشۇمچە ماۋزۇلاردا ھەدىس ۋە شائىرلارنىڭ نەزمىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئەدەبىي ياكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئىستاتا ئېلىنغان. ئاپتور ماتېرىياللارغا

تولىمۇ خالىغانچە مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە قىسقارتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئەسەرنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرگەن. ئۇستىلارنىڭ قەلىمى بىلەن ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەر جانلىق قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. لېكىن، بۇ خىل قىزىقارلىقلىقنىڭ تىرىشچانلىق بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، قۇتەيبەنىڭ كىچىكرەك ھەجىمدىكى «بىلىم دەستۇرى»، «شېئىر ۋە شائىر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئالدىنقىسىدا ئەرەبلەر بىلەن پارسلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان. ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئەرەبلەرنىڭ ئاددىي تەرجىمھالى يېزىلغان. «شېئىر ۋە شائىر» دا ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بارلىق شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بايان قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئېلىنىپ قوشۇمچە قىلىنغان ئاپتور مۇقەددىمىسىدە (ئەرەب تىلى جەھەتتىمۇ تۇنجى قېتىم) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى شائىرلارنى پەۋقۇلئاددە تەگداشسىز دەپ قارايدىغان دوگماتىزملىق پوزىتسىيىگە قەتئىي قارشى تۇرغان:

مەن قەدىمكى زامان شائىرلىرىنى قەدىمكى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىرلىمەيمەن، ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىمۇ يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەسخىرە قىلمايمەن. مەن ھەممىگە باراۋەرلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايمەن، ھەر ئىككىگە مۇناسىپ ھالدا مۇئامىلە قىلىمەن ... خۇدا ئۆگىنىش، يېزىش، سۆزمەنلىكنى مەلۇم دەۋردىكى كىشىلەرگىلا ئاتا قىلغان ئەمەس، كىشىلەرنى ئېسىلزادە ياكى پەس دەپ ئايرىمىغانمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ (خۇدا) ئەزىمنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى «چاكار» لىرىنىڭ ئورتاق مىراسى، دەپ قارىدۇ. كونا شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىر مەھەل يېڭى بولىدىغان، تۇرلۇك شان - شەرەپلەرنى باشتا تامامىي تۈگۈلىدىغان قىلدۇ.

قۇتەيبە يەنە مىرزىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر ئەدەبىي رىسالە ۋە ئوخشىمىغان ھەدىسلەرنى كېلىشتۈرۈش يۈزىسىدىن بىر

ئەسەر ۋە يەنە قىسقا، ئىخچام قىلىپ مەلۇم ساندا مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلارنى يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىزىقارلىقى ئەرەبلەرنىڭ «سوپىلار» غا قارشى ئۆزىنى ئاقلىشى بولۇپ، بۇ ئاقلاش پارسلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ئېسىل چىققان.

شۇنىڭدىن باشلاپ «ئەدەب» [10] دېگەن سۆزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەھمىيىتى مىزىلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلار رىسالىسى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى پارس ۋە يۇنان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، كېڭەيتىۋېتىلگەن ئەرەب - ئىسلامىيەت ھەدىسلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان ماقالىلارنىڭ ھەممىسىدە قوللىنىلغان. ئىبنى قۇتەيبەدىن ئېتىبارەن ئەرەب نوقۇل ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەرەب نەزمىلىرى، تارىخ، سىياسەت، ستىلىستىكا، مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى، رەسمىي تارىخقا يېزىلغان ۋەقەلەر توپلىمى ۋە ئاممىباب لوگىكا قاتارلىق خىلمۇ خىل ئېقىملارنى ئۆزىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى قىلىپ، ئالغا قاراپ راۋاجلانغان. بەزى كەسپىي تىلشۇناسلار «يىغىن» («مەجلىس») بىلەن «ئەرەب قەسىدىلىرى» («ئامالى») دىن ئىبارەت ئىككى توپلامنى «ئەدەب» كە قوشۇمچە قىلغان. بىر قەدەر پۇختا بولغان يۇنان ئىلىم - پەن، پەلسەپە ئەسەرلىرى (كېيىنكى مەزگىللەردىكى بىرنەچچە ئەسەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) يەنىلا «ئەدەب» دائىرىسىدە چەكلەنگەن. بۇ ئەھۋالنى ھازىر بىزگە تونۇش بولغان ئەھۋاللار بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، يەنى پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا كونكرېت مەقسەتكە ئىنتايىن دەل كەلگەن ھالەتتىمۇ، ئىلىم - پەن ئەھلى بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن غەلىتە، چۈشىنىكسىز تۇيۇلغىنىدەك،

جۈملىدىن بۇ پەنلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزىنى ھامان ئادەتتىكى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن كاتېگورىيىسىنىڭ سىرتىغا قويۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

تارىخشۇناسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە. تارىخشۇناسلىق نوقۇل ئەدەبىياتقا خاراكتېر جەھەتتە تامامەن ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا تەسىرگە ئۇچراپ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىشكە تېگىشلىك ئاساسىي بىلىم بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىق ئىشى دىنىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم يېڭى تەرەققىياتى ۋاقىدى، مەدائىنى ۋە باشقا توپلىغۇچىلار توپلاپ چىققان ماتېرىياللارنى مۇكەممەل ئەسەر قىلىپ رەتلەپ چىقىش بولدى. بۇ مەزگىلدىكى تارىخشۇناسلىق ئىجادىيىتى تەزكىرە ۋە يىلنامىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تارماققا ئايرىلغان. ۋاقىدىنىڭ كاتىپى مۇھەممەد ئىبنى سەئىدى (845 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئادەملەر ئىسمىلىكى توغرىسىدا چوڭ لۇغەت ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى كىرگۈزگەن. لۇغەتنىڭ ئىككى قىسمىدا پەيغەمبەرنىڭ تەزكىرىسى مۇقەددىمە قىلىنغان، ئاندىن ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە خاراكتېرلىك تارىخى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆلىمالار ۋە قانۇن ئەمەلدارلىرى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنغان. بۇ دەۋردىكى داڭلىق تارىخشۇناسلاردىن بەلازۇرى ئاساس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «ئېسىلزادىلەرنىڭ ئائىلە شەجەرىسى» تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، قەبىلە، ئائىلە ئاساس قىلىنغان ھالدا ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى ئەسىردىكى تارىخى تونۇشتۇرۇلغان. بەلازۇرىنىڭ

قىسقىراق ئەسىرى بولغان « يىراققا يۈرۈش قىلىش تارىخى » يىلنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا يىراققا يۈرۈش قىلىشقا دائىر ھېكايىلەر ئۈزۈلدۈرمەي بايان قىلىنغان. شۇ ئاساستا ئىسلام ئىمپېرىيىسىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ تارىخى سۆزلەنگەن. ئەمما، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ئۇرپ ـ ئادەتلەر قىسقارتىۋېتىلگەن. تەخمىنەن شۇ دەۋردە يەقۇبى ( 891 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) مۇ ئوخشاش يىپ ئۇچىغا ئاساسەن شىئە مەزھىپى كۆزقارىشىدا تۇرۇپ، قىسقىچە دۇنيا تارىخىنى ھەم ئەرەب ئەدەبىي ئەسەرلىرى بويىچە ئەڭ بالدۇرقى تارىخ ـ جۇغراپىيىنى يېزىپ چىققان.

بۇ ئىككى ئەسەر ئىنتايىن قىممەتلىك بولسىمۇ، لېكىن تەبەرىنىڭ ( 923 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) يىرىك تارىخىي ئەسىرىگە يەتمەيدۇ. تەبەرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى يېقىنقى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيانقى مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق كۇتۇپخانىلىرىدا بۇ ئەسەردىن يىگىرمە پارچىسى ساقلىنىپ كەلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر تۈركۈم ياۋروپا ئالىملىرى تەبەرىنىڭ پارچە ـ پۇرات ئەسەرلىرىنى توپلاپ ئەرەب ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى تولۇقلىدى. تەبەرى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ مىلادى 839 ـ يىلى تەبەرىستاننىڭ ئامۇر شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، رائى ⊛ دا ئوقۇغان. ئۇ باغدادتىكى ۋاقتىدا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ھەنبەل بىلەن كۆرۈشەلمىگەن، كېيىن باغدادتا ماكانلىشىشتىن ئىلگىرى بەسرە، كۇفە ۋە سۇرىيىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە، فۇستان ( ھازىرقى قاھىرە شەھىرى ) قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ دەرس ئاڭلىغان. ئۇ توپتوغرا قىرىق يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەسلەپكى دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىيەت، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىققا دائىر

ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر كۆپلۈكى جەھەتتە تارىختا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ كۆرۈنمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ قىرىق نەچچە يىل لېكسىيە ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تەبەرى ئاساسەن مۇستەقىل ھەدىسشۇناس بولۇپ، ئۆز ئالدىغا قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي ئېقىمى ياراتقان (ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ ئېقىممۇ تۈگەشكەن) ۋە ئىككى ئۇلۇغۋار ئەدەبىي ئىجادىيەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

ئۇ باشتىن – ئاخىر بىر تەتقىقاتچى ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىلمىي دەرسلىكنى «ۋەھى» دەپ قارىدى. بىراق ئۇ، «ۋەھى» گە ئىككى تەرەپتىن قارايتتى؛ بىرىنچى، ئۇ خۇدانىڭ «قۇرئان»دىكى يارما تىلى. ئىككىنچى، ئۇ ئاللا ئىرادىسىنىڭ تارىختىكى نامايەندىسى، ئۇ – سۆزەبىتىن ئۇ ئارقىمۇئارقا «تەپسىرى تەبەرى» ۋە «تارىخ تەبەرى» [60] نى يېزىپ چىققان. كېيىنكىسىمۇ ئىلاھىيەت بىرىنسىپلىرى بويىچە يېزىلغان. كېيىنكى ئەدەبىيات دەۋرلىرىدە بۇ ئىككى ئەسەر «قۇرئان»شۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. تارىخشۇناسلىق شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى يېڭى ئىجدىكى ناچارراقى بولۇپ، يېزىلىش جەھەتتىمۇ تۇرغۇن كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس (يازغۇچى ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ) ئىدى. ئەمما، ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ساھايىتى تېزلا نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى، شۇ جەھەتتە رىقابەتچى يوق دېيەرلىك ئىدى. جۈملىدىن، بۇ ساھە «قۇرئان» ئەرھلىرىدەك ھەرقايسى تەرەپ بەس – مۇنازىرە قىلىدىغان سورۇنمۇ ئەمەس ئىدى. ئالىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەككىلا، تەبەرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەسەرلەرنىڭ ھەر قايسىسى ماتېرىيال توپلاش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئەمەلىي بىلىم ئىقتىدارى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش جەھەتلەردە تەبەرىنىڭ «تەپسىرى»گە يەتمەيدۇ، دەپ قارىدى. كېيىنچە شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئىنتىنچىلەرنىڭ «قۇرئان» شۇناسلىق تەتقىقاتىمۇ ئۇنىڭ نوپۇزىنى بىردەك ئېتىراپ قىلدى. [61]

ئۇنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە زۆرۈر ۋەقەلەر بەلا زۆرىنىڭ

تاللاش ئۇسۇلىغا ئوخشىمىغان هالدا، يىللار بويىچە رەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بايان قىلىنماي، ئوخشىمىغان نوپۇزلۇق قەدىمكى كىتابلاردىن ئېلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدا ئۇ ئىلگىرى «قۇرئان» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلىغانغا ئوخشاش دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قەبىلە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار، جۈملىدىن مەدائىنىنىڭ بىر قەدەر تەنقىدىي كۆز قاراشقا ئىگە ئەسەرلىرىدىكى ئەرەب تارىخىغا دائىر بارلىق رىۋايەتلەرنى بىر كىتاب قىلىپ توپلاپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۆز باھاسى ۋە كۆزقارىشىنى ناھايىتى ئاز بايان قىلغان. شۇڭا، كىتاب بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كېتەلمىگەن. بەزى جايلىرى مەلۇم كەمتۈكلۈك (مەسىلەن، ئىسپانىيىنى بويسۇندۇرۇش توغرىسىدا ئاپتور ئىشنى ئالتە قۇر بىلەنلا تۈگەتكەن) دىن خالىي بولالمىغان. لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەبەرىنىڭ تارىخىي ئەسىرى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، بىز ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە دائىر تارىخنى ئوچۇق ۋە ئىشەنچلىك ھالدا كۆرەلىدۇق. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى تارىخقا كەلگەندە، ئۇ ئەرەب ۋە پارس تارىخشۇناسلىقىغا دائىر ئادەتتىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان.

يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتە تەبەرى بىلەن جانلىق سېلىشتۇرما بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ ۋارىسى مەسئۇدى (856 ـ يىلى ۋاپات بولغان) (61). مەسئۇدى دەسلەپتە پەن ۋە پەلسەپىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن، ئىلاھىيەت ئۈستىدە تەتقىق قىلمىغان، ئۇ ئۇزۇن يىل دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق شەرقنى ساياھەت قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى زاتلار بىلەن ئۇچرىشىش، جۈملىدىن، دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئالەمدىكى شەيئىلەرگە بولغان يۇنانچە

قىزىقىشى بىلەن ئىنتايىن مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولغان. ئۇلارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىجاد قىلغان قامۇسى ئۈچۈن ماتېرىيال قىلغان، بۇ قامۇس تارىخ، جۇغراپىيە، پەلسەپە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنىلىرى ۋە ئەجدادلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئوتتۇز توملۇق بۇ چوڭ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى قىممىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان بىر توم ۋە بىرىنچى قىسمىنىڭ مۇھىم نۇقتىلار يېزىلغان بىر تومىدىنلا ئىبارەت. «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئىككىنچى قىسمىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى 600 بەتتىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. بىز كىشىنى مۇشۇ قىسمىدىن بەك جەلپ قىلالايدىغان ئەرەب ئەسەرلىرىنى ئۇچرىتالمايمىز. مەسئۇدى بىر - بىرىگە ئۇلانمايدىغان شەكىلدە تەبىئەت تارىخى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىرقشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك جەھەتلەردىكى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ شۇنچە چوڭقۇر نۇقتىئىنەزەرلىرى، ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر ھەققىدىكى تۈگىمەس خاتىرىلىرى كىتابخانىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قولدىن چۈشۈرمەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىگە قىزىقىدىغان كىتابخانىلاردىن ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسەرلىرىدىكى تەپسىلىي ۋەقەلىكلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، بىراق مۇھىم نۇقتىلاردىمۇ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، قاھىرىدە ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرىگە بىر پارچە قىسقىچە تۈرگە ئايرىش ئىندېكىسى ۋە قوشۇمچە تولۇقلىما يېزىپ، كىتابىنىڭ نامىنى «كىتاب ئۇقۇشتىكى

قىبلىنامە ۋە تۈزىتىش » دېگەن .

يەقۇبى ۋە مەسئۇدىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن شۇنى ئوچۇق كۆرەلەيمىزكى ، تارىختىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە دىن دائىرىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، مۇستەقىل بىر پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . دۇنيا تارىخي دېگەنگە كەلسەك ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بۇ چاغدا « دۇنيا » دېگەن سۆز پەقەت چەكلىك مەنىگىلا ئىگە ئىدى : « ئەسىر مەيدانغا كەلگەن » دىن بۇيان سۆزلىنىپ كەلگەن دۇنيا تارىخىنىڭ ئومۇمي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان . ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى بۇ ئەسەرلەردە باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخىغا قارىتا كۆپ قىزىقىش بولمىغان ياكى قىلچە قىزىقىش بولمىغان . تارىخ ئۈچۈن تارىخ يېزىشقا قىزىقىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكى مۇھىم ئەسەرلەردىن ئىسپاتلاش مۇمكىن ؛ تەيپۇر ( 893 - يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « باغداد تارىخى » ( بىرىنچى تومى ساقلىنىپ قالغان ) ؛ جەھشىيارى ( 942 - يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « باش ۋەزىر تارىخى » ھەم سۇلى ( 946 - يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ باشقىچىرەك ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى تارىخي ئەسلىمىلىرى @ ۋەھاكازالار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئەسىردىكى يېڭى تەرەققىياتنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ .

تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىللەردە ، مول مەزمۇنغا ئىگە جۇغراپىيە خاراكتېرلىك ئەسەر مەيدانغا كەلگەن . مەمۇري باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىقىدا رول ئوينىغان . قەدىمكى يۇناننىڭ رىم دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ، مۇسۇلمانلار ئىمپېرىيىسىنىڭ

پوچتىچىلىق كەسپى ھۆكۈمەتكە تەۋە ئورگان بولۇپ قالغان. گەرچە ئۇلار ئەسلىدىكى مەخسۇس ئاتالغۇلارنى داۋاملىق قوللانغان، ھەتتا ساقلاپ قالغان. ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزگە بىرلەشتۈرۈش يۈزلىنىشى ئۇلارنى ئالاقىلىشىش قوراللىرىنى ئاسراشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلغان بولسىمۇ، ئەرەبلەر رىم ۋە پارس تۈزۈمىنى ئاساسەن قوبۇل قىلغان. ئىبنى خۇردەدبىھ [13] يېڭى پايتەخت سامارانىڭ پوچتا باشلىقى بولغان. ئۇ 844 ـ يىلى بىر پارچە پوچتا يولى سىخېمىسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ ئۆلكىلەر بويىچە ھەر قايسى پوچتا ئىدارىلىرىگە قاراشلىق بېكەتلەرنىڭ ئىسمى ۋە ھەر قايسى بېكەتلەرنىڭ ئارىلىقىنى تۈزۈپ چىققان، جۈملىدىن ھەرقايسى رايونلارنىڭ پوچتا ھەققى جەدۋىلىنىمۇ تۈزۈپ چىققان.

جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا ئامىللارمۇ بار. مەسىلەن، ئەبۇبەكرى خارەزمى ۋە مەسئۇدىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇنانلارنىڭ ئىنتىلىش كۈچى؛ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جاي ئىسىملىرىغا كونىچە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىزىقىش؛ جۈملىدىن پارس ۋە ھىندىلاردىن كەلگەن تۈرلۈك كۆزقاراش ۋە ماتېرىيال قاتارلىقلار. تۈرلۈك ئەسەرلەر ئىچىدە ـ مەيلى ئۇ گۈزەل ياكى قوپال بولسۇن ــ شۇ دەۋردىكى ئىدىيىۋى قىزىقىشنى جۇغراپىيىدىنمۇ بەك مول دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىرەر ساھە يوق ئىدى، مەسىلەن، خۇردەدبىھنىڭ پوچتا يولىنىڭ مۇساپە قوللانمىسى؛ ماتېماتىكا ـ جۇغراپىيىگە دائىر ئىلمي ئەسەرلەر؛ يەر ۋە دېڭىز خەرىتىسى؛ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ھادىسىلەر، ئەتىۋار گۆھەر ـ مەرۋايىتلار توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە ساياھەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساناقلىقلا ئەسەرلەر. گەرچە ئۇلار

نامايىتى قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بولسىمۇ، لېكىن بىز تەسۋىرگە ماھىر جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمىز. يۇقىرىدا، يەقۇبىنىڭ شۇلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. 10 ـ ئەسىردە نۇرغۇنلىغان چارچىماس ساياھەتچىلەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا قىلغان ساياھىتىنىنى دوراپ، ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارغىچە يېرىپ، بىزگە ئۆلكىلەر ئەھۋالى ھەققىدە ئۆز كۆزىتىشلىرىنى بايان قىلغان، تەپسىلىي خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان. بۇ ساياھەتچىلەرنىڭ ئەڭ ئۆلۇغلىرى ئىبنى ھەۋقەل [19] بىلەن مەقدىسى [20] ئىدى. ھەۋقەل 977 ـ يىلى ئىستەخرى تەرىپىدىن 951 ـ يىلى يېزىلغان باشلاپقى ئەسەرنى تولۇقلىغان. مەقدىسىنىڭ ئەسىرى 985 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشىر قىلىنغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈزىتىلگەن نۇسخىسى نەشىر قىلىنغان. ئۇ ئىككىسى يېزىقچىلىق جەھەتتە ۋەقەلىكلەرنىڭ توغرا بولۇشىغا تىرىشقان. مەقدىسى يالغۇز يېزىش ماھارىتى جەھەتتىلا قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تەپسىلىي كۆزەتكەنلىكتىن، مەلۇم دەرىجىدە بىزنىڭ ھازىرقى زامان قورۇلمىلىق جۇغراپىيىمىزنىمۇ ئالدىن كۆرەلىگەن.

بىزدە يەنە چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەرنىڭ نامايىتى قىزىقارلىق خاتىرىلىرىمۇ ساقلانماقتا. مەسىلەن، 1921 ـ يىلى روسىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن فەزلان بىلەن ئوتتو I [21] نىڭ ئوردىسىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئىسپانىيىلىك يەھۇدى ئىبنى يەقۇب يازغان ساياھەت ئەدەبىياتىنىڭ كىتابخانلىرى نامايىتى كۆپ، ئەرەبلەر ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق تەبىئىي قىزىقىش ئۇستىگە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى قوشۇلغاچقا، بۇ ھال ئۇلاردا غەيرىي ئەل ۋە غەيرىي خەلقلەرگە

بولغان ئىنتىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھازىر بىزدە ساقلىنىۋاتقان «زەنجىر سىمان تارىخ» (سەلسەتۇلتارىخ) دېگەن ئەسەر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھىندىستان، ئافرىقا، جۇڭگو قاتارلىق جايلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلىرى بولۇپ، بۇ توپلام 851 ـ يىلى شىرايخان تەرىپىدىن تۈرگۈن جەھەتلىرىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈپ چىقىلغان ھەمدە 910 ـ يىلدىن باشلاپ كۆپەيتىپ تولۇقلانغان. بۇ كىتاب ئەدەبىكى شەرقتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. كېيىنچە بۇنىڭغا غەربتىمۇ بەزى ئىنكاسلار بولغان. چۈنكى، ئۇ ياۋروپا تىلىغا ئەڭ بالدۇر تەرجىمە قىلىنغان غەيرىي ئىلمىي ئەسەر ئىدى. تەخمىنەن 950 ـ يىلى رام خورمۇستىن كەلگەن پېرسىيىلىك كېمە باشلىقى تەرىپىدىن يېزىلغان «ھىندى ئاجايىپلىرى» دېگەن ئەسەر «زەنجىر سىمان تارىخ» دىن قالسا بىر قەدەر زور تەسىرگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەر «ئەقىللەر تۆھپىسى» («تۆھبەتۇل ئەلباب») مىسىرنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىغا دائىر رىۋايەتلەرنى بايان قىلىدىغان قىسقىچە توپلام بولۇپ، بۇ كىتابتىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى مەسئۇدىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ كەڭ تۈردە راۋاجلىنىشى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ خارابلىشىپ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. نەسرىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ئوڭاي ماسلىشالايدىغانلىقى بىلەن يېڭى يېزىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە شېئىرىيەتنى جەمئىيەتتە ئويناۋاتقان رولىدىن مەھرۇم قىلدى ۋە ئۇنى گۈزەل سەنئەت دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا زىيالىيلارنىڭ ھەۋەس دائىرىسى كېڭەيدى.

گەرچە بۇ ئەمرى - مەرۋىلار ئىسلامىيەتنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن ۋە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، شائىرلار بۇ جەھەتتە ئىزچىل ماسلىشىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزى پەيدا قىلغان ئەمرى - مەرۋىلارنىڭ مەھبۇسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدەك شائىرلار مەلۇم جەھەتتە ئۆز جەمئىيىتىنىڭمۇ مەھبۇسى ئىدى. شەخسلەرنىڭ نەزمىلىرى ۋە ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىكى نەزمىلەردە شائىرلار شۈبھىسىزكى ئۆز ھەۋىسى بويىچە ئەركىن بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان ئەقىدىچىلىك ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يولى «قەسىدە» ئارقىلىق ئۆز قوغدىغۇچىسىنى «ئىلاھلاشتۇرۇش» ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن روشەنكى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدەك شائىرلارنىڭ قەبىلە ئىچىدىكى رولى يەنە ئەسلىگە كەلگەنىدى.

شۇڭا قاتمۇقات ئەمرى - مەرۋىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان شائىرلار مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ قىزىقارلىق شائىر بولۇپ قالغان. ئەبۇتەممام (846 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن سۈرىيىلىك شائىر. ئۇ بەدۋىلەر نەزمىلىرىدىكى ياگراق قاپىيەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىراق شائىرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق كىنايىلىك ستىلىستىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە تىرىشقان؛ شۇنىڭدەك مۇرەككەپ پىكىرنى نەزمە ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئىنتىلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ نەزمە ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ۋە ھازىر قىزغىن تەرىپلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن زورمۇ - زور قۇراشتۇرۇش، مۇجمەللىك، ئۇقۇمسىزلىق ۋە چىچىلاڭغۇلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۇرتدىشى ۋە مۇرىدى بوھتەرى (897 - يىلى ۋاپات بولغان) ئىنتايىن تالانتلىق شائىر ئىدى.

ئۇنىڭ نەزمىلىرى گۈزەل ۋە راۋان بولۇپ، ئىراق ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان. ئىراقلىق ئىبنى رۇمى [*] (896 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆز ـ ئۆزىنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش خاراكتېرىدىكى يېڭى بىر خىل نەزمە ئىجاد قىلغان. نەزمىنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىدا بىر مەزمۇن بايان قىلىنغان، شېئىرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئورگانىك ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىدىن ئاپتورنىڭ يۇنانغا بولغان ھېسسىياتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق مۇستەقىل ئىجادىي نەزمە شەكلى (گەرچە ھەممىدىن زىيادە مۇڭلۇق ھېسسىيات بىلەن نابۇت قىلىۋېتىلگەن بولمىسۇ)، كىشىلەرنى خېلىلا زوقلاندۇرىدۇ، لېكىن ئۇنى تەقلىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىراق يېڭى مەزھىپىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ تىپىك، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشى ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ بەختسىز شاھزادىسى ئىبنى مۇئتەز [*] (ئىبنى مەقەففە) بولۇپ، ئۇ 908 ـ يىلى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خەلىپىلىك خانلىقىمۇ گۇ ران بولغان. ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى سېتىش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان شائىرلار ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولالمايتتى. ئەمما، مۇئتەز بولسا، ئەنئەنىۋى تېما بىلەن ۋەزىن قائىدىسىنى ئەركىن ھالدا يېڭىچە خەت ـ چەك شەكلى ۋە خاتىرە شەكلىدىكى نەزمىدە قوللانغان. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىدىكى ئىجادىي يېڭى ئەسىرى بىر نەۋرە ئاكىسى خەلىپە مۇھتەدىنى تەبرىكلەپ يازغان ئۇزۇن ـ قىسقا 450 قارىمۇ قارشى جۈملىدىن تۈزۈلگەن كىچىك داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇئتەز بۇ يېڭى نەزمىدىكى گۈزەل سۆزلەرنى بىر نەچچە تىپقا ئايرىپ، نەزمىشۇناسلىق ئىجادىيىتى بويىچە (بىردىنبىر) ئەرەب شائىرى بولۇپ قالغان. بىراق، ئۇ ئەرەب شائىرلىرى ئەمەل قىلىپ

كىبىلىشىۋاتقان ئەمر ـ مەرۇپلارنى ئۆزگەرتىپلا قويغانكى ، ھېچقانداق ئىسلاھ قىلمىغان .

## 3 ـ باسقۇچ

( مىلادى 945 ـ ، 1055 ـ يىللار )

مىلادى 10 ـ ئەسىردە باغداد ۋە ئىراقتىكى ئەرەب ئەدىبلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئارقىمۇ ئارقا دۇنياغا كەلگەن ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ مۇسابىقىسىگە دۇچ كەلدى. ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ كونتروللۇقى بارا ـ بارا زەئىپلىشىپ، ئىلگىرىكى دۆلەت زېمىنىدىن يېڭى گۈللەنگەن بەزى كىچىك دۆلەتلەر بۆلۈنۈپ چىقتى. بۇ يېڭى خانلىقلار بەزى يازغۇچى ۋە شائىرلارنى يېتىشتۈرۈش يولى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، ئۆز شۆھرىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. 945 ـ يىلى پېرسىيىلىك بۇۋەيھىيە قەۋمى باغدادنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكە مەركىزى قىلىۋالدى. بۇ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمىدىكى بىر قېتىملىق زور بۆرۈلۈش ئىدى. بۇۋەيھىيە قەۋمى شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئابباسلارنىڭ خەلىپىلىكى ساقلاپ قېلىنغان ھەم ئۇلارنىڭ قارا زېمىنلىرىدا ھوقۇق لەيئى، فارس، ئىراقلاردىكى پادىشاھ جەمەتلىرى ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىچىلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراش ۋەزىيىتى ئۆزگەردى. مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتى بىرمەھەل شىمالىي ئافرىقىدىن پېرسىيىنىڭ شەرقىغە قەدەر ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ قوغدىشى ئاستىدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەسىرى بارا ـ بارا شائىرلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئارقاق ھالەتتىكى تەرەققىياتى بىلەن زىچ ماسلاشقان ھالدا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە كۇتۇپخانىلار ۋە مەدرىسلەر قۇرۇلدى. خان، ۋەزىر – ۋۇزرالار تۈرلۈك قىممەتلىك كىتابلارنىڭ تۇنجى نۇسخىسى ياكى قولىيازمىسىنى بەس – بەس بىلەن توپلاشقا كىرىشتى. بەزى ئىلىم مەركەزلىرى مەخسۇس پەنلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ تەپسىلىي ماددىلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. 990 – يىلى باغدادتا كىچىكرەك بىر مەدرىس قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا ئون مىڭ تۆت يۈز پارچە كىتاب ساقلانغان؛ قاھىرىدىكى فاتىمە سۇلالىسىنىڭ ئازىز ناملىق چوڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان كىتاب 120 مىڭ پارچىدىن كەم ئەمەس ئىدى. كوردوۋادىكى ھاكىم كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى. بەزىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىچە (گەرچە گۇمانلىق بولسىمۇ) باغدادلىق نادىم 988 – يىلى تۈزگەن «مۇندەرىجە» ئېھتىمال بەزى كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسى بولسا كېرەك. بۇ داڭلىق ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ باش تەرىپىگىلا تۈرلۈك تىل – يېزىقلار ھەم مۇسۇلمانلار ئىبتىراپ قىلغان ھەدىسلەر كىرگۈزۈلگەن. ئاندىن ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىمىغان يەتتە پەن — تىلشۇناسلىق، تارىخ، شېئىرىيەت، ئىلاھىيەت، قانۇن، پەلسەپە، رىۋايەت ۋە سېھىرگەرلىككە دائىر تۈرلۈك ماقالىلار، دىنىي مەزھەپ، چەت ئەل دىنى ۋە ئالتۇن ئاۋلاش تېخنىكىسىغا دائىر ئىككى خىل ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور ھەرقايسى قىسىملاردا مۇشۇ مەزمۇنلارغا دائىر مەشھۇر كىتابلارنى، كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە يېقىن شەرقنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر باشقا قىممەتلىك

ماتېرىياللارنى كىرگۈزگەن. «مۇندەرىجە» بىزگە شۇنى چۈشەندۈردۇكى، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئەسىردە ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگىنى ئىنتايىن ئاز، بىزدە بىرمۇنچە ئاپتورلارنىڭ پەقەت ئاژغىنا، پارچە ـ پۇرات ئۈزۈندىلىرىلا بار. ئەگەر بۇ «مۇندەرىجە» بولمىغان بولسا، بىزگە نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ ئىسمىمۇ مەلۇم بولمىغان بولاتتى.

تىلشۇناسلار ئىلمىي ئېقىمىنىڭ پائال تۈردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. بىرمۇنچە مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىد ــ ئالدى بىلەن شېئىرىيەتكە قارىتىلغان تەنقىد مەيدانغا كەلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تىلشۇناسلار مەلۇم شائىر ياكى مەلۇم ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويسىمۇ. لېكىن، مۇتلەق كۆپ قىسمى سۇبيېكتىپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال «ئالتۇن بېلىق كۆزى» ــ جاھىز بىلەن مۇئتەزىلا سىستېمىلىق ئوبزور يازدى. ستىلىستىكشۇناس قۇدامە ئىبنى جەئپەر (922 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇ نەزمە ئەسەرلەردىكى «گۈزەللىك» بىلەن «سەپسەتە» نى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغانىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەبۇ سالال ئەسكەرى (1005 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نەزمە ئەسەرلەر ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، جۈملە تۈزۈش، سۆز ماھارىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەنقىدىي تەھلىلنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق مۇنازىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭدا شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەزمۇنغا سەل قارىلاتتى. شەكىل نەزمىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنىڭ ئۆلچىمى قىلىناتتى. بەزىلەر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق نەزمە جەھەتتە يېڭىلىق

يارىتىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەگەر ئاز - تولا يېڭىلىق يارىتىش مۇمكىن دېيىلگەن ھالەتتىمۇ ، ئۇ ھېچقانچىلىك دال بولمايدۇ : شائىرلارنىڭ ئۆزئارا پەرقى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ، دەپ قارايتتى . ئابدۇل قاھىرا جۇرجانى ( 1078 - يىلى ۋاپات بولغان ) بۇ خىل خاھىشنى مەلۇم دەرىجىدە تۈزەتتى . ئۇ مەنتىقىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك تەھلىل ئارقىلىق ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن شەكلەن تەھلىلىنى تولۇقلىدى . ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىنى ئوخشاشلا ئۇيلاشنى ، بىرىنگە ئېغىپ ، بىرىنى تاشلاپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى . ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئېتىبارلىق مۇنازىرە بىر نۇقتىنى ، يەنى بەس - مۇنازىرە قىلىنغان ئادەتتىكى ئەسەرلەرنى « قۇرئان » بىلەن تەڭ تورۇنغا قويماسلىق پىرىنسىپىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى . شۇ چاغدا ئەۋج ئالغان نۇقتىلىق ھالدا شەكلەن تەنقىد ئېلىپ بېرىش پىكىر ئېقىمى دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە جۇرجانىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ، مۇقەررەر يوسۇندا كەڭ تارقالغان نەسرىي ژانىر نەزەرىيىسى بويىچە سۆز ئىشلىتىشتە ئالىيجاناب بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى ناموۋاپىق ھالدا تەكىتلەشكە ئېلىپ باردى .

بۇ قائىدىلەر « نەزمە » شەكلىدىكى نەسرىي ئەدەبىيات ژانىرىغا تېخىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا تەلەپنى ، يەنى سۆز ئىشلىتىشتە تەكرار - تەكرار مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، پىششىق ئىشلەش تەلىپىنى قويدى . ئەدىبنىڭ ئاجايىپ سەنئىتى مەنزىرە تەسۋىرى ، كىشىلەر ئۈستىدىكى ئاددىي تەسۋىر ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ، ئىجتىمائىي ۋەقە ، ئوبيېكتىپ شەيئىگە دائىر پارچىلار ( فۇسۇل ) دىمۇ ، شۇنداقلا ، تۈرلۈك ھېيت - ئايەملەردە دوست - يارەنلىرى ياكى خىزمەتداشلىرىغا بېغىشلىغان خەت - چەك شەكلىدىكى نەزمىلىرىدىمۇ ( راسائىل ) ئىپادىلىنىدۇ . مۇئەز بۇ

خىل سەنئەتنىڭ ئىجادچىسى بولالمىغان ھالەتتىمۇ، ھېچ بولمىغاندا تارقاتقۇچىسى بولالايدۇ. 10 ـ ئەسىردە بۇ خىل سەنئەت ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر ئارىسىغا ئىنتايىن كەڭ تارقالدى. ۋەزىر ـ مىرزىلار قاتلىمى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنى پىدا قىلىپ، ئۇنىڭ قۇربانى بولۇشقا تاس قالدى. ۋەزىرلەر ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن، كامالەتكە يەتكەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەقلىد قىلىپ قوللىنىشقا تىرىشاتتى. ئۇلار كۆپچىلىك ھەۋەس بىلەن ئوقۇيدىغان گۈزەل، ھەجۋىي، مازاق قىلىش شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى ئۈلگە قىلىپ، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر بىر خىل «ئوردا ۋەزىرلىرى شەكلى» (ئىنشاھ) بارلىققا كەلدى. ئۇزاققا قالماي نەزمىلىك نەسرىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە نەزمە نەسرىي ئۇسلۇب (ساج) ئىنتايىن ئەتىۋارلىناتتى. چۈنكى «قۇرئان» ئاشۇ شەكىلدە يېزىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز، ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ مەسچىتلىرىدە جۈمە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان قۇتبىلىرىدا بۇ شەكىل پەيدىنپەي قوللىنىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلاھقا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش تۈپەيلىدىن ئومۇملاشمىغانىدى. سەيف دەۋلە خانلىقىنىڭ ئوردا مەدداسى ئىبنى ناباتا (984 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇشۇنداق نەزمە نەسرىي شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئوغلى بۇ ئەسەرنى ساقلىغان بولۇپ، كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەبۇ ئىلفادى ئىبنى ئالمىد (969 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نەزمە نەسرىي ئۇسلۇبتا ئالاقە يازغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى،

ۋارىسى ئىبنى ئىبات ( يەنە بىر ئىسمى ساھىب ، 995 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بۇ خىل ئەدەبىي شەكىلنى تولىمۇ ياقتۇرغان ھەم خەت ـ ئالاقە شەكلى قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ، بىراق ئالدىنقى قاتاردىكى ئەدىبلەر بۇنداق شەكىلنى تاسادىپىي بىزەشتە ياكى مۇقەددىمىدە قوللانغاندىن سىرت ، ئادەتتە قوللانمىغان . جۇغراپىيە ئالىمى مەقدىسى 985 ـ يىلى ، ئۇنىڭ زامانىسىدا بىلىملىك زاتلارنىڭ نەسرىي شەكىلگە قىزىقىپ ، نەزمە شەكىلنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ، پەقەت چاكىنىلارنىڭلا نەزمە شەكىل ۋە نەزمىلىك نەسرىي شەكىلنى ياقتۇرغانلىقىنى يازغان .

شۇنداقتىمۇ ئۇردا يېزىقچىلىق سەنئىتى دۇنياغا كېلىش بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە جەلپ قىلغان ئەرەب تىلى ستىلىستىكىسىنى ئۇزاقىچە ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بولۇپمۇ تىلشۇناسلار ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى . بۇ خىل ستىلىستىكىلىق ژانىر نوقۇل ئەدەبىيات تارماقلىرىغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن سىڭىپ كىردى ۋ ئەسەرلەرگە تولىمۇ گۈزەللىك ، ئەقىل ـ پاراسەت ، راۋانلىق بەخ ئەتتى . بۇنى ئەرەب پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھ بىر قەدەم دېيىشكە بولىدۇ . بىراق ، بىز ناھايىتى تېزلا شۇنى سېزىۋالايمىزكى ، پەم ـ پاراسەت ، چەبدەسلىك جەھەتتىكى مۇنداق يۈكسىلىش بۇ جەھەتتە تالانتى بار يازغۇچىلارغا بەدىئىيلىك جەھەتتە بىرمۇنچە يېڭىلىق ياراتقان ئەسەرلەرنى يېزىش ئىمكانىيىتىنى بەردى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن بەدىلى زور بولدى . نەزمىلىك نەسرىي ئۇسلۇبقا چوقۇنۇش مۇئەررىخا ئوخشاش تالانتلىق ، مۇلايىم ۋە جىمغۇر كىشىلەرنىڭ ئىستىلىنى بۇزۇش بىلەن قالمىدى . ھاكاۋۇرلۇق تۇپەيلىدىن ئەرەب يازغۇچىلىرى رېئال تۇرمۇشتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى . ئەرەب

ئەدەبىياتى تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ئەرەب ئەدەبىياتى تېخىمۇ سولىشىپ قالدى. تۆۋەندە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى:

(A) سەيف دەۋلە تەشكىلاتى: سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ئەرەب ھەمەدانى كىچىك پادىشاھلىقى ئىلگىرى بىرنەچچە يىللىق شانلىق دەۋرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان شېئىرىيەت ئالاتتى بىلەن پادىشاھلىققا تۈگىمەس شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەندى. پالۋان سەيف دەۋلە ⑳ (944 ـ يىلدىن 967 ـ يىلغىچە تەختتە بولتۇرغان) ئۆزىنىڭ مەردانىلىكى، سېخىيلىقى بىلەن داڭق چىقارغاندى ۋە ھەلەب شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى يەتتە باتۇرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دەۋلەنىڭ كېيىنى ئالاتتى. يەتتە كىشى ئىچىدىكى ئەبۇپىراس ㉑ (967 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دەۋلەنىڭ ئوغۇل جىيەنى بولۇپ، مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ كونستانتىنوپولدا قاماقتا ياتقاندا يازغان شېئىرلىرى تەبىئىي، راۋان، ھېسسىياتلىق ئىدى. يەتتە باتۇرنىڭ بىرى بولغان مۇتەنەببى ㉒ (965 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئوبرازى ئەڭ ئۇلۇغ بولۇپ، بۇ تەشكىلات پەقەت ئۇنىڭ نامى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولالىغانىدى. يەرلىك ئوبزورچىلار ئۇنى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كاتتا شائىرى دەيتتى. مۇتەنەببى ئۆزىنىڭ ئەركىن، جۇشقۇن خاراكتېرى بىلەن «كەلگۈسىدىكى پەيغەمبەر» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. ئۇ كۇفەدە تۇغۇلغان، شېئىرىيەتنى ئۆگىنىش كەچۈرمىشلىرىدىن قارىغاندا، سۈرىيىلىك بولسا كېرەك. ئۇ ئەبۇ تەممامنىڭ ئەرەب ئەنئەنىسىنى راۋان، يۇقىرى ماھارەتلىك ئىراق ئىلمىي ئېقىمى

بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ ماختانچاقلىقى ۋە مەغرۇرلۇقى شېئىرلىرىدا ئوچۇق ئىپادىلىنەتتى. بۇ نۇقتا ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەم ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇرغۇن قېتىم رەقىبلىرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە تەنقىدىگە ئۇچرىغان. لېكىن، ئادەتتە مۇتەنەببىي ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى رەتلىك، سۆزلىرى جايىدا بولۇپ، ئۇنى كېيىنكى «قەسىدە» شائىرلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

مۇتەنەببىينىڭ قەسىدىلىرى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «قەسىدە» لەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەسىدىلىرى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، تەبىئىي ۋە تەرتىپلىك ھالدا بىر مەزمۇندىن يەنە بىر مەزمۇنغا يۆتكىلىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ خىل بەدىئىي ماھارەت ئەرەب ئوبزورچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار دائىم شېئىرنىڭ باش ـ ئايىغىنى قايرىپ قويۇپ (كونا ئادىتى بويىچە)، بىرنەچچە مىسرانى تاللىۋېلىپلا شېئىرنى كەم سۇندۇراتتى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھېچقانداق شائىر ئەرەب ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە ئۇنىڭدەك كۆپ جاراڭلىق نەزمە تەقدىم قىلالىغان ئەمەس.

كىشىنىڭ قەلبىگە مىزان مەردۇ ـ مەردانىلىك ھامان،
مەردلەرنىڭ يۈكسەكلىكى بولغاي مۇشەققەتتە ئايان.
ۋىجدانلىقنى ئىززەتلە ۋاپا قىلغاي ئۇل ساگا،
ماختىسالىڭ پەسكەشنى بولغاي ئۇ تەكەببۇر شول زامان.

گەر قۇياش مەۋجۇتلۇقىغا قىلىنسا شاھىد تەلەپ،
ئۇشبۇ ئالەمنى ئەقىل مۇتلەق بىلەلمەس ھېچقاچان.
ئىزدىگەن سۇلتانى كافۇر [②] بۆلەكنى ئىزدىمەس،

دېگىنزغا تەلپۈنگىنىڭ مالى ئىقىنىنى تاشلابان.
ئۆزگىنگە گۆر كولىغانلار ئاخىر ئۆزى چۈشەر،
پىشۋالار ئىزىدىن ئەۋلادىمىز ماڭغاي راۋان.

بۇ شائىرلىق تەشكىلاتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىراق، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى فارابى ( 950 - يىلى ۋاپات بولغان ) دېگەن يەنە بىر كىشىمۇ بار. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىلىرىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەسەرلىرى كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامىنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كېلىشى ــ ئۇنىڭ ئەرەب پەلسەپىسىگە قوشقان تۆھپىسىدىن بولغان. فارابى ( يېڭى ئەپلاتونچىلارنىڭ ئىيتىشىچە ) ئارىستوتېلچىلار بىلەن ئەپلاتونچىلارنىڭ تەلىماتىنى كېلىشتۈرۈشكە تىرىشقان. بىراق، ئۇ بىر تەقۋادار ئىسلام ئېتىقادچىسى سۈپىتىدە، پۈتۈن زېھنى بىلەن پۈتكۈل يۇنانىنىڭ پەلسەپە قائىدىلىرىنى ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى «پەزىلەتلىك شەھەر» ( «ئەلمەدىنىە فازىلە» ) بولۇپ، سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىكىنى شەرھلەيدىغان بۇ رىسالىنى «غايىۋى دۆلەت» ⑱ دېگەن كىتابنىڭ مۇسۇلمانچە نۇسخىسى دېيىشكە بولىدۇ.

سەيف دەۋلە ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىمالىي سۈرىيە ئىلمىي ئىقتىسادىكىلەرمۇ تۈگەشتى. بۇ يەردە قېپقالغان يەنە بىر كىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەبۇلئەلا مۇئەررى ( 937 ـ 1057 ) ئەرەب ئەدەبىياتى ساھەسىدە جۈپتى-جورىسى يوق، ئويلىمىغان يەردىن چىققان بىر كىشى،

كېچىكمىدىنلا ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ھەلەبكە بېرىپ بىلىم ئالغان ۋە باغدادتا چىقىش يولى ئىزدەپ يۈرگەن. ئاخىر ئۆز يۇرتى مەئەررىگە قايتىپ كەتكەن. شېئىرلىرى (شېئىرلار توپلىمىنىڭ نامى « سىقتى زەندى ») ⑬ دىن قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرى مۇتەنەببىنىڭ مۇرىدى بولغان بولسا كېرەك. لېكىن، كېيىنكى شېئىرلىرىدا، گەرچە ئۇنىڭ شېئىرلىرى قاپىيە ۋە سۆزلۈك جەھەتتە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، « لۇزۇمىيات » دېگەن مەخسۇس ئىسىم بىلەن يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، مۇئەررى كونىنى بۇزۇپ، يېڭىنى تىكلەشكە جۈرئەت قىلغان، ئۇ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر، كۆزى ئۆتكۈر، ئەمما پەرىشان مۇتەپەككۇر ئىدى.

نىكسون بالا بېرىپ مۇنداق دېدۇ، ئۇ ئىراقنى ئۆزىگە يول باشلامچى قىلىپ، دۇنيادىكى كىشىلەرگە ئىركىن ھاۋا بەرگەن. بۇ ئىرىنى زامانىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە ئىستىبدادلىق ئىبىنى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىراقىيىسى ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئادالەتسىزلىك، ھىيلىگەرلىك، خۇراپاتلىقتا چەكسىز نەپرەت بىلدۈرگەن. ئۇ شاللاق، قەبىھلىكنى پاش قىلىپ، ئەقىل پەزىلەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنى يورۇتۇپ بەرگەن. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن شۇ دەۋرنى دادىل، ئادىللىق بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ سەنئەتچى قورقۇنچلۇقتا قارشى كۈرەش قىلغان. ئۇ ئۆز زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن ئۇزۇنلۇق جەڭلەرنى يېڭىشقا سىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن ئاراق تەسىراتىنىمۇ تۇزۇپ قالدۇرغان. لېكىن، ئۇنىڭ « لۇزۇم » ⑭ لىرىنىڭ كۆزىچىلىكى بىھىنە ۋە تىپتىقسىز. ئۇرغۇن شېئىرلىرى چېچىلاڭغۇ، ماتەمسىز، بىزنىڭ زوق ئېلىشىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زېرەكلىكى كىشى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ماختايدۇ ھەم كەمسىتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ ھەم چارچىتىپ قويىدۇ. كىشىنى خارلىنىش ۋە بىزار قىلىدۇ. بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ كىتاب ئالىيجاناب خىسلەتنى ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن يەنىلا دۇنيادا تەڭداشسىز ئەسەر

ئېبلىنمىدۇ.

مۇسۇلماننىمۇ، خرىستىئاننىمۇ، جوھۇتلارنىمۇ خانا قىلدى،
ئىككى خىللا ئادەم مەزھەپ تۈزۈپ ئالەمگە جاكار قىلدى.
بىر تۈركۈم ئەقىللىقلەر، بىراق يوق ئېتىقاد، ئىمان،
بىر تۈركۈم ئەملى تەقۋادار، ناداتلىقنى ئاشنا قىلدى.

تۇپ - تۇپ بولۇپ ئاگلىنىشىلى كەلگەن مۇسۇلمان زامانداشلىرى ئۇنى قانداق چۈشىنىشنى بىلەلمىگەن. ئۇنىڭ ئارىسىدىكى « لۇزۇمىيات » نىڭ نۇزغۇن جايلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى سەزگەن، مەسىلەن، مۇئەررىنىڭ كۆمانخورلۇق پەلسەپىۋى كۆز قارىشى، شەكىللىكە ئېتىبار بىرىدىغان بارلىق دىنغا غەيرىي يىزىتمىيە تۇتۇشى، سىنتېمېنتىكلىق كۆز قارىشى، ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىزانىنى پەسەنت قىلماسلىقى . . . ۋە باشقىلار. لېكىن، ئادەتتە ئۇنىڭ « سىقتى زەندى » ي ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەسەر، دەپ قارىلاتتى. ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئوبزورچىلار يەنە بىر قوتۇپقا مېڭىپ، ئۇنى ئىلغار پەلسەپىۋى كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق كۆز قاراشلاردىن يىرگەنگەن بولاتتى. مۇئەررىنىڭ « كەچۈرۈم سوراش » ( « رىسالەتۇلغوفران » ) دېگەن ئەسىرى ناھايىتى داڭلىق. تەخمىنەن 1025 - يىلى ئىسپانىيەدە ئەرەب قان سىستېمىسىدا مەنسۇپ يازغۇچى ئىبنى شۇھەيد « ئالۋاستىلارنى زىيارەت » ناملىق خىيالىي ئەسەرنى يازىدۇ ( قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئۆتكەنكى ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئىلھاملاندۇرۇلغانىكەن ) . مۇئەررىنىڭ بۇ ئەسەرنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز يوق.

سەككىز يىلدىن كېيىن مۇئەررى « كەچۈرۈم سوراش » دېگەن كىتابىدا تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ۋە يەرگە كىرىپ ، بۇ شائىرلار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ . بۇ ئەپسانە ۋە مەسخىرە شەكلىدىكى ئەسەر ئەپتورنىڭ تىل جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلاشتۇرۇشى بىلەن بەكمۇ چېچىپ قالغان . بۇنىڭدىن باشقا ، ئاپتورنىڭ خەت - چەكلەر توپلىمىنىڭ چۈشىنىكسىز ، چىگىش بولغان قاپىيىلىك جۈملىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ، يوشۇرۇن كىنايە ۋە ئەدەبىي « سېھرىي كۈچ » بىلەن تولغانلىقىمۇ بىزنى ئەنە شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ . ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى ، بەس - مۇنازىرە قوزغىغان بىر ئەسەردە تىلشۇناسلىق بىلىمى كۆز - كۆز قىلىنغان . بۇ ئەسەرنىڭ يېقىندا بىر قىسمى تېپىلدى . « پارچە ۋە مەقسەت » تېمىلىق بۇ ئەسەر كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەنگەن نەزمە نەسرىي ئەسەر بولۇپ ، ئۇ ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ ۋە مۇجمەل بولغانلىقتىن ، ئېيتىشلىرىچە بۇنى ئۇنىڭ مۇرىدلىرىدىن باشقا كىشى چۈشىنەلمىگەن . ئەسەرنىڭ مەزمۇنى « ئاللاغا سىغىنىش ۋە ساداقەتمەنلىك » تىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەربىر ئابزاستا « قۇرئان » نىڭ ھېكمەتلىرى ۋە تەقۋادارلىققا ئۈندەيدىغان نەسىھەتلەر يادرو قىلىنغان . شۇنىڭدەك ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دۇنيادىن بىزار بولىدىغان ، تەبىئەتكە ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىغا مەسخىرە قىلىش نەزىرى بىلەن قارايدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس ئۈمۈچۈك تورى بىلەن قاپلانغان . ئەنئەنىۋى مەزھەپكە مەنسۇپ ئالىملار بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قېلىپ ئۇنى « قۇرئان » نىڭ ناچار كۆچۈرۈلمىسى دەپ ئەيىبلىگەن . لېكىن ، مۇئەررىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى باشتىن - ئاخىر يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولۇپ كەلمەكتە .

(B) بۇۋەيھىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراق

[77] مۇسۇلمانلار ئەدەبىياتىدا ئەرەب پۇرىقى ئاملى سەيف دەۋلە تەشكىلاتىنى يەنىلا كونترول قىلىپ تۇرغاندا، باغدادتا بۇ ئامىل ئەبجەشلىشىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيىتىگە ئايلاندى. جۈملىدىن ئۇ پارس ئەدەبىياتى ۋە شەرققە قىزىقىۋاتقان گۈللىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. ئىلىم ئەھلىلىرى خەلىپىلىك ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان بىلىمسىز كىشىلەر ۋە قوپال بۇۋەيھىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولتۇقىدىن چىقىپ، دۆلەتمەن پارس ۋەزىرلىرىگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىبنى ئەبباد، يەنە بىر ئىسمى ساھىپ (938 ـ 995) ئۇنىڭ سالونى بولسا ئۆز زامانىسىدا شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە ئالىملار يىغىلغان جاي ئىدى.

بۇۋەيھىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە مەشھۇر ئىككى ئەرباب ـــ تارىخشۇناس مىسكەۋەي [78] (1030 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن مۇلاھىزىچى ئەدىب ئەبۇھەييان تەۋھىدى [79] (1023 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆتكەن. مىسكەۋەي ئەلكىندى يىغىنچاقلىغان ئىسلامىيەت ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەخلاقىي قائىدىگە دائىر ئىنتايىن تەسىرلىك بىر كىتاب يېزىپ چىققان، يەنە «دۆلەتنىڭ تەجرىبىلىرى» دېگەن كىتابنىمۇ يازغان. بۇ تەبەرىدىن كېيىن يېزىلغان تۇنجى مۇھىم تارىخىي ئومۇمىيە، بۇ كىتابنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا مۇھىم بولنانلىقى مىسكەۋەينىڭ تەبەرى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئوخشاش ئىلاھشۇناسلىق ياكى پەلسەپە بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە نام چىقارغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلدار ۋە ئوردا ۋەزىرى بولغانلىقىدىن بولغان. «دۆلەتنىڭ تەجرىبىلىرى» نىڭ كېيىنكى قىسمىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ماتېرىياللىرى ۋە شەخسى ئۇچرىشىش ئاساس

قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى يىلنامىغا قاراپ كۆچۈرۈشىدىن ئىبارەت يېڭى يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بىز ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىللەت، يامان ئادەتلەرگە يول ئېچىشتا نەمۇنە يارىتىپ بەرگەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلالىساقمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى قوغدىغۇچىسى بولغان ۋەزىر ئىبنى ئەمىدنى تۇغما قەھرىمان دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ماھىر، جىددىي - ئەستايىدىل ئىلىم ئەھلى ئىدى.

ئۇنىڭ دوستى تەۋھىدىنىڭ ئەھۋالى تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە (تولىمىزدا ئۇ ئىككىسىنىڭ پەلسەپىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىغا دائىر قىزىق بىر پارچە خەت بار). تاكى مۇشۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىغىچە قىلچە نامى بولمىغان تەۋھىدىنى ئەرەب پىروزىسى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن «ئالتۇن بېلىق كۆزى» جاھىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن. [ياقۇت مۇنداق دەيدۇ: ] «مۇنازىرىگە ماھىر ئىمام ۞ زېرەك، قابىل ئىدى. ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇراتتى. تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتەلەيتتى.» ئۇنىڭ «ئىككى ۋەزىر» دېگەن ئەسىرىدە ئەمىد بىلەن ساھىپنىڭ ئاجىزلىقلىرى شۇ قەدەر مىسكىن يارىتىلغان، شۇڭا بەزىلەر بۇ كىتابنى ئالغانلار بالا - قازاغا ئۇچرايدۇ، دەيدۇ. تۆۋەندە ساھىپ تەسۋىرلەنگەن بىر ئابزاس ھېكايىنى مىسال كەلتۈرىمىز، بۇ ئۇنىڭ يەنە بىر ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەسلى ماقالىدىن ئېلىنغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز:

**ساھىب ھېيت - بايرام ياكى باشقا يىغىلىشلاردا دائىم ئىلھام بىلەن شېئىر يېزىپ، بالىچىسىنىڭ نوغلى ئەبۇ ئىيساغا ئېلىپ بېرەتتى ۋە ئۇنىڭغا: «مەن بۇ**

داستاننى ساڭا تەقدىم قىلدىم . شائىرلار يىغىلغان چاغدا سەن ئېكسپرومتسىيە قىلىپ مېنى ماختىغىن » دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ جاھىل ، ئۇچىغا چىققان مەككار باغداتلىق ئېبۇ ئىيسا يىغىلىشلاردا ئېكسپرومتسىيە قىلاتتى . ساھىب ئۆز شېئىرىدە ئۆزىنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلگەن يەرلىرىنى ئاڭلىغاندا ، « يەنە بىر ئوقۇساڭچۇ ئېبۇ ئىيسا ! ئوقۇ ئىيسا ، ئوقۇ ! سەن داڭلىق شائىر بولۇپ قالدىڭ ، سېنىڭ تالانتىڭ ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىڭ يېتىشىپلا قالدى . شېئىرنىڭ ۋەزىن - تۇراقلىرى جايىدا ، ئۆتكەنكى بايرامدا ئېكسپرومتسىيە قىلغان ئېيىتلىرىڭگە زادى ئوخشىمايدۇ . بىزنىڭ سۆزلىشىمىز ئەنە شۇنداق ، مۇختەسەرلىق كىشىلەرنى يارىتىدۇ . ئىرادە ۋە تالانتنى چىنىقتۇرىدۇ . يۈك ئېتىشنى چەك ئىشتىغا ئايلاندۇرىدۇ » دېيىشتى . ئادەم ئۇنىڭغا تۇرغان يۈك بېرىپ كەتكۈزۈۋېتىشتى . ئۇ يەردە ئولتۇرغان شائىرلار ۋە يىغىن قاتناشچىلىرى چىشىنى غۇجۇرلىشىپ غەزەپلىنىشتى . چۈنكى ، ئۇلار ئىيسانىڭ تۈزۈكرەك بىرەر مىسرالىق شېئىر يازالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، تەۋھىدىنىڭ بەزى كىتابلىرى ۋە ماقالىلار توپلىمى تېپىلدى ۋە نەشر قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى « دوستلۇق رىشتى ۋە دوستلار » بولۇپ ، بۇ بىرنەچچە قېتىم تۈزىتىلگەن ، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ « كەچلىك سالونى » غا يىغىلىپ ئەدەبىيات ، پەلسەپە ، پەنگە دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرە ئىدى . بۇ ئۈچ توملۇق ئەسەر بولۇپ ، تەۋھىدىنىڭ ھەققەتەنمۇ داڭلىق نەسرىي ئەسەر يازغۇچىسى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس ، بەلكى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك باغداد ئەدىبلىرىنىڭ سالاپىتىنى زېرەكلىك بىلەن ۋە ھەجۋىي يوسۇندا تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنى يېزىپ قالدۇرغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

بۇۋەھىيە دەۋرىدە تەزكىرە ئەدەبىياتىغا كىرىدىغان تەبەرى ۋە مىسكەۋەينىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن قالسا ، يەنە ئۈچ داڭلىق ئەسەر بار ، بۇنىڭ بىرى « باغدادلىق دىن تارقاتقۇچى » تەخەللۇسىدىكى ھەدىسشۇناس ( 1071 - يىلى ۋاپات بولغان )

بولۇپ، ئۇ يەتتە مىڭدىن كۆپرەك باغداد ئۆلىمالىرى، شائىرلىرى، يازغۇچى ۋە سىياسىئونلارنىڭ تەرجىمىھالىنى توپلاپ، ئون تۆت توملۇق تەزكىرە توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى داڭلىق ئىسلامىيەت ئەسەرلىرى ئىچىدە دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان تەزكىرىلىك لۇغەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىلال ئەسابى (1056 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مىسكەۋەي مەزھىپىگە تەۋە. ئۇنىڭ «ۋەزىرلەر» ناملىق ئەسىرىدە 10 ـ ئەسىردىكى باغدادنىڭ تۈرىنچىلىك سىياسىي ھەقىقىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن ياكى ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن تەتراپلىق خاتىرىلەنگەن. لېكىن، بۇ ئەسەرنىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. ئۈچىنچى ئەسەر بولسا، باشتا بايان قىلىنغان ئىسپاھانى (967 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «كىتابى ئەغانى»ـ سىدىن ئىبارەت. گەرچە ئاپتور توغرىسىدىكى باھا ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىغا بولغان ئىشەنچتە بەزى گۇمانلار بولسىمۇ، لېكىن يىگىرمە توملۇق «كىتابى ئەغانى» دە ئەرەبلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئادىتى كەڭ تەسۋىرلەنگەن، بۇ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەسەردۇر.

نوقۇل ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى ئوخشاش قاپىيىلىك ياكى تەكرار قاپىيىلىك نەزمە ھەم ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ چاغدا ھىندىستان ۋە پېرسىيىنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى تۈزۈلۈپ بولغانىدى. ئىلىم ئەھلىلىرى ئوخشاش مەقسەتتە، تارىختا يېزىلىغان نۇرغۇن ۋەقەلەرنى توپلاپ تىلشۇناسلىق ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنىدى. بۇنداق

تارىخقا يېزىلمىغان ۋەقەلەر توپلىمى تونىمۇ قارشى ئېلىناتتى . ئۇنىڭ تۇنجىسى سوتچى تەنۇخى ( 940 ـ 994 ) نىڭ « كۆلپەت ئىچىدىكى ياردەم » ۋە « تارىخلار » دېگەن ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت . كېيىنچە بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى . [ ئەلبەشىھى ( 1388 ـ 1446 ) ① نىڭ « قىزىقارلىق ئەدەبىيات » ( « مۇستەتىرىق » ) دېگەن ئەسىرى مەيلى مەزمۇن ياكى ئۇسلۇب جەھەتتە بولسۇن ، ھازىرغىچە ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلانماقتا.] بۇ خىل ئۇخشاش قاپىيىلىك ياكى تەكرار قاپىيىلىك ئەدەبىي شەكىل ھەتتا تارىخ ساھەسىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن . ئىبراھىم سابى ( 944 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بۇۋەھىيە خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇۋەھىيە خانلىقىغا تارىخ يازغان . ئىبراھىم سابى نەزمە نەسرىي شەكىلدە ئىنتايىن كۆپتۈرۈلگەن بىر مەدھىيە يازغان ( ئۇنىڭ راستلىقى ئۈستىدە توختالمايمىز ) . بۇ كىتاب ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كېيىنكى پارس پادشاھلىقلىرىنىڭ يىلنامىشۇناسلىرىغا ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن . بۇ ئەسەرنىڭ پارس تارىخىي داستانلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە شەرق خان جەمەتلىرىنىڭ يىلنامىلىرىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىرۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تاسادىپىي ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ . بۇ دەۋرنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى شۇكى ، ( ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىلغان ) خەلق قوشاقلىرى كەڭ تارقالغان . بۇ ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى . ئەپسۇسكى ، بۇنىڭدىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت ئايرىم پارچىلاردىنلا ئىبارەت .

بۇۋەھىيە دەۋرىدىكى باشقا ئەدەبىيات ئومۇمەن دىنىي مەزمۇندىكى ۋە دىنغا ئالاقىدار ئەدەبىي تېمىلاردىن ئىبارەت . بۇنىڭ ئىچىدە سوتچى ماۋەردى ② (1058 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ

مەشهۇر ئەسەرلىرى توپلىمى، «ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈلمە قائىدىسى» مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. بۇ ئەسەردە سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى لايىھىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن چىرىك ۋە قابىلىيەتسىز دەپ قارالغان شەيئىلەرگە يول قويۇلمىغان. دەرۋەقە، بۇ چاغدا شىئە مەزھىپىدىكىلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەدەپ ئۇچۇق - ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەسەر شۇكى، شىئە مەزھىپىدىكى قانۇنشۇناس مۇھەممەت تۇسى (1067 - يىلى ۋاپات بولغان) يازغان شىئە كىتابلىرى مۇندەرىجىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا شۇ مەزھەپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىچىلەر ھېسابلانغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن، بۇ مۇندەرىجىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى شىئە مەزھىپىنىڭ زەيدى تارمىقى يەمەندە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇستەقىل پادىشاھلىقنى قۇرغانىدى [10]. ئۇلار بۇ چەت بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا خېلى ياخشى بولغان بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتقان. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە قېزىلىپ تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق، مەزمۇنى ئىلاھىيەت توغرىسىدا بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ يەنىلا قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلىنىڭ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئەلمۇرتەزا ئەلشەرىپ (966 - 1014) بىلەن ئەينى

زامانىدىكى ئاتاقلىق شائىر رازى [*] (970 ـ 1015) ئاكا ـ ئۇكىلار تەرىپىدىن يېزىلغان . يالغاندىن توقۇلغان بۇ ئەسەر بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە يېشىنماك ، ئەمما بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەل ئىشلەنگەن ، مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان « بەس ـ مۇنازىرىنىڭ داغدام يولى » دېگەن تېمىدىكى بىر ئەسەردىن ئىبارەت ( ئۇقۇشىمىزچە بۇ ئەلىنىڭ ۋائىزلىق ماقالىسى ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى توپلىمى ئىكەن ) . كېيىنكىسى شىئە مەزھىپى ئىچىدىلا ئەمەس ( ئۇلار بۇنى ئىمامنىڭ [*] ئۆلمەس ئەسىرى دەپ قارايدۇ ) ، سۈننى مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ قالتىس مۇرەتكە ئىگە . يەنە بىرى ئەلىنىڭ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داڭلىق قەسىدىسى « زەينەپ قەسىدىلىرى » ( « قەسىدە زەينەبىيە » ) دىن ئىبارەت . خېلى بۇرۇنقى بۇ توقۇلما ئەسەر ئاببىسلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر شائىرنىڭ قولىدىن چىققان .

يۇقىرىدىكى يازغۇچىلار شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولغان « ئون ئىككى مۇخلىس مەزھىپى » ياكى « ئىمام مەزھىپى » گە مەنسۇپ بولسىمۇ ، شىئە مەزھىپىنىڭ نامى روشەنكى پەلسەپە كاتېگورىيىسىدە باشلانغان يەنە بىر ھەرىكەتنى كۆرسەتمىسىمۇ . لېكىن ئاخىرىدا سىياسىي ساھەدە فاتىمە سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ قىزىق قان تارماق مەزھىپى ، يەنى پىرسىيە ۋە سۈرىيىدىكى « قاتىللار » [*] دەپ ئاتالغان مەخپىي تەشكىلات مەيدانغا كېلىدۇ . ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان بۇ ئەدەبىيات ئاز دېگەندە ئىككى توپلام قىزىقارلىق ئەسلىمە ۋە بەزى تارىخىي ھەم ئىلاھشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ئەسەرلەر ھەسەتخورلار تەرىپىدىن يىگىرمە يىل تىقىپ قويۇلغاندىن كېيىن ،

ئاندىن بارا ـ بارا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . ئۇنىڭ بىرى « پاك قېرىنداشلارنىڭ مەكتۇپلىرى » بولۇپ ، بۇ باشقىلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان . بەسىرىلىك بىر تۈركۈم يازغۇچىلار تەرىپىدىن مىلادى 1000 ـ يىلدىن بۇرۇن تۈزۈپ چىقىلغان بۇ ئەللىك بىر پارچە ئەسەر ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى قامۇس بولۇپ ، 10 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىسىنى شەرھلەپ بېرىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ئەنئەنىۋى مەزھەپ ئۆلىمالىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادىكىگە ئوخشاش ، پەلسەپە بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە باشلىغانىدى . ئۇلارنىڭ شەرتى بۇ ئەقىدىلەر چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن خۇلاسىگە ئېلىپ كەلمىسىلا بولدى . دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . يۇقىرىقى شەرت ئاستىدا ، بۇ « پاك قېرىنداشلارنىڭ مەكتۇپلىرى » ئادەتتە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ قارالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسىرى ، ئۈزۈندىلىرى ياكى ئۇنىڭ تەرجىمىسى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى كۆپ كىتابخانغا ئىگە بولدى . بۇ ماقالىلار توپلىمى بىرىنچىدىن ئالتىنچىگىچە ماتېماتىكا ، يەتتىنچىدىن ئون ئۈچىنچىگىچە پەلسەپە ۋە لوگىكا بىلىملىرى ؛ ئون تۆتىنچىدىن يىگىرمە بىرىنچىگىچە ئاممۇۋى ئىلىم ـ پەن ؛ يىگىرمە ئىككىنچىدىن ئوتتۇزىنچىگىچە ئىنسانشۇناسلىق ئىدى . يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى بويىچە يېزىلغان . ئوتتۇز بىرىنچىدىن ئوتتۇز تۆتىنچىگىچە « دۇنيانىڭ جېنى » تېمىسىدا بولۇپ ، روشەن ھالدا يېڭى ئەپلاتونچىلارغا مەنسۇپ ئىدى . ئاخىرقى ئون بىر پارچىسى « ئىلاھىيەت ئىلمى » بولۇپ ، كۈچلۈك « مۇئتەزىللەر » كۆز قارىشىغا ئىگە ئىدى .

(c) شەرقىي پېرسىيە : شەرقتىكى پارس خاقانلىقى پارسچە ئەدەبىي تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلغان بولسىمۇ ، ئەرەب

تىلى يەنىلا ئوردا ئىچىدە ياكى خەت - ئالاقىلەردە كەڭ قوللىنىلاتتى ، ئەرەب شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرىمۇ بۇنىڭ بىلەن دائىم ھامىيلىقىغا ئىگە بولاتتى . بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانى خاقانلىقىنىڭ شەرق بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرى بولسىمۇ ، لېكىن باي سودا مەركىزى خارەزىم ( ھازىرقى ئىسمى خىۋە ) ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن داڭق چىقارغانىدى . ئۇكسۇس ئۆلكىسى دىنىي تەتقىقاتىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى . ھەدىس تۈزگۈچى ئۆلىمالارنىڭ كۆپچىلىكى خوراسان رايونىدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇخارالىقلارمۇ ، مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى .

خۇراسان رايونىنىڭ مەركىزى نىشاپوردا ئەينى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر قۇل ئەدىب ھەمەدانى ( 961 - 1008 ) بىلەن سەئالىبى ( 961 - 1038) ئۆتكەن . ئالدىنقىسى « بەدىئۇز زامان » دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر بولۇپ ، ئۇن ئىككى يېشىدىلا ئۇستازىنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ بولۇپ ، ھەمەداندىن چىقىپ كېتىپ ، تاكى ھىراتتا قازا قىلغانغا قەدەر ئۆز ئۆمرىنى ھەرقايسى پادىشاھلىقلار ئارىسىدا ساياھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن . تۆۋەندە سەئالىبىنىڭ ھەمەدانى توغرىسىدا يازغان بىر پارچىسىنى نەقىل كەلتۈرىمىز . بۇ ماقالا قىزىقارلىق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات مۇنبىردىكىلەرنىڭ غەم - غۇسسىسىز ھاياتىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ . جۈملىدىن ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ مۇغامەت ( قاپيىلىك دراما ) نىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ .

**ئۇ ناھايىتى يارىشىملىق ئىدى : ئەللىك نەچچە مىسرالىق بىر شېئىرنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا ، بىر مىسراسىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ، باشتىن -**

ناياغ يالقۇزلاتتى ، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ ، كىتابنىڭ تۆت - بەش بېتىنى بىر كۆرۈۋېلىپلا ، دەتلىلا سۆزلەپ بېرەلەيتتى . ئۇ بەزى ئىملى ئەسەر يېڭى يوقىلاڭ سوئاللارغا ئاسانلا ، زىيادە ئولتۇرۇپ شېئىر ئوقۇيتتى ھەم باشقىلار چىقىرىپ بەرگەن تېمىلار بويىچە ئەسەر يازاتتى . ئۇ ئاخىرىدىن باشلاپ يېزىپ ، باش تەرىپىدە ئاخىرلاشتۇراتتى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سۆزى ئىنتايىن گۈزەل ، تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ ، گۈزەللىكتە ھەرقانداق ئەسەردىن قېلىشمايتتى . ئۇزى يازغان مەشھۇر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ « قەسىدە » سىنى ئەدەبىي جەھەتتىن ئەسلەپ چىقاتتى . ئاغزىدا نەزمە ئوقۇپ تۇرۇپ ، قەلىمدە سۇدەك چاچما شېئىر يازاتتى ؛ ئۇ بىلگىلىنگەن ۋەزن قائىدىسى بويىچە پاكى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ھېكمەتلىك تېمىلار بويىچە ، گۈزەل نەزمە ياكى راۋان نەسرىي ئەسەرلىرىنى يازاتتى . جۈملىدىن ، زىيادە ئولتۇرۇپلا چاقماق تېزلىكىدە دېكلاماتسىيە قىلالايتتى ؛ ئۇ يارىمچە شېئىرلارنى تېز ۋە مۇكەممەل ھالدا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقالايتتى . . . ئۇ مۆجىزە خاراكتېرىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنىمۇ قىلالايتتى .

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ، ئەبۇبەكرى خارەزمى [42] ( 1002 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ شەرقتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن نەزمە نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ئەدەبىي كىتابلىرىنىڭ يېزىلىش ماھارىتى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ماگمىغا ئوخشاش تارقىلىپ كەتكەن . ھەممەدانى بۇ خىل ماھارەتنى ئۆگىنىش بىلەنلا ، بۇ خىل يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۆلگە بولۇپ قالغان . لېكىن ، ئۇنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى شۆھرىتى ئاساسەن ئۇنىڭ تالانت ئىگىسىگە خاس ئەسەرلىرىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ نەسرىي ئەسىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلىنىش شەكلى ـ مۇقامەتىنىڭ ئىجادچىسى بولغانلىقىدىن كەلگەن . بۇ ئىجادچىنىڭ قەلىمى بۇ خىل ئەدەبىيات شەكلىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىگەن .

[جانلىرى بۇنداق دەپ يازىدۇ ] ئۇ دۇنيانى ئايلىنىپ چىققان ئەقىللىق ،
قوبىل بەسىر قوشاقچىنى تەسۋىرلەپ ، ياغىدا تىل ماھارىتى بىلەن مەدداھلىقتا ئوخشاش
خەلق ئىچىدە چوڭگىلەپ يۈرەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ھېكايىلىرىنى سادالىق
سۆزلەيتتى ۋە ئېسىل ئەسەرلەرنى تەكرارلايتتى . ئۇ ئاز - تولا ئىلتىپات -
ساخاۋەتكە تايىنىپ جان باقاتتى . قابىلىيەت دراما ئەنگىمىنىڭ بىرخىلى ھېسابلىنىدۇ .
ئىلىستور ئويۇن قويۇش ۋاقتىدا ، نەزمە ۋە نەسرىلىق جەھەتتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلاتتى ، بۇنداق
ئەھۋال ئىلىستا ، مەزمۇن ئېسىل - ئىبەت ۋە ئىستىلگە ، ماھىيەت شەكىلگە بويسۇنۇشى
لازىم .

بەزى تىلشۇناسلار تارىختا كىرگۈزۈلمىگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى ماقالىلارنى ئاللىقاچان تىلنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئۈتكۈر قورالى قىلىۋالغانىدى . ھەممىدانىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلىمنى كۆز - كۆز قىلىدىغان بۇنداق يېڭىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ، نەزمە ۋە نەسرىي شەكىلنى ئارىلاش قوللىنىش ئارقىلىق قەدىمكى ھېكايىلەرنى سۆزلەشتە بولدى ( ياۋروپا ئەدەبىياتىدا « ئوگاسسىن بىلەن نىكولېتتى » ® بۇ شەكىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ) . شۇنىڭدەك گۈزەل ئۇسلۇب ۋە زىياپەتتە ئولتۇرۇپلا ئىجاد قىلىشتەك جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن نەزمە نەسرىي شەكىلدە ئەسەر يېزىپ ، تالانت ئىگىسىگە خاس شەكىل بىلەن ھەممىگە تونۇش بولغان ھېكايە قەھرىمانى — ئەقىللىك سەرگەردانى ئۆز سەنئىتىنىڭ ۋەكىلى قىلغانلىقىدا ئىدى . ئۇنىڭ ئەسەرىدىكى قەھرىمان ، ئىسكەندىرىيىلىك ئەبۇ خارىس تولىمۇ ھوشيار ، تۈرلۈك ستىلىستىكىلىق ماھارەتكە ئىگە شەخس قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، بۇنداق ماھارەت دەل ھەممىدانىڭ ئۆزىدىلا بار ئىدى . بۇنداق ئىجادىيەت شەكلى ئەرەب دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ ، بىلىملىك زاتلار ياكى ئاددىي

پۈتقىرالاردىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلانمايدىغىنى يوق ئىدى. يەنە، نۇرغۇن دورامچىلارمۇ بارلىققا كەلگەن. لېكىن، كېيىنكى نەزمە درامىلار ئۇنىڭكىدەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمىدى، چۈنكى بۇنداق بەدىئىي ماھارەتنى پەقەت ئاشۇ ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىلا كۆڭۈلدىكىدەك، تەبىئىي قوللىنالايتتى. ھازىرقى زامان ئوبزورچىلىرىدىن بىرى نەزمە درامىلار سامىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي تېمىلارنى ئىپادىلەش جەھەتتە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، دەپ قارىدى.

ئارىستانلار ۋە سامىيلار ئىچىدە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن ئۆزلۈكسىز تارىدە بىر قاتار ژانىرنى «يېتىلىش» باسقۇچىدىن، يەنى تارىخىي داستان (= «قەسىدە»)، دراما (= كەچمە، يەنى نەسرىي، نەزمە شەكىل بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان ھېكايە)، ھېكايە (= «مۇغامات» يەنى نەزمە شەكلىدە يېزىلغان درامما) دىن ئىبارەت بولدى. بىرىنچى باسقۇچتا ئەقىلسىزچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىلا جارى قىلىندۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچتا، ئارتىسلار ياكى دېكلاماتسىيىچى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە مۇناسىپ ئىلان قىلىندۇ؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا، كىتابخانلارنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى قوزغىلىدۇ. بۇ يەردە، ئارىستانلارنىڭ ئەدەبىيات شەكلى كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى ئۆزگەرمەس قېلىپ بېكىتىۋېتىلگەن؛ ئەكسىچە سامىيلارنىڭ شەكلى تويىال، ئۆلۈك بولسىمۇ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، دائىم ئېگىزدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

— ماسلۇننىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى.

سەئالىبى ھەممىدانىنىڭ ماھارىتىگە بەك ھەۋەس قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ تامامەن دېگۈدەك تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتنىڭ كونا رامكىلىرى بويىچە ئىجاد قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككى كىتابى بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، بىرى ئومۇمىي تارىخ بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلەردىكى پارس پادىشاھىغا دائىر قىسمى ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ كىتابنىڭ بىزنى قىزىقتۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ مەشھۇر پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ داڭلىق پارسچە تارىخىي داستانى «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن بىر ئابزاس تارىخىي پاكىتنى ئاخىرقى ھېسابتا نەسرىي شەكىلدىكى بېكىتىلگەن نۇسخا بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە بىرى «زامانىمىزنىڭ گۆھىرى» («يەتىمە تودەھرى») دېگەن كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى ئەسىردىكى شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن. يەنى ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى، ئەدەبىي پارچىلىرى، ئوخشىتىش ياكى ئىستىئارىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور يۈكسەك تەنقىدىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەر بىردىنلا شۆھرەت قازانغان، كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە بۇ ئەسەرگە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن مەلۇم ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن.

999 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى سامانىلار ئوردىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئافغانىستاننىڭ گاھنا دېگەن يېرىدە تۈرك خانلىقىنى قۇردى [illegible]. خانلىقنىڭ ئەڭ مەشھۇر شاھزادىسى مەخمۇت ئەمىن دەۋلە (998 -، 1030 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) [illegible] ئىدى. مەخمۇت ماھىيەتتە زالىم پادىشاھ بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا مەشئەل تۇتاتتى. دىنىي نىقاب ئاستىدا ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغانىدى. لېكىن، ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەينى زاماندىكى داڭلىق يازغۇچىلارنى ئۆز ئوردىسىنى مەدھىيىلىتىش ئۈچۈن يىققانىدى. ئۇتبى (1036 - يىلى ۋاپات بولغان) مەخمۇتنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئەتەي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ ئىبراھىم سابىنىڭ بۇۋەھىيە خاقانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىنى دوراپ، ئۆز خوجايىنى مەخمۇتنى ئۇچۇرۇپ، نەزمە

نەسرىي ئەسەر « دۆلەتنىڭ ياردەمچىسى » نى يازغان . بۇ كىتاب نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ، بولۇپمۇ شەرقتە ، ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆگىنىشنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارالماقتا . لېكىن ، بۇ ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت ئانچە ئوبدان بولمىغان ، يەنى « هۆكۈمەت تەرەپ تارىخى » نىڭ بۇ يازغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ساختىپەزلىك قىلمىغانلىقىنى ياكى خۇشامەتچىلىك ۋە پاكىتنى يوشۇرۇشتەك ئۇقسانلارنىڭ ئىمكانقەدەر ئالدىنى ئالغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى پاكىتقا ئاساسەن يېزىش ئەمەس ، بەلكى كۆپتۈرۈش ، ئادەتتىن تاشقىرى ياسالما سۆز ۋە بىر دۆۋە تەمسىللەر ئارقىلىق ئاددىي پاكىتنى مۇجمەللەشتۈرۈپ ، پۈتۈنلەي جالاشتۇرۇۋېتىش ئىدى . يامان يېرى ، بۇ بىرنەچچە ئەسەرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى ئاتىقى ھەمىشە كىشىلەردە بۇ ئىسلام تارىخى ھەققىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەر ، دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلدۇ . بۇ خىل قاراش ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەرەب تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەستايىدىل جىددىي پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، روشەنكى ئادىللىق بولمايتتى .

مەخمۇت ئىلىم ئەھلى ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەردلىكى بىلەن جەلپ قىلمايتتى . ئۇنىڭ ئۇسۇلى پەسكەش ، شۇنىڭدەك تولىمۇ ئۇنۇملۇك ئىدى . يەنى ئۇلارنى ياكى ئەسىر ئالاتتى ، ياكى بولمىسا بويسۇندۇرۇلغان ئەلنىڭ سوۋغىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ خارەزىمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، بىرونى ⑪ ( 1048 ــ يىلى ۋاپات بولغان ) ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتتى . بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىرونى ئىسلامىيەت ئىلمىنىڭ ماھىيىتىگە ھەرقانداق يازغۇچىدىنمۇ بەك ۋەكىللىك قىلالايتتى .

بىرۇنى «دىنىي قائىدە» نى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن (ياقۇت مەلۇم نوپۇز ئىگىسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ) سۇلتان مەسئۇد ئۇنىڭغا بىر پىل كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ قائىدىنى بۇزۇپ، كۈمۈشنى دۆلەت خەزىنىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆز قابىلىيىتىنىڭ بۇ نەرسىلەرگە موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر يىلقى ئىككى چوڭ بايرام — پارسلارنىڭ نورۇز بايرىمى بىلەن كۈزلۈك بايرىمىنى ھېسابلىمىغاندا بىرۇنىنىڭ قولىدىن قەلەم چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزى توختىماي كۆزىتىپ تۇراتتى. بىكار يۈرىدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ بىلىم جەھەتتە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان پەردىنى ئېچىۋېتىش ۋە بىلگەنلىرىنى يوشۇرۇۋېلىۋاتقان پەننى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن يىل بويى تىرىشىپ — تىرىشىپ ئىزلىنەتتى. بىر قېتىم بىرۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. ئەبۇ رەيھان (بىرۇنى) ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەن ئۇنى كۆرگىلى بارغانىدىم، ئۇ سەكرات ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا «سىز ئىلگىرى ماڭا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە سۆزلىگەنىدىڭىز. ئۇ قانداق ئىش ئىدى؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېچىنغان ھالدا: «ئۇنى سىزگە مۇشۇ تاپتا سۆزلىسەم قانداق بولار؟» دەپ سورىدىم. «مەن دەرگۇمانىدا كېتىۋاتقىچە، مۇشۇ مەسىلىنى بىلمەيلا ئۆلۈپ كەتسەم تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردىم. ئۇ يادلاپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەپسۇسكى، بىرۇنىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، لېكىن ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئەدەبىي توپلامنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مەڭگۈگە قالدۇرۇپ كەتكەن. «ئۆتكەن دەۋرلەر تارىخىدىن يالدامىلار» ناملىق ئەسەردە دەۋرشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر تەتقىق قىلىنىپ سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دۆلەت ھەم دىنىنىڭ باشلىنىش ئەسەرلىرى، ھېيت - ئايەملەر بايان قىلىنغان. يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار توپلانغان، بىرمۇنچە تېمىلار

ئۇستىدە كىشىنى تەسىرلەندۈرەرلىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان. ئىككىنچىسى ھىندىستانغا دائىر ئەسەر، ئۇ مەخمۇتنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سانسكرىت تىلىنى ئۆگىنىپ، ھىندى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ، ئون ئۈچ يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «ھىندىستان تارىخى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب مەزمۇن ۋە ئىلمىي ئۇسۇل جەھەتتە ئەرەب ئەدەبىياتىدا بىردىنبىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەۋرشۇناسلىق جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. جۈملىدىن «ھىندىستان تارىخى» ئۇنىڭ ئۆزىنى مىللەت ۋە دىن جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ ئۇستىگە قويالىغانلىقىنى (يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان ئاز - تولا ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، تەنقىدسىز قىزىقىش بىلەن ئويلىنىلمىغان ياقتۇرماسلىق ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالالىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ ھىندى تىلىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان (بۇنىڭ ئىچىدە «يوگانىڭ مەكتۇپلىرى» بىلەن «پادانگالى» مۇ بار، كېيىنكىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان). ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ يۇنان تىلىدىكى بىرنەچچە ئەسەرنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنى سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرى بولغان «مەسئۇدقا ⓐ بېغىشلانغان قانۇن» نى ئەڭ بۈيۈك ئەسەر دەپ قارايدۇ. ئون ئىككى توملۇق بۇ قېلىن ئاسترونومىيە ئەسىرىگە گېئوزلۇق ئىلمىي ھەققىدىكى كىچىكرەك ھەجىمدىكى بىر ئومۇمىي بايان قوشۇمچە قىلىنغان.

بۇخارالىق ئىبنى سىنا ⓐ (980 ـ 1037) ئەقىل - ئىدراكلىك، جاسارەتلىك، پۈتۈنلەي باشقىچە تىپتىكى ئالىم. ئۇ

مەخمۇتنىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇپ، خارەزمدىن دەككە ـ دۇككە ئىچىدە ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىدىن ۋاز كېچىپ، ئاخىر ئىسپاھاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇزاقتىن بۇيان، غەربلىكلەرنىڭ نەزەرىدە بىردەك «ئىبنى سىنا» ئىسلام ئىلىم ـ پەن يۇقىرى پەللىسىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىر ھەم بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئەڭ بالدۇرقى ۋە ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپ دەپ قارالماقتا (ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان دوختۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى پەيلاسوپ دەپ قارايدۇ). ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پەلسەپە ئەسىرى قىرىق ئالتە پارچىدىن كەم ئەمەس، تىببىي ئەسىرى قىرىق تۆت پارچە، ئاسترونومىيە ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر ئەسەرلىرى سەككىز پارچە ئىكەن. بىرىنچى تىپتىكى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى «تىبابەتچىلىك قانۇنى» («تىبابەتنامە» — روھىي جەھەتتىن داۋالاش) — مەنتىقە، فىزىكا، ماتېماتىكا، ئىلاھشۇناسلىققا دائىر قامۇستىن ئىبارەت. بۇ خرىستىئان ئىبادەتخانىلىرىنىڭ پەيلاسوپلىرى ۋە كېيىنكى مۇسۇلمان ئىلاھشۇناسلار ئىچىدە (بولۇپمۇ پارسلار ئىچىدە) ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ كامالەتكە يەتكەن، ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئىبنى سىنا ئاساسەن ئارىستوتېلنىڭ ئەقلچىلىك پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دىن توغرىسىدا يەتمىش نەچچە ئەسەر يازغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇ يەنە كېيىنكى مەزگىللەردە سىرلىقلاشتۇرۇشقا دائىر نۇرغۇن ئەسەر يازغان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى سىمۋول ۋە رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ھېكايىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «كىتابى روھ» دېگەن قىسقا شېئىرى تولىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، كېيىنكى «شەرق پەلسەپىسى»

نى قوزغىتىش ۋە شەرقتىكى سوپى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ « مەرىپەتپەرۋەرلىرى » ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان. ئىبنى سىنا ياۋروپا ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ نۇرغۇن تومـلۇق تىببىي پەن قامۇسى « تىبابەتچىلىك لۇغىتى » بىلەن شۆھرەت قازانغان، 13 ـ ئەسىردە كىرىمىيىنالىق كراتىنىڭ تەرجىمىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ لۇغەت ياۋروپا تىببىي ئىلىم ئەھلىلىرىگە بىرنەچچە يۈز يىل تەسىر كۆرسەتتى. ھەتتا مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئىچىدىمۇ ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئىلگىرىكىلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئەگەر پەلسەپە ئەسەرلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئورنى دەسلەپكى دەۋردە ئۆتكەن تالانتلىق يازغۇچى رازىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

(D) مىسىر ۋە غەربىي شىمالىي ئافرىقا: ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئەسىردە، مىسىردىكى ئەرەب ئەدەبىياتى مۇھىمى مەدىنە ۋە باغدادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 9 ـ ئەسىردە مىسىردا سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىر تۈركۈم تارىخشۇناسلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارمۇ، خرىستىئان روھانىيلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرنەچچىسى ساقلاپ قېلىنغان. غەربىي شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى تېخىمۇ ئاستا بولدى. 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، تۇنىسنىڭ كىراۋەن دېگەن يېرىدە ناھايىتى جانلانغان مالىك قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىي قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. 909 ـ يىلى تۇنىستا قوزغالغان، ئاتمىش يىلدىن كېيىن يەنە مىسىرنىڭ پۈتۈن زېمىنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان فاتىمەنىڭ شىئە مەزھەپىدىكى سۇلالىسى شەرقنىڭ ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇشىغا

تۇسقۇنلۇق قىلمىدى . ھەتتا ئەرەب ئەدەبىياتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىراق بىلەن پېرسىيىدىكى ھەرىكەتنىڭ مىسىرغا ھېچقانچە چوڭ تەسىرى بولمىدى . يېقىندا تېپىلغان مۇھىم بىر شائىر ، فاتىمە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مويىزنىڭ قەسىدىچىسى ، ئاندالۇزىيىلىك ئىبنى ھانى ⑭ ( 973 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە توختالمايلا قويايلى . بۇ دەۋردىن قېپقالغان ئەسەرلەردىن قىزىقارلىقلىرى ناھايىتى ئاز ، لېكىن فاتىمە جەمەتى ئەدىب ـ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ مەردانە قوغدىغۇچىسى ئىدى . ئۇلار مىسىردا ئالدى بىلەن ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئەزھەر مەدرىسىنى سالغۇزدى . ئەنئەنىۋى مەزھەپتىكىلەر قايتا تەختكە چىققان ۋە كۈچلۈك دۈشمەن ئاسىيادا كۈندىن ـ كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا ، بۇ مەدرىس ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ قالدى . تاھازىرغىچە شۇنداق بولماقتا . فاتىمە جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ، مىسىر ئەدەبىياتىنىڭ نامراتلاشقانلىقىدىن ئىبارەت روشەن پاكىت ، ئېھتىمال كېيىنكى مەزگىللەردە ئەنئەنىۋى مەزھەپنىڭ ھەممىگە فاتىمەنىڭ غەيرىي دىنى دېگەن رەڭنى بېرىپ ، ئۇلارنى باستۇرغانلىقى ۋە ئۇلارغا سەل قارىغانلىقى بولسا كېرەك . جۇغراپىيە ئالىمى مەقدىسى 985 ـ يىلى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ :

ئىلگىرى باغداد جاقناپ تۇرىدىغان بىر شەھەر ئىدى . لېكىن ، ھازىر بۇ چوڭ نۇرلۇق يۇلتۇز ئۆچمەكتە . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى پارلاپ تۇرغان نۇرى كەلمەسكە كەتتى . مەن ئۇ يەردە خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ تاپالمىدىم . كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك ھېچقانداق نەرسە قالمىدى . تۈنۈگۈنكى ئاۋات باغدادنىڭ ئورنىنى بۈگۈن قاھىرە ئىگىلىدى . ئىسلامىيەتنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يارلاق شەھىرى بارلىقىنى بىلمەيمەن .

(E) ئىسپانىيە ( مىلادى 750 ــ ، 1091 ــ يىللار ) : ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىسپانىيىدە ئۆزۈنىچە تەرەققىي قىلالمىسلىقىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ . ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىسپانىيىدە ئابباسىلار خەلىپىلىكى شەرقتە قۇرغاندەك مەركىزىي ھۆكۈمەت يوق ئىدى . ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە ئەرەبلەرنى پارچىلايدىغان ئىچكى مەزھەپ كۈرىشى ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا پايدىسىز ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى . لېكىن ، ئەڭ مۇھىمى ، ئىلگىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىراق ۋە پېرسىيە قاتارلىق جايلاردىكى تەرەققىياتىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان تاشقى تەسىرى ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ، تەرەققىي تاپمىغان گات شەكلىدىكى بۇ پادىشاھلىقتا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . شەرقتە ئەرەب ئىستىلاچىلىرى بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ مۇرىدى بولۇپ قالغان بولسا ، ئىسپانىيىدە گات شەكلىدىكى خرىستىئان مۇرىتلىرى ئەرەب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى . ئۇمەۋىيە شاھزادىلىرى ئۆزىنى شەخسىيەتسىز ــ ئادىل ، مەردانە ــ كەڭ قورساق قوغدىغۇچى قىلىپ كۆرسىتىپ ، نۇرغۇنلىغان شەرق ئالىملىرىنى ئۆز ئوردىلىرىغا جەلپ قىلدى . ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ، يېڭى پايتەخت كوردوۋانى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىي قىلىپ قۇرۇپ چىقتى ، پارلاپ تۇرغان نۇر ھەتتا ئىسپانىيە چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتتى . مەشھۇر ئابدۇلراھمان Ⅲ (6) ( 912 ــ 961 ) نىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇمەۋىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى . جۈملىدىن بۇ ، تالانتلىق ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈش دەۋرىدىن دېرەك بەردى . كېيىنكى ئەسىرلەردە ، ئۇيەردە ، نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر بارلىققا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس مىراس خەزىنىسىگە

كىرگۈزۈلدى . ئاندالۇزىيە ئەدەبىياتىمۇ غەربىي شىمالىي ئافرىقىغا ئوخشاش مالىكىنىڭ قانۇنشۇناسلىق ۋە ئىلاھشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشىدىن باشلاندى . بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىسپانىيە يازغۇچىسى ئۇمەۋىيە جەمەتىدىن ئازاد بولۇپ چىققان ئەركىن پۇقرا ئىبنى ئابدۇرەببىھ ( 860 ـ 940 ) بولدى . ئۇنىڭ شېئىردىن باشقا ئىبنى قۇتەيبەنىڭ « رىۋايەتلەر بۇلىقى » غا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن « باھاسىز زۇننار » ( « ئەقدىلغەرىد » ) دېگەن ئەدەبىي تاللانمىسى بار . ئاپتور كىرىش سۆزىدە يازغىنىدەك ، ئۇ كىتابنى تۈزۈشتىن مەقسەت ، قەلەم ئىگىسىنىڭ نەزمىلىرىگە بولغان ساپ ئېھتىياجلىقنى ئىپادىلەش ، شۇنداقلا كىتابخانلارغا غەربىي چېگرىمىزنىڭ ئەسلى تۇپرىقىمىزدىن تولىمۇ يىراقلاپ ، دۇنيانىڭ چېتىدە قالغان بولسىمۇ ، لېكىن نەزمە ۋە نەسرىي ئەسەرلەر جەھەتتە بىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىمىز بارلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. « باھاسىز زۇننار » بولسا نەپىس ، مۇكەممەل ، تۈزۈلۈشى ئىخچام ئەسەر بولۇپ ، ئۇ پۈتۈنلەي قۇتەيبە ئەسەرلىرىنىڭ ئورنىنى باستى ، ھەتتا شەرقتىمۇ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ، ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە . ئابدۇرەببىھ گۈزەللىك تەرەپدارى بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋارىسى قالى تىلشۇناس ئىدى ؛ ئۇ ئىسپانىيە مەزھىپى بويىچە تىلشۇناسلىقنىڭ ئىجادچىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن . قالى ( 893 ـ 967 ) ئەرمىنىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، باغدادتا ئوقۇغان . 942 ـ يىلى كوردوۋادا ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن . « خاتىرىلەر توپلىمى » ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ، شەرقتە ھازىرغا قەدەر كەڭ

تارقىلىپ كەلمەكتە، توپلامنىڭ مەزمۇنى گراماتىكا، سۆزلۈك قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى تۈرلۈك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، «قۇرئان» دىن پارچىلار، قەدىمكى ئەرەب رىۋايەتلىرى، تارىخىي ھېكايىلەر قاتارلىقلار، جۈملىدىن ئۇنىڭغا ھەدىسلەر ھەم نەزمىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن.

دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىسپانىيىلىك ئەرەب شائىرلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. لېكىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەنئەنىۋى نەزمىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. «يېڭى شەكىل» — دىكى ئەسەرلەر 10 - ئەسىردە ئىسپانىيىگە تارقالغان، بۇنى ئابدۇرەببىھنىڭ سەبىلەرچە ماختىشىدىن ئىسپاتلاش مۇمكىن، 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا بىر خىل يېڭى، يەرلىك سەنئەت بارلىققا كەلگەن. بىز شۇنى كۆرىمىزكى، شەرقتىكى ئەدىب - شائىرلار نەزمىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، بەلگىلەنگەن ئەدەبىي ئۆلچەمگە توغرا كەلمەيدىغانلىرىنى پايتىما ئورنىدا تاشلىۋېتەتتى. بۇ پرىنسىپ ئىسپانىيىدە ھەم تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىسىمۇ، لېكىن يېڭى نەزمە شەكلى ئاندالۇزىيە شېئىرىيەتچىلىكىگە سىغدىلىپ كىرگەنىدى. ئەڭ بۇرۇن پۈت تىرەپ تۇرالىغان شەكىل «مۇۋەششەھ» («قوش قاپىيىلىك نەزمە») بولدى. بۇ تۆت مىسرا، بەش - ئالتە مىسرا بويىچە تىزىلىدىغان شېئىر بولۇپ، خىلمۇخىل تۇراق ۋە قاپىيىگە ئىگە، تىپىك شەكلى: aa, bbbaa, cccaa ۋە باشقىلار، ئاخىرىدىكى aa ئاخىرقى قاپىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل شېئىرىيەت شەكلىنىڭ شەرقتە شەكىللەنمەي، ئىسپانىيىدە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، لېكىن كىشىلەر رومانس تىلىدىكى كوچا ناخشىلىرىنىڭ تەسىرى ئاشۇ سەۋەبنىڭ

بېرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئالالىغاچان قىياس قىلىشقاندى. يېقىندا رومانس تىلىدا دەسلەپكى «مۇۋەششەھ» نىڭ ئاخىرقى قاپىيىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى يۇقىرىقى پەرەزنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەرەب مۇزىكىلىرىنىڭ غەربتىكى ئالاھىدە تەرەققىياتىدىن بولسا كېرەك. [ ئەرەب تىلىدىكى تالىپ (مۇزىكا) نىڭ تىروبادور (مۇزىكا) بىلەن مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك، بۇ نۇقتا ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز نۆۋىتىدە سۆزلەپ ئۆتمەي مۇمكىن بولمىدى ].

ئەرەب تىلىدا بىر تەرەپتىن سۆز ياساشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مورفولوگىيىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشىگە ئېتىبار بېرىلىدۇ، بۇ ئىككىسى «مۇۋەششەھ» سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچىمىدە ئىنتايىن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەرەب شېئىرىيىتىدە باشتىن - ئاياغ ئەدەبىي تىل قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى قاپىيىدە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى قاتتىق - كىنايىلىك بولسا، يەنە كېلىپ ئۇ خەلقنىڭ يەرلىك تىلى بولسا، ئەدەبىي تىل بۇ يەردە ئالاھىدە بىرخىل پەداز بۇيۇملا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق نەزمىلەردە ئادەتتە تەكرارلانمايدىغان مۇنتىزىم ئەرەب ۋەزنىلىرى قوللىنىلغان، بەزىدە بىرئاز ئۆزگەرتىلىپ، ئاندالۇزىيىنىڭ شېئىر ۋەزنىگە ماسلاشتۇرۇلغان. لېكىن، شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشىمايدۇ، ھەربىر مىراسى يەنە ئىچكى قاپىيىگە ئىگە. «مۇۋەششەھ» شەكلىنىڭ يېزىلىشى ئۇستۇن ماھارەت تەلەپ قىلىپ، ناھايىتىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەچكە، كېيىنچە ئۇنىڭ ۋارىسسىز قالغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ بۇ نەزمە شەرققە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىك بىلەن

بىرخىل مېخانىكىلىك مەشقنى شەكىللەندۈرۈپ، «قەسىدە» گە ئوخشاش كونا، ياسالما بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بىز يەنە «مۇۋەششەھ» ئاپتورلىرىنىڭ تېما چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز: دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «مۇۋەششەھ» شەكلىدە پەقەت مۇھەببەتلا يېزىلىپ، باشقا تېمىلار ناھايىتى ئاز يېزىلغان؛ ھەتتا مەدھىيە شېئىرلىرىدىمۇ دائىم مۇھەببەت ئىزھار قىلىش شەكلى ساقلاپ قېلىنغان. دەرۋەقە ئۇنىڭدا ئۆتكەنكى ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇمەر ئىبنى ئەبى رەبىئەنىڭ ئەسەرلىرى دائىم ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ياكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەنكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرەر مىسرا شېئىر ۋە ئۇنىڭ ۋەزنىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، يېڭىدىن بىر كۇپلېت شېئىر ئىجاد قىلىش ئادەت بولۇپ كەتكەن؛ كېيىنكى دەۋرلەردىكى شائىرلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ «مۇۋەششەھ» نى ئەنە شۇنداق خالىغىنىچە ئوغرىلىغان.

بىرەر پارچە «مۇۋەششەھ» نى ئۆز ئەينى بويىچە تەرجىمە قىلىش ھەقىقەتەنمۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

كونا نەزمە شەكلى بىردەك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، شائىرلار يۇقىرىقىدەك شېئىرلارنىپى ئىجاد قىلىشقا پېتىنالمايتتى. شېئىرىيەتتە ھەشەمەتلىك ئىدىيىلەر ۋە زورمۇ زور تىزىپ قويۇلغان ئوخشىتىشلار ئىسلامىيەتنىڭ شەرقىدىكىدەكلا كۆپ ئىدى. لېكىن، تۆۋەندىكى بىر جۈملە ئىسپانىيە «قەسىدە» سى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يۇقىرىدىكىسى بەكمۇ ئارقىدا تۇرىدۇ.

ئۇ ئەمەسمۇ گويا تولغان ئاي كەبى،
ئەمما پاختا تۇرسا ئۇنىڭ كۆڭلىكى،

قانداق چىدىسۇن ، يېرتىلمىسۇن .

ھەتتا جاھىل تەزكىرىچى ئىبنى خەللىكانمۇ ﷺ ئۇنى ، پاختا ئايدىڭدا ئوچۇق تۇرنۇپرىپ چىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشەندۇرۇش كېرەك ، دەپ ھېس قىلغان .

ئاندالۇزىيە شېئىرىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بىزنىڭ ئەرەبىستانىنىڭ شەرقىغە بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقتىمىزدىن خېلى يىللار ئىلگىرى بولغان . ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ بىتچىت بولۇشى ( تەخمىنەن 1020 ـ يىل ) ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسىنىڭ بىر قاتار كىچىك خانلىقلارغا پارچىلىنىشى ( بىر ئوردا ئون نەچچە كىچىك خانلىققا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى ) . ئەكسىچە ، ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتنىڭ ھەسسىلەپ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى . 11 ـ ئەسىردىكى شائىرلار ئىچىدە ئىككىسى ئەڭ داڭلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى كوردوۋالىق ئىبنى زەيدۇن ( 1003 ـ 1071 ) . ئۇ دەسلەپكى مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە كېيىنكى نەزمە تىپىدىكى خەت ـ چەكلىرى بىلەن ئىسپانىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى بولۇپ قالغان . يەنە بىرى مۇئتەمىد ( 1040 ـ 1095 ) بولۇپ ، سېۋىلىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەرلىك ھۆكۈمرانى . ئۇلارنىڭ نام چىقىرىشى ئاساسەن ، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەجبۇرىيىتىدىن بولغان . سەيدو غەلىتە سەرگۈزەشتە تۇپەيلىدىن ، ئۇمەۋىيىنىڭ مەلىكىسى ۋىرادە بىلەن مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن داڭق چىقارغان ، مۇئتەمىد بولسا ، ئىسپانىيە پادشاھلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى . ئۇنىڭ نام چىقىرىشى بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەرگۈزەشتىدىن ، يەنى باشتىكى ھەشەمەتلىك ئوردا ھاياتى ، كېيىن ئەسىرگە چۈشۈپ ، ماراكەشتە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن

بولغان. ئۇ ئىككىسى ( ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ) « ئاددىي، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولىدىغان تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بىر قاراپلا شېئىر يازاتتى » . ئەپسۇسكى، بىزنىڭچە ئەڭ تەسىرلىك دېيىلگەن داستانلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىندى. زېدۇن بولسا ئوخشاشلا يەنە بىر داڭلىق يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەكتۇپلىرى بىلەن نام چىقارغانلىقى سىرتىدا، مۇھىمى ئۆز رەقىبى ئىبنى ئابدۇسقا قارىتىپ يازغان تەسىرلىك مەكتۇپلىرى بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەقسەت ئېنىق بولۇپ، سۆزى كەسكىن، قەلىمى ئۆتكۈر ئىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىجادىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

## كوردوۋانى ئەسلەش

سېنىڭ سائەت راۋاقىڭغا چۈشەر تىنماي سىم - سىم
يامغۇر،
دەرەخلەر ئىچىدە ئاگۈلنار كاككۇكنىڭ ئۈنى مەغرۇر.
چەۋەندازدەك كېرىپ كۆكرەك چاچار كوردوۋا قەسرىگە
نۇر،
بەئەينى ئىككىگە بۆلگەن تۇمار بىر ئەسلىسەم چوڭقۇر،
پىشىۋالار شۆھرىتىدىن تاپقىنىم ئىززەت - غۇرۇر.

شاد - خۇرام كۆڭلىرى مەيلەر كۆتۈردۇق جام بىلەن،
جىلغىنى سەيلانە قىلدۇق ياش چېغى ئىلھام بىلەن.
تۇمۇچۇق، تورغايۇ، قۇشلار بىر گۈزەل سايرام بىلەن،
قىلدى پەرۋاز شايى - ئەتلەس رەڭ تۇزۇپ قاينام بىلەن،
ئۆرلىگەن ياشلىق غۇرۇرى ئەمدى قانداق ئۇنتۇلۇر.

ئەسلىسەك ئۆز يۇرتنى شادلىق بولدى غايىب چۇش گويا،
تۇن ئارا باستۇق قەدەم ئۆتكەننى ئەسلەپ دائىما،
( تولدى قوينۇم خۇش پۇراققا كەچكى سالقىندا مانا،
ئاي تولۇن، يۇلتۇز تۇگەل، سەرسانمەن باقساڭ يانا،)
« ئەلۋىدا ئەي جانانىم، ھىجران ئوتى مېنى يۇتۇر!»

11 ـ ئەسىردە، يەرلىك ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ئىلمى تەرەپدارلىرى مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، ئەرەبستاننىڭ شەرقىدىكى تىبابەتچىلىك ئىلمى مەشھۇر ئىسپانىيە تىبابەتچىلەر تەرەپدارلىرىغا ھۇل قۇرۇپ بەرگەنىدى. ( بۇ داڭلىق ئىبنى زۇھەير جەمەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن « مۇۋەششەھ » نىڭ ئاپتورى ). مەلۇم يۇنان پادىشاھىنىڭ ئابدۇلراھمان III كە تارتۇق قىلغان سوۋغىتى، دىسقۇرىدىسنىڭ قىستۇرما سۈرەتلىرى بار دورىگەرلىك كىتابى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئۆسۈملۈك ئالىملىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. لېكىن، بۇ ئەسىردىكى نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئوبرازى كوردوۋالىق ئىبنى ھەزىم ( 994 ـ 1064 ). ئۇ ئۆز دىنىدىن ۋازكەچكەن ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، باشتا شائىر ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئىقتىدارى بىر چەۋەندازنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ يازغان « كەپتەر زۇننارى » ( « تەۋقۇلھە ماما » ) دېگەن ئەسىرگە يەتمەيدۇ، بۇ ئەسەر ئەرەب ئەدەبىياتىدا دەرھال ئۇنۇمى كۆرۈلگەن، ھەم گۈزەل، ھەم ئامىباپ بولغان ئاز ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەزىم ئىسلام ئىلاھىيەت ئىلمىدىكى ئەڭ تار بىر گۇرۇھقا مەنسۇپ بولغانلىقى

ئۇچۇن، ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلاھىيەت ئەھلى بولغان رەقىبلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا سەرپ قىلىنغان. كىشىلەر ئۇنىڭ شەمشەردەك تىلىنى زالىم پادىشاھ ھەججاجنىڭ قىلىچىغا ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئاخىرىدا، مەجبۇرى يوسۇندا سىياسىي ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ⑫ ھەزىمنىڭ دىن ۋە تارىخقا دائىر ئەسەرلىرى ئاساسەن يوقىلىپ تۈگىگەن. بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن قىممەتلىك ۋە ئىجادىي خاراكتېرلىك دىنىي تەلىماتلارنى سىلىشتۇرىدىغان «دىن ۋە پەلسەپە ئېقىملىرى» («ئەلفىسەل») دېگەن ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان مۇشۇ خىل تېمىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قارىماققا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ناھايىتى قىيىندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش قىيىن ئەمەس. ئەرەب ئىستىلاچىلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادقا ئىگە تۈرلۈك گۇرۇھلار ـ يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار، كاتولىكلار، ھەتتا يېرىم بىدئەتچىلەرمۇ ياشاۋېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنى ئاللىقاچان ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. نەتىجىدە ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىدا ھېكايە قىلىنىدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن (خرىستىيان دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆتكەن ئەلى ئىبنى تەبەرى 855 ـ يىلى يازغان «دىن ۋە دۆلەت» («ئەددىن ۋە دەۋلە») بۇ جەھەتتىكى ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە ئۇلاردا تېخىمۇ ئىلمىي بولغان تەتقىقات ھەۋىسى قوزغالغان، يەنە نۇرغۇنلىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش مەسىلىلىرى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە باج ۋە قانۇنلىرىغا بېرىپ تاقىلاتتى. بۇ

ئەمەلدارلاردىن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە زۆرۈر بولغان بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىسلامىيەت گۇرۇھى ئىچىدىمۇ مەسچىت قانۇنىنى ئۆلگە قىلغان تۇرلۇك ئىلىم ئېقىملىرى مەيدانغا كېلىپ، سېلىشتۇرما ئەقىدىشۇناسلىققا دائىر يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقاتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇنداق ئەسەرلەر ئادەتتە بەس ـ مۇنازىرە ئۇچۇن يېزىلاتتى. مەسىلەن، ئەبۇ مەنسۇر باغدادىنىڭ ( 1037 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) « ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ پەرقى » دېگەن ئەسىرى ھەرقانداق گۇرۇھقا مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئۆزى ئۇنى ئىسلامىيەت گۇرۇھىغا كىرىدۇ، دېگەن. ئىبنى ھەزىمگە كەلسەك، ئۇ كىشىلىك دىنىي ئېتىقادنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدىغان ( ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپ ۋە ئىلمىي ئېقىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تۇنجى ئەسەرنى يازغان. كىتابىنىڭ بېشىدىلا دۇنيادىكى دىنلار ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپە نۇقتىسىنەزەرىدە تۇرۇپ، دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئېتىقاد ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىسىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىدا، دۇنيا پەيدىنپەي پەيدا بولغان، ئۇنى بىرلا كىشى ياراتقان ئەمەس دېيىلىپ، باشقا پەيغەمبەرلەر ( مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئەرەب پەيغەمبەرلىرى ) چەتكە قېقىلىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئابزاسىدا، دىنىي مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىدىغان كۆزقاراشلار ئىنجابىي ھالدا تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئاندىن نۇقتىلار بويىچە رەددىيە بېرىلىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن كونا ـ يېڭى ۋەز ـ نەسىھەت كىتابلىرىدىكى باش ـ ئايىغى زىت بەزى باب ۋە جۈملىلەر، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە بىمەنە مۇقام، دەپ قارالغان نۇقتىئىنەزەرلەر كەسكىن تەھلىل قىلىنىدۇ. جۈملىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى

مەزھەپلىرى ۋە پەلسەپە ئېقىملىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ . ئاخىرىدا ، ئىبنى ھەزىم ئۆزىنىڭ پەلسەپىسى ۋە دىنىي كۆزقارىشى ئۈستىدە توختىلىدۇ . شۇنىسى ئېنىقكى ، كىتابنىڭ مەقستى ۋە ئىستىلى بەس - مۇنازىرە خاراكتېرلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ مۇشۇ تېمىدا كېيىنچە ئادىلراق ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشنى ئىلگىرى سۈردى .

ئىسپانىيە تارىخچىلىرىنىڭ دىققەت - نەزەرىنى ئەرەبلەرنىڭ ئىسپانىيىدىكى قىلمىشلىرىغا قاراتقانلىقى تولىمۇ تەبىئىي ئىش . ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدىكى تېپىك ئەسەرلەر ئەرەبىستاننىڭ شىمالىغا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسپانىيە تارىخى جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكى ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەلىپىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسپانىيىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىلار ئىچىدە « مورو نەسەپنامىسى » لا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، بۇ ئىسپانىيە - ئەرەب تارىخىغا دائىر بىز بىلىدىغان تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ باشقا تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن . لېكىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى ئىبنى ھەييان ( 987 - 1075 ) نىڭ مۇھىم يىلنامىسىنىڭ قىممەتلىك بىرنەچچە توپلىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان بىر قاتار تەزكىرىلەر بەختكە يارىشا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغان جۇشقۇن ئەدەبىيات مۇنبىرى ھاياتىغا تۇغرا ، تەپسىلىي ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى .

**ئىزاھاتلار :**

① مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئاباسنىڭ ئەۋلادلىرى خۇراساندا

تەسىرى بار جەمەت ئىدى. 750 - يىلى ئەبۇ ئابباس خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپ، ئابباسىلار خەلىپىلىكىنى قۇردى. ئابباسىلار خەلىپىلىكىدە 750 - يىلدىن 1258 - يىلىغىچە ئوتتۇز يەتتە خان ھۆكۈم سۈردى. ئابباسىلارنىڭ بايرىقى قارا بولغاچقا، ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا ئۇلار قارا بايراقلىقلار دېيىلىدۇ.

② خەلىپە — ۋارىسلىق قىلغۇچى. يەنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى.

③ مىلادى 762 - يىلى ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خەلىپىسى مەنسۇر پايتەختنى ئەنبالدىن باغدادقا كۆچۈرگەن. تەبەرىنىڭ يېزىشىچە، مەنسۇر يېڭى پايتەختكە ئۇل قويۇش ۋاقتىدا: «بىزدە تىگرىس دەرياسى بار، ئۇ بىزنى جۇڭگودەك يىراق جايلار بىلەن ئۇچراشتۇرالايدۇ. ئۇ بىزگە دېڭىزدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ...» دېگەن.

④ «قۇرئان» دا، سابىي دىنى ئىسلام دىنى ياكى خرىستىيان دىنىغا ئوخشاشلا خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىن دەپ قارىلىدۇ. مىلادى 7 - ئەسىردىن بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا ئاساسەن سابىلار ۋە ھىمىيەرلەردىن ئىبارەت ئىككى مىللەت ياشىغان. سابىلار ۋە ھىمىيەرلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىردە ئادىن پورتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەرەب دېڭىزىغا كىرىپ ھىندىستانغا كەتكەن. مىلادى 1 - ئەسىردە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئاھالىسى شىمالغا ئېقىپ سۈرىيىگە كۆچكەن. خەلپىلىك كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، ئۇلار ئۆز ئورنىنى ھىمىيەرلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

⑤ خرىستىيان دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ دىنىي پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار خرىستىيان ئىلاھشۇناسلىقى بىلەن يېڭى ئەپلاتونچىلىق ۋە پىداگىراس تەلىماتىنى بىرلەشتۈرگەن. مىسىرلىق نوستى دىنى مۇخلىسى ۋالىنتىن مىلادى 2 - ئەسىردە بىر خىل بىمەنە كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەبىئەتنىڭ سىرتىدا بىر خىل «يەككە زات» ۋە ئۇنىڭغا زىت بولغان «ئەسلى زات» مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ، جۇملىدىن روھقا ئېتىقاد قىلىشنى ماھىيەتتە ئەرۋاھتىن كېلىدۇ، دەيدۇ. شۇڭا، ئۇ قەدىمكى ماتېرىيالىزم بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى.

⑥ پىداگىراس (مىلادىدىن بۇرۇن 580 — 500) — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، ماتېماتىك. ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي ئېقىم ماتېماتىكا ئارقىلىق كائىناتنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى كۆزقاراشنى بۇرمىلايدۇ. ئۇلار: كائىناتنىڭ مەنبەسى ئابستراكت سان - سىفىر دەيدۇ. مۇشۇ خىل ئىدىئالىزم ئاساسىدا پىداگىراس تەرەپدارلىرىنىڭ سىمۋولچىلىقى ۋە خۇراپاتلىق بىلەن تولغان سان - سىفىرلارنى سىرلىقلاشتۇرۇش پەلسەپىسى پەيدا بولغان.

⑦ خرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى، ھىراغا كەڭ تارقالغان. بۇ دىن تاڭ

سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزگە كىرگەن بولۇپ، «جىڭ جىياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دىننى نىستورى (380 — 451) ئىجاد قىلغان. ئۇ مىلادى 426-يىلى ئىستامبۇلدا يېپىسكوپ بولغان.

⑧ بۇ. سابور I ئەسىر ئېلىنغان يۇنان ئالىملىرى ئۈچۈن قۇرغان شەھەر، ئىراننىڭ غەربىدىكى خۇزىستان ئۆلكىسىدە. مىلادى 738-يىلى ئەرەبلەرنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەن. تىببىي ئىنستىتۇت ۋە ئارامىي تىلى تەتقىقات مەكتىپى ئېچىپ داڭق چىقارغان.

⑨ پورفىر (233 — 304) — يېڭى ئەپلاتونچىلىقنىڭ ئىجادچىسى بولغان پىلوتىنوسنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ يانبورك، پوركلورلار پىلوتىنوس ئىلمىي تەرەپدارلىرىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

⑩ ھارۇن رەشىد (786 — 809) — ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 5-ئەۋلاد خەلىپىسى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يىل خەلىپىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلىتى روناق تېپىپ كۈچەيگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى فىرانكىنىڭ چارلىز پادىشاھى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان. تاڭ سۇلالىسىغىمۇ ئەلچى ئەۋەتكەن. «مىڭ بىر كېچە» دە ھارۇن رەشىدنى زىيارەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ.

⑪ ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى دەۋرىدە، ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆزلىرىنى ئەڭ ئېسىل مىللەت ھېسابلاپ، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان: بىرىنچى دەرىجە «ئادەم»، يەنى ئەرەبلەر ئىدى: ئىككىنچى دەرىجە «يېرىم ئادەم»، يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قويۇپ بېرىلگەن قۇللار ئىدى: ئۈچىنچى دەرىجە «ئادەم ئەمەس»-لەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدىغان «ھامىيلار» ئىدى.

⑫ مىلادى 4-ئەسىردە ماكېدونىيە پادىشاھى ئىسكەندەر ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ھىندىلار يولباشچىسى چاندىرا گوپتا يۇنان ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئۆز خانلىقىنى قۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ۋەھشىيلىك بىلەن خەلقنى بوزەك ئېتىدۇ. شۇ چاغدا بىتىبەي ئىسىملىك بىر دانىشمەن بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ. لېكىن، كېيىنچە پادىشاھ ئۆز قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، بىتىبەينىڭ سەممىي نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. «كەلىلە ۋە دەمنە» كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈللۈككە ئۈندەيدىغان مەسەللەر توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇچارقۇشلار ئاغزىدىن نۇرغۇن پەلسەپىۋى قائىدىلەر بېرىلگەن. بۇ كىتابتا بىتىبەينىڭ پەلسەپىۋى سۆزلىرى بايان قىلىنغان.

⑬ ئەبۇ نۇۋاس (762— 813) — ھەسەن ئىبنى غىبنى دەپمۇ

ئاتىلىدۇ. ئۇ ئابباس خەلىپىلىكى زامانىسىدا ئۆتكەن ئەدەبىيات ئىسلاھاتى دەۋرىنىڭ
داھىلىرىدىن بىرى. ئۇن ئىككى مىڭ كۇپلېتتىن كۆپرەك شېئىر يېزىپ قالدۇرغان
مەشھۇر شائىر.
⑭ ئەرەبچە مەنىسى «ئەرەب مىللەتچىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش». يەنى
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس
قىلىپ، ئەرەب مىللىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت.
⑮ ئابباسلار خەلىپىلىكىگە مەنسۇپ ھارۇن رەشىد كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑯ مالىك ئىبنى ئەنەس (712 — 795) — پۈتۈن ئۆمرىنى مەدىنىدە
ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ئىمامى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ
زور قانۇنشۇناسلىق مەزھىپى مالىك مەزھىپىنى ياراتتى.
⑰ ئىسلام دىنىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەدىنىدىكى ۋاقتىدا ئالغان
ۋەھىيلىرى دىنىي قانۇن ۋە سىياسىي پەرمانلار توغرىسىدىكى ۋەھىي دەپ قارىلىدۇ.
كېيىنچە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزىمۇ قانۇن تۈزگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ
ئۆزى تۈزگەن قانۇنغا قارىتىلغان.
⑱ شاپىئى (767 — 820) — ئوزىدا تۇغۇلۇپ، مەدىنىلىك ئىبنى
ئەنەستە ئوقۇغان. كېيىنچە مەشھۇر ئىمام بولغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى
مەزھىپى قاتارلىق تۆت چوڭ مەزھىپىنىڭ بىرى بولغان شاپىئى مەزھىپىنىڭ
ئىجادچىسى.
⑲ ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىي پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى جاھالەت دەۋرى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑳ ھىشام (؟ — 828) — تارىخشۇناس. بەسىرىدە تۇغۇلۇپ،
قاھىرىدە ۋاپات بولغان.
㉑ ۋاقىدى (747 — 823) — ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى
مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى. مەدىنىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «يىراقتا يۈرۈش قىلىش»،
«ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش»، «پېرسىيە ۋە ئىرانى بويسۇندۇرۇش»، «مىسىر ۋە
ئىسكەندىرىيىنى بويسۇندۇرۇش» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.
㉒ سەيپ ئىبنى ئۆمەر (؟ — 815 تەخمىنەن) — ئەرەبلەرنىڭ
تارىخشۇناسى. باغدادتا نام چىقارغان.
㉓ مەدائىنى (752 — 839) — ئەدىب، تارىخشۇناس. بەسىرىدە
تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يىراقتا يۈرۈش
قىلىشى؛ سۆز - ھەرىكەتلىرى ھەم خەلىپىلەرنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىشىغا دائىر بىر
نەچچە ماقالىلار توپلىمى بار.
㉔ ئەھنەف (؟ — 807) — باغدادلىق شائىر.
㉕ ئەرەبچە «ئەل بەدنى» دېگەن سۆز بولۇپ، «يېڭى، داڭلىق»

دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

(26) بەششار ئىبنى بۇرد ( 714 ـــ 784 ) ـــ ئۈمەۋىيە خەلىپىلىكى ۋە ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ شائىرى . ئاياللار ھەققىدە ۋە ھەجۋى شېئىر يېزىش بىلەن داڭق چىقارغان . بىر قېتىم بەسىرىدە مەي ئىچىپ كەيپ ھالدا نامازغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئىمام تەرىپىدىن سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن .

(27) مۇسلىم ئىبنى ۋەلىد ( ؟ ـــ 823 ) ـــ ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن كۇفەلىك شائىر .

(28) ئەبۇل ئەتتاھىيە ( 746 ـــ 825 ) ـــ شائىر . كۇفەدە تۇغۇلغان ، ياش ۋاقتىدا فارفۇر ئىشچىسى بولغان .

(29) مەئمۇن ( 786 ـــ 833 ) ـــ ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 7 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى . مەئمۇن دەۋرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ پەلسەپە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ ، ئىلىم ـ پەنگە ئاساس سالغان . ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرغان . بۇ دەۋردە ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى كونستانتىن ۋە ئىسپانىيىلەرگە يېتىپ بارغان .

(30) لۇقا ( 820 ـــ 912 ) ـــ دوختۇر ، پەيلاسوپ . ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئاپپاراتىنى ياساپ چىققان . ئۇنىڭ « يالقۇنجاۋاتقان ئەينەك » ، « يۇنان دېھقانلىرى » قاتارلىق ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان .

(31) ياۋروپالىقلار ئۇنى جۇئاننىتوس (Joanntius) دەپ ئاتايدۇ . ئەرەبلەر ئۇنى « تەرجىمانلارنىڭ پىرى » دەيدۇ . ئۇ 808 ـ يىلى ئىراقتا تۇغۇلغان . باغدادتا دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن . كېيىنچە مەئمۇننىڭ « پەيتۇلھېكمەت » كە تەكلىپ قىلىنغان . ئۇ ئەپلاتون ، ئارىستوتېللارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان . ئۇنىڭ « كۆز دوختۇرلۇقى ھەققىدە ئون پارچە ماقالا » ، « تېبابەتچىلىك بىلىملىرى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

(32) ئاناتولىيە ـــ كىچىك ئاسىيا بولۇپ ، ئاناتولىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى بۈگۈنكى تۈركىيىگە قارايدۇ .

(33) بەختىياشۇ قەۋمى خىرىستىئانلارنىڭ نىستۇرى مەزھىپى ( جىڭ جىياۋ ) نىڭ دوختۇرلۇق كەسپىدىكى قەۋمى . ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىدا ئۈچ يۈز يىلدەك دوختۇرلۇق قىلغان .

(34) پىلوتىن ( 204 ـــ 270 ) ـــ رىم ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋردە ئۆتكەن سىرلىقلاشتۇرغۇچى ئەكسىيەتچىل پەيلاسوپ ، يېڭى ئەپلاتونچىلىقنىڭ ۋەكىلى . ئۇ ئالەمنى مەۋجۇدىيەتتىن تاشقىرى ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىلاھ ياراتقان ، دەپ قارايدۇ .

(35) ماركسىزمدىن بۇرۇنقى پەلسەپە مېتافىزىكا دېيىلىدۇ . ئۇ تەجرىبە

دائىرىسىگە كىرمەيدىغان مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان پەلسەپە.

㊱ ئەبۇ بەكرى خارەزمى — ئۇ ئىسلامىيەتتىكى ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ماتېماتىكىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ ساناق سان ئۇسۇلىنى ئىسلام قىلىنغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە قەدىمكى يۇنانلارنىڭ بىر يىلتىزىنى ئىجراپ قىلىدىغان ئالگېبراسىنى ئىككى يىلتىزلىققا ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ «ئىنتىگرال ۋە تەڭلىمىنىڭ ھېسابلىنىشى». (ئۇز تەرجىمىسى «سېلىشتۇرما ۋە سېلىشتۇرمىنىڭ ھېسابلىنىشى») دېگەن ئەسىرى 16 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىنغان. ئالگېبرا دېگەن ئىسىممۇ ئۇنىڭ مۇشۇ كىتابىدىن كەلگەن.

㊲ پەرغانى ـ ئاسترونوم. ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ 10 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى مۇتەۋەككىل 861 ـ يىلى ئۇنى نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇش ئىشىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن قاھىرىگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ «پلانېتلار ئىلمى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى». «يۇلتۇزلار خەرىتىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى لاتىن تىلى ۋە ھېبرۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

㊳ ئەبۇ مەئشەر (788 — 886). بەلىختە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «يۇلتۇز ھادىسىلىرى بىلىمى» دېگەن كىتابىدا ياۋروپادا سۇ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىشنىڭ ئاي ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

㊴ بەتتانى (858 — 929) — ئىراقنىڭ بەتتا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

㊵ رازى (868 — 932) — داڭلىق ئەرەب دوختۇرى. ئەرەبلەر ئۇنى «مۇسۇلمانلار دوختۇرى» دەپ ئاتايدۇ.

㊶ مۇئتەزىلىلەر ئىسلام دىنى مەزھىپىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ «ئايرىلغۇچى، ئۆزىنى قاچۇرغۇچى» دېمەكتۇر. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشتا ئومۇمىي ھالەتتىن جۇزئىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى مۇنداق: ① چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىنى دىنىنىڭ خائىنى دېگىلىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۆرىت دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىلەر دەپ بىلىش كېرەك؛ ② ئۆز ئەركىنلىكىنى ئۆزى تاللاش لازىم. باشقىلارنى ئىشقا زورلىماسلىق كېرەك؛ ③ «قۇرئان» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلاھىيەت، بارلىق، بىرلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت.

㊷ د. ر. مىكدو ئالدىنىڭ «مۇسۇلمانلار ئىلاھشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتى». 140 ـ بەت — ئاپتور.

㊸ ئەخمەت ئىبنى ھەنبەل (780 — 855) — باغدادلىق، دىنىي ئەقىدىشۇناس، بەزىلەر ئۇنى ئىمام ئەھمەدى ھەنبەل دېيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ تۆت چوڭ ئىمامنىڭ بىرى. ئۇ مۇئتەزىلىلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنغان. ئۇ ھەدىس توپلاش ئۈچۈن يەمەن،

سۈرىيە ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئايلىنىپ چىققان . ئۇنىڭ « مۇسنەت » ناملىق توپلىمىغا ئوتتۇز مىڭ ھەدىس كىرگۈزۈلگەن .

(44) مۇتەۋەككىل — ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 10 - ئەۋلاد خەلىپىسى . ئۇ 847 - يىلى پايتەختنى دەمەشققە يۆتكىمەكچى بولغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاباسىلار خەلىپىلىكى كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا قاراپ ماڭغان .

(45) ئەشئەرى ( 874 — 936 ) — باغدادلىق مەشھۇر ئىمام . ئۇ « مۇئتەزىللەر » مەزھىپىدىن چېكىنگەندىن كېيىن ئەشئەرى مەزھىپىنى قۇرغان .

(46) سوپى مەزھىپى — ئىسلام دىنىنى تەساۋۋۇپ قىلغۇچىلار ( سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار ) مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

(47) بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئىسلام دىنىنىڭ 3 - ئەسىرى — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن .

(48) ماسلون — پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى . 1922 - يىلى ھەللاج توغرىسىدا مەخسۇس ماقالا يازغان .

(49) « بۇخارى ھەدىسلىرى توپلىمى » — ( « سەھىھۇل بۇخارى » ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

(50) مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت خەلىپە ( ۋارىس ) تەختكە چىققان . بىرىنچىسى ئەبۇ بەكرى ( 632 — 634 ) ؛ ئىككىنچى ئۇمەر ( 634 - 644 ) ؛ ئۈچىنچىسى ئوسمان ( 644 — 656 ) ؛ تۆتىنچىسى ئەلى ( 656 — 661 ) . بىرىنچى خەلىپىنى سايلايدىغان چاغدا مۇھەممەدنىڭ كۈيئوغلى ئەلى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى شىئە مەزھىپىنى قۇرغان . ئۇلار ئەلىنىڭ بىرىنچى خەلىپە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان ، كېيىن ئۇلار ئەبۇ بەكرى ، ئۇمەر ۋە ئوسمانلار تارتىۋېلىش يولى بىلەن خەلىپىلىككە ئېرىشكەن دەپ قارىغان . كېيىنكىلەر تۆت كىشىنىڭ ھەممىسىنى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلغانلارنى « ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى » ، پەقەت ئەلىنىڭلا خەلىپە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلارنى شىئە مەزھىپىدىكىلەر دەپ ئاتىغان .

(51) كۇلىينى — شىئە مەزھىپىنىڭ ئىمامى ، باغدادتا تۇغۇلغان . ئۇنىڭ « تۇگىگەن كىتاب » ناملىق ئەسىرى بار . لېكىن شىئەلەر ئۇنىڭ كىتابىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنىلا تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلغان .

(52) ئەمىر ئىبنى باھار ( 755 — 860 ) — بەسرىدە تۇغۇلغان .

(53) ئىبنى قۇتەيبە ( 828 — 889 ) — كۇفەدە تۇغۇلغان . شۇ زامانىنىڭ قانۇنشۇناسى ، ھەدىسشۇناسى ، تارىخشۇناسى ، تىلشۇناسى ۋە ئەدىبى . « شېئىر ۋە شائىر » ، « ئەدىبنىڭ ئەدەبىياتى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

(54) ئەسلى مەنىسى قائىدە - يوسۇن ياكى نوقۇل ئەدەبىيات دېگەن سۆز .

(55) مەدائىنى ( 752 — 839 ) — تارىخشۇناس ، بەسرىدە تۇغۇلغان .

پەيغەمبەرنىڭ سۆز ، ھەرىكەتلىرى ، خەلىپىلەرنىڭ تارىخى ، ئىسلام دىنىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ۋە جاھالەت دەۋرىدىكى نەزمىلەرگە دائىر ئەسەر يازغان .

(56) بەلازۇرى — تارىخشۇناس . باغدادتا تۇغۇلغان . مەدائىنى بىلەن بىرلىكتە باغدادتا بىلىم ئالغان . ئۇ پارس تىلىنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇستا ئىدى . ئۇنىڭ « ھەرقايسى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش » ، « ئىسىلزادىلەرنىڭ ئائىلە شەجەرىسى » قاتارلىق كىتابلىرى بار .

(57) يەقۇبى ( ؟ — 891 ) — « تارىخ » ، « ھەرقايسى ئەللەر توغرىسىدا قىسسە » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . ئالدىنقىسىدا ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى زور ۋەقەلەر يېزىلغان .

(58) رائى — قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىسمى ، ئىراندىكى تېھران شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا .

(59) بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئەرەبچە ئەسلى نامى : « جامىئۇل بايان » ، « ھەرقايسى ئەللەر تارىخ ۋە پادىشاھلار توغرىسىدا » بولۇشى كېرەك ئىدى .

(60) « گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى » ، 35 — جىلد 589 — بەت ، 0 ، لوتۇبن — ئەسلى ئىزاھات .

(61) مەسئۇدى — مەشھۇر تارىخشۇناس . ئۇ ( ئەرەبلەرنىڭ « ھىرودوتۇشى ، يەنى قەدىمكى يۇنان تارىخشۇناسى » دەپ ئاتالغان ) باغدادتا تۇغۇلغان بولۇپ ، ئۆز ئۆمرىدە ھىندىستان ، سەيلون ، مالايسىيا ، پېرسىيە ، سۈرىيە ، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بارغان . جۇڭگو ۋە ماداغاسقارغىمۇ بارغان . ئۇ بارغانلا يېرىدە شۇ يەرنىڭ تارىخى ، جۇغراپىيىسى ، سىياسىي ، دىنى ۋە ئۆرپ — ئادەتلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان . ئۇنىڭ « ئالتۇن يايلاق » ( « مۇرۇجى زەھەپ » ) دېگەن كىتابىدا ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىدىن باشقا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ، يۇنان ، رىملارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ، ئىجتىمائىي جۇغراپىيىسى ، ئۆرپ — ئادەتلىرى بايان قىلىنغان . ئۇنىڭدا يېزىلغان جۇڭگو ھەققىدىكى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى باشقا ئەسەرلەردىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس .

(62) سۇلى ( ؟ — 946 ) — ئۇ ئابباسلار جەمەتىنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭ نەزمىلىرى مەزمۇن قىلىنغان « ئەسلىمىلەر » دېگەن ئەسەرنى يازغان .

(63) ئىبنى خۇردەدبىھ ( 820 ؟ — 913 ) — پارس قانداشلىقىدىكى تارىخشۇناس ، پوچتا — ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان . « يول ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى » دېگەن ئەسەرنى يازغان .

(64) ھەۋقەل ( ؟ — 977 ) — ئەرەب ساياھەتچىسى ۋە جۇغراپىيىشۇناس .

(65) مەقدىسى — ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى ، ئېرۇسالىمدا تۇغۇلغان .

(66) ئوتتو I ( 936 — 973 ) — 10 — ئەسىردىكى گېرمانىيە پادىشاھى .

962 ـ يىلى پاپا تەرىپىدىن « مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى » نىڭ پادىشاھلىقىغا بەلگىلەنگەن .

67 بۇھتەرى ( 820 — 897 ) — شائىر تەممامنىڭ ئوقۇغۇچىسى . ئۇنىڭ نەزمىلىرى تەبىئەتنى ۋە ئۆمەر بىلەن ئەبۇبەكرىدىن ئىبارەت ئىككى خەلىپىنى تەسۋىرلەش بىلەن داڭق چىقارغان . ئۇ ئۇزۇن مۇقەددىمە يېزىشقا ماھىر ئىدى . ئۇ ئۇستازلارنىڭكىگە ئوخشاش نام بىلەن « دىۋان ھەماسە » دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى يازغان .

68 ئىبنى رۇمى ( 836 — 896 ) — ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ باغدادلىق ئەڭ مەشھۇر شائىرى . جۈملىدىن ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق شائىرى .

69 ئىبنى مۇئتەز ( 861 — 908 ) — ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەدەبىي شائىرى .

70 سەيف دەۋلە ( 915 — 967 ) — سۈرىيىدىكى ھەمدانى خانلىقىنىڭ چوگىراقىنىڭ خانى . 945 ـ يىلى ئۇ ئۆز تەسىرىنى سۈرىيىنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتكەن . 953 ـ يىلى ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشكەن .

71 ئەبۇپىراس ( 932 ـ 968 ) — شائىر . ئىراقنىڭ موسۇل دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . سەيف دەۋلەنىڭ ئوغۇل جىيەنى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى يارقىن ، روشەن بولۇپ ، « يۇنان قىزى » ئۇنىڭ داڭلىق داستانى .

72 مۇتەنەببى ( 915 — 965 ) — داڭلىق شائىر . ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ كۆپلىرىدە ئۇرۇش مەدھىيىلىنىدۇ ۋە تۇرمۇشتىكى ئەدەب ـ ئەخلاق تەسۋىرلىنىدۇ .

73 كافۇر ( 967 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) — 965 ـ يىلى مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ سۇلتانى بولغان . ئەينى زاماننىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرى تولا ھاللاردا ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان .

74 « غايىۋى دۆلەت » ئەپلاتوننىڭ ئەسىرى .

75 « سىقتى زەندى » — شېئىرلار توپلىمى . ئۈچ مىڭ كۇپلېتتىن كۆپرەك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

76 لۇزۇمىيات ( زۆرۈر بۇيۇم ) — ئەبۇل ئەلامۇئەررى مۇئەررىدىن چىقىپ كەتكەندە يازغان ئەخلاق جەھەتتىكى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە توختالغان .

77 ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كىچىك خانلىقلار كەينى ـ كەينىدىن مۇستەقىل بولۇشقا باشلىدى . باغداد خەلىپىسى پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم رايونلارنى تىزگىنلەپ تۇراتتى ۋە پارس ئاقسۆڭگىكى بۇۋەيھىيە جەمەتى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى . خەلىپە ئەمەلىيەتتە قورچاق ئىدى . 945 ـ يىلى بۇۋەيھىيىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئەخمەت باغدادقا باستۇرۇپ كىرگەن .

78 مىسكەۋەي ــ مۇتەپەككۇر، ئەدىب، پەيلاسوپ، تىبابەتچىلىك ۋە خىمىيىنىمۇ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ بۇۋەيھىيە خاندانلىقىدا ئىشتايىن زور تەسىرى بار.

79 ئەبۇھەييان تەۋھىدىنىڭ تۇغۇلغان يىلى مەلۇم ئەمەس. 1010 ــ يىلى ۋاپات بولغانىكەن. ئۇ سوپىلار مەزھىپىگە مەنسۇپ پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر.

80 ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچى دېمەكچى.

81 ئەلبەشىھى ــ ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق ئەدىبى. مىسىردا تۇغۇلغان.

82 ماۋەردى ــ ئىسلام دىنى شاپىئى مەزھىپىنىڭ قانۇنچىسى. بەسرىدە تۇغۇلغان. ئەينى زامانىدىكى مەشھۇر ئادۋوكات، سوتچى. ئۇنىڭ ئىلاھىيەت تەلىماتى «مۇئتەزىللەر» نىڭكىگە يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

83 باھادىر پادىشاھلىقى ــ 1962 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى سالال باشچىلىقىدىكى ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى باھادىر پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتى قۇرغان.

84 رازى ــ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ ئەۋلادى. باغدادتا تۇغۇلغان. دىنىي ئەقىدە، ئەدەبىيات جەھەتلەردە داڭقى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، كۆپچىلىكى يوقىلىپ كەتكەن. مۇھىملىرى «پەيغەمبەر ۋەسىيەتلىرىدىكى تەمسىللەر»، «ستىلىستىكا قىبلىنامىسى» دىن ئىبارەت.

85 ئۇ تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ بىرى. شىئە مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەلى.

86 ئەھلى سەلىپكە قارىتا يوشۇرۇن ئۇلتۇرۇشنى يولغا قويغان مۇسۇلمانلار.

87 ئەبۇبەكرى خارەزمى ( 928 ــ 993 ) ــ تىلشۇناسلىقتا نوپۇزلۇق كىشى. خارەزمدە تۇغۇلغان. «خەت ــ چەكلەر توپلىمى» ( «رەسائىل» ) «شېئىرلار» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

88 «ئوكاسىن بىلەن نىكولېتتى» ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا تارقالغان مەدداھلار ھېكايىسى. ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەك ئوغلى ئوكاسىننىڭ قول قىز نىكولېتتىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ۋە كېيىن ئائىلىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەردە ناخشا بىلەن سۆز ئارىلاش بولۇپ، ناخشا نەزمە شەكلىدە، سۆز نەسرىي شەكىلدە ماڭىدۇ.

89 گازنى خانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

90 مەخمۇت ــ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ فېئوداللىق بۆلۈنمىسنى يولغا قويغاندىن كېيىن مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن گازنى خانلىقىنىڭ 3 ــ پادىشاھى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خەلىپىنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە خەلىپە تەرىپىدىن «ئەمىن دەۋلە» ( «دۆلەتكە سادىق» ) دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

91 بىرۇنى ( 973 ــ 1048 ) ــ سامانىيلار خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى.

92 مەخمۇتنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى.

㊸ بۇخارا بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆزبېكىستاندا . 12 ـ ئەسىردە مەسچىت ، قەدىمكى يادىكارلىقلار ، گىلەمچىلىك ۋە يىپەك بۇيۇملىرى بىلەن داڭق چىقارغان . ئىبنى سىنا بۇخارا ئەتراپىدىكى ئافسىنا بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن .

㊹ ئىبنى هانى ( 938 ـ 973 ) ـــ ئىشبىلىيەدە تۇغۇلغان . ئۇ داستانچىلىقتا مۇتەنەببىنىڭ ئۇسلۇبىنى دورىغانلىقى ئۈچۈن ( ئەرەبىستاننىڭ ) غەربىنىڭ مۇتەنەببىسى دەپ ئاتالغان .

㊺ ئابدۇلرەھمان Ⅲ ـــ 890 ـ يىلى كوردوۋادا تۇغۇلغان . 912 ـ يىلى كوردوۋا Ⅷ پادىشاھىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ، ئاندالۇزىيەدىكى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى بولغان . ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ، ئىچكى قىسمىنى رەتكە سېلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن . چەتكە قارىتا خرىستىئانلارنىڭ هۇجۇمىنى چەكلىگەن . فاتىمە سۇلالىسى بىلەن شىمالىي ئافرىقىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان .

㊻ ئىبنى خەللىكان ( 1211 ـــ 1282 ) ـــ تارىخشۇناس ، ئىراقنىڭ ئىربىل دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . 1260 ـ يىلدىن 1277 ـ يىلغىچە قازى بولغان . ئۇ تۈزۈپ چىققان كىشىلەر ئىسمى لۇغىتىگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن 846 كىشىنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن .

㊼ ئىسلام دىنىدە دىندىن ياكى دىنىي جەمئىيەتتىن ھەيدەپ چىقىرىش دېگەن تۈزۈم بولمىغاچقا ، « ئەمەلىيەتتە » دىندىن قوغلاپ چىقىرىلدى ، دەپ ئېيتىلدى .

# 6 ــ باب

# كۆمۈش دەۋرى

**( مىلادى 1055 ــ ، 1258 ــ يىللار )**

بىز ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيلارغا تايانغانلىقى ئۈچۈنلا مۇسۇلمانلار تارىخىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆردۇق . لېكىن ، 1055 ــ يىلنى بۇرۇلۇش نۇقتىسى دېيىش ئۆكتەملىك بىلەن قىلىنغان قارار ئەمەس . دەل شۇ يىلى سەلجۇق تۈركلىرى باغدادنى ئۆزىگە قارىتىپ ، ئاخىر ئاسىيادا ئۆزىنىڭ زومىگەرلىكىنى مۇستەھكەملىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركمەن قەبىلىلىرى ئارقىمۇئارقا پېرسىيىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالى ، ئەزەربەيجان ، شىمالىي سۈرىيە ، ئاناتولىيە قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشتى ، ئەرەب سۇلتانلىرى ئۆزىنىڭ قول قوشۇنى①ئارقىلىق ، بۇ كۆچمەن قەبىلىلەر بىلەن ئوردا ئەتراپىدىكى قارا نىيەت گېنېراللار ئوتتۇرىسىدا مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى . تۈركلەر ئاھالىلەرنى دەھشەتلىك ھالدا دەپسەندە قىلىپ ، ئاھالىلەرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى . ئالۋاڭ ــ ياساقنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى . ئايرىم ھۆكۈمرانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق تارىخى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇزلۇكسىز ئۇچرىغان تارىخ بولدى ، جۈملىدىن

سىياسىي جەھەتتە ئۇچىغا چىققان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە
تۇرغان تارىخ بولدى. تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەسكى، بۇنداق
ھالەت ئەدەبىياتقىلا ئەمەس، ھەرقانداق شەكىلدىكى مەدەنىيەتكىمۇ
پايدىلىق ئەمەس ئىدى. تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان بىر ياكى
بىرنەچچە زېرەك پادىشاھمۇ بۇنداق ۋەزىيەتنى ماددىي جەھەتتىن
ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئەرەبلەر بىلەن پارسلار قۇرغان مەدەنىي
ھۆكۈمەت ۋە ئىقتىسات جەھەتتىكى گۈللىنىش مۇشۇ ئىككى يۈز يىل
ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا ئاجىزلىشىپ تۈگىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەر خانلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشى
ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلدى. پارس
شاھزادىلىرى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇنى تۈرلۈك ئاماللار
بىلەن قوغداش لازىملىقىنى بىلەتتى، لېكىن غەربىي ئاسىياغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۈركلەر بولسا، ئەرەب تىلىنى زادىلا
بىلمەيتتى. تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، پارسلار
ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
ئۇلار ئەرەب ئەدەبىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن
يېڭى تەجرىبە يارىتالايدىغان نۇرغۇن خادىملارنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىپ، پارس ئەدەبىياتىنى تولۇقلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى
ئوردا ھامىيلىقىنىڭ دائىرىسىنى تارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب
ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋاستىلىك ھالدىلا بەزى كىتابخانىلارغا ئىگە
بولالايدىغان بولدى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خاھىشى ناھايىتى زور
دەرىجىدە ئوردىدا ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان ئىلاھشۇناسلار
ياكى ۋەزىرلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ئالدىنقىلىرى پرىنسىپ
جەھەتتە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە قارشى ئىدى، كېيىنكىلىرى
بولسا، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى خىلمۇ خىل ئەدەبىي خاراكتېرلىك
ئىزدىنىشلەردىن باشقا، ئەتراپىدىكى ئىشلارغا كۆپ قىزىقمايتتى. ئۇ

چاغدىكى يازغۇچىلار ئەگەر مۇشۇ رامكىلار بويىچە تەپسىلىي ئىزدەنمەيدىغان بولسا، يېزىقچىلىق يولىدا ئىلگىرىلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۆزىنى ئاقلايدىغان، ھەتتا باش قويۇپ تەزىم قىلىدىغان قۇرۇق مۇقاملار ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەرەب ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. بەزى غەيرىي ئىلاھىيەت ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارىغان ئۆزىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن يېزىلغان سۆزلىرىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

«مەن جاھىلغا تېگىشىدىغان ئوبزورچىلاردىن ئىنتايىن ھوشيار تۇرىمەن»، (ياقۇت ئۆزىنىڭ «ئالىملار لۇغىتى» دە شۇنداق يازىدۇ) «ئۇلار مېنى تىللىماقتا، ھاقارەتلىمەكتە، روھىي جەھەتتە نالالىقتا قىلىپ زەھەرلىگەن كىشىلەر، تېۋىپنىڭ ساخاۋىتىگە قېلىپنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىزار بولغان كىشىلەر شۇنداق جاكارلايدۇكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى دىنىي ئىشلارغا بېغىشلاڭلار! بۇ ئەڭ چوڭ ئىش، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىش. ئۇ ئىبلىسلەر ئادەمنىڭ ئوخشىمىغان قېلىپتىن قويۇلۇپ چىقىدىغانلىقىنى ھەم ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ ئاللا ھەر بىر ئادەمنىڭ پېنى مۇكەممەل يوسۇندا ساقلاپ قېلىشى لازىملىقىنى ھەم ئۇنىڭ ۋەقەت يوللىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ يارىتىلىش ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. مەن شۇنى ئىنكار قىلمايمەنكى، مەن ئۆز مەسچىتىمگە سۆيۈنۈپ جىنىمىزنىمدا چىڭ ئولتۇرالايدىغان بولسام، بۇ كەلگۈسى ھاياتىمنىڭ توغرا يولغا تېخىمۇ ماسلاشقانلىق بولاتتى. بىراق، مەن ئۇنداق گۈزەل تۇرمۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ۋاز كەچتىم، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەنكى، مەن ۋىجدانسىزلىق قىلمايمەن. كازازلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق يولىغا ماڭمىدىم، ئالىيجاناب كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.»

ئەكسىچە ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان جايلاردا ئەھۋال

ياخشىراق ئىدى . مۇشۇ باپتا سۆزلەنگەن ئىككى ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدە ، باغدادنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە غەربىي ئاسىيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئىككىنچى ئەسىرگە كەلگەندە ، سۇرىيە بىلەن مىسىرمۇ سان جەھەتتە ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان بولدى .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى رايوندا ، تاشقى سىياسىي سەۋەبنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يەنە باشقا كۈچلەرمۇ كېيىنكى ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن تەدرىجىي چېكىنىشىنى ( گەرچە سان جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ ) تېزلەتمەكتە ئىدى . ئەدەبىياتنىڭ دائىرىسى تارىيىپ ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئەدەبىي ئۆلچىمى شۇ ھالەتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن چەكلىنەتتى ھەم تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ، سۆز - ئىبارە قوغلىشىپ ۋە ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ ، ئىما دائىرىسى ۋە ئىجادىيەت ھاياتى كۈچى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى . نوپۇزغا تايىنىش مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىنى ، ئاممىباب بايان بىلەن قامۇس مۇستەقىل ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . ئىلگىرىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بەدىئىي تۈس بېرىش ماھارىتى بۇگۈنكى كۈندە قوغلىشىدىغان بىردىنبىر ئوبيېكتى بولۇپ قېلىپ ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلىدىغان بولدى . بۇ شۇ زامانىدىكى ئىچ پۇشۇقى ۋە بىمەنىلىكنى پەدازلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك . مىنتوئىنىنىڭ [2] سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇلار ماغدۇرسىزلىنىپ ماگالماي قالغانلىقى ئۈچۈن ، ئاتقا مىنىۋالغانىدى .

ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىي پەنى يۇنانلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن ، ئەرەب ئەدەبىياتىدا غايەت زور گۈللىنىشنىڭ

مەيدانغا كەلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە . ئەمدى بولسا ، يۇنان ئېنېرگىيىسى تامامەن دېگۈدەك تۈگەپ ، يۇنان ئىدىيىسى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنغان تەتقىقات خىزمىتىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ، بارغانسېرى خارابلىشىپ ، تېز سۈرئەت بىلەن تارىيىۋاتقان دائىرە ئىچىدە چەكلەنگەن . ئىلاھشۇناسلىقتا ئاللىقاچان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان جاھىل مەدرىس پەلسەپىسى ئىسلامىيەت روھىنىڭ پالەچ كېسىلىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ( بىۋاسىتە سەۋەبىمۇ ئەمەس ، ئاخىرقى نەتىجىمۇ ئەمەس ) سىگنال بولۇپ قالدى .

شۇ كۈنلەردە شەرقتىن كەلگەن بۇنداق تەسىر مۇسۇلمانلار ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ساھەسىگە كۆرۈنەرلىك ھالدا سىڭىپ كىردى . شۇبھىسىزكى ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان بىر ئامىل ئەنئەنىچىلەرنىڭ مەدرىسلەرنى قۇرغانلىقى بولدۇ . ئۇنىڭ مەشھۇرى باغدادتىكى نىزامىيە مەدرىسى ئىدى . بۇ مەدرىسنىڭ ياش تالىپلارغا ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسلىق دەرسلىكى ياد ئېلىش ئىدى . ئالتە ـ يەتتە ياشلىق ئوغۇللار « قۇرئان » نى ، نەزمە شەكلىدە يېزىلغان دراما ۋە مۇتەنەببىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتى ، باللار يىل بويى كېچە ـ كۈندۈزلەپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلاھشۇناسلىق ، لوگىكا بىلىملىرى ۋە گىراماتىكىغا دائىر مۇرەككەپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئوبزورلارنى كۆڭۈل قويۇپ يادلايتتى . يىگىرمە ياشلىق ئوقۇغۇچىنىڭ بىرەر ـ ئىككى يۈز كۇپلېت شېئىرنى يادلىۋېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى . ئالىي مائارىپ ئىلاھشۇناسلارنىڭ قولىدىلا بولىدىكەن . تالانتلىقلارنىڭكىدىن باشقا ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇۋېتىش ، خاسلىقنى چەتكە قېقىش ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكى پەۋقۇلئاددە مۇستەقىللىكنى يوقىتىۋېتىش خەۋپى تۇغۇلۇشى

مۇمكىن. لېكىن، مۇنداق باستۇرۇش ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. جۈملىدىن شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئەينى زاماندىكى ئىجادىي ئىدىيە ئۆزگىچە دەل ئەنە شۇ ئىلاھشۇناسلىق دائىرىسى ئىچىدىلا ھەرىكەتلىنىش زېمىنى تاپتى.

## 1- ئىراق ۋە پېرسىيە

بۇ دەۋر مۇسۇلمانلار دىنى ئىدىيىسى بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ زات غەززالى (1059 ـ 1111) دىن باشلىنىدۇ. ئۇ نىشاپۇر بىلەن باغدادتا قانائەتلىنەرلىك گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىقتىن بىردىنلا ئىستىپا بېرىپ، ئون يىلغىچە چېكىنىۋالىدۇ. ئۇ ئۆز ئىرادىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە گۇمانخورلۇق ئاستىدا تېز پۈككەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، يوقىتىپ قويغان ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. غەززالى مەدرىس ئىلاھشۇناسلىقى، مەدرىس پەلسەپىسى ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. ئاخىردا ئۇ سوپى مەزھىپىگە بۇرۇلۇپ، توۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆز يۇرتى تۇسقا قايتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇخلىسلار بىلەن بىرلىكتە ئىبادەت قىلىش ۋە تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

غەززالى ئەدەبىي پائالىيىتىنى باغدادتا ئوقۇتقۇچى ۋاقتىدىلا باشلىغان. ئۇ غەيرىي دىنلارغا قارشى بىر تۈركۈم ماقالىلارنى يېزىپ، بىدئەتچىلەرنىڭ سۈننى مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىغا قارشى ئىدىيىسىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇ بىرقاتار ئوقۇملىرى ئېنىق مۇنازىرە ئارقىلىق سۈننى مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى ئورنىغا ئاساس سالىدۇ. بۇ كۈچلۈك

دىنىي بەس ـ مۇنازىرىدە ئۇچىغا چىققان شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سىرلىق ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان دىنىي قائىدىلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ .

ئاندىن كېيىن ، پەيلاسوپلارغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . غەززالى « پارچە ـ پۇرات پەيلاسوپلار » ( « تاھافۇت فەلاسىغە » ) ناملىق كىتابىدا ئىبنى سىنانىڭ تۇرلۇك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى كەسكىن ، جانلىق ھالدا تەنقىتلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ مۇددىئاسى پەلسەپىنى خاراب قىلىۋېتىش ئەمەس ، بەلكى پەلسەپىنى نوقۇل ھالدا ئىدراكى جەھەتتىنلا قوللىنىشتەك نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرۇپ ، ئىلاھشۇناسلىققا خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدى ، ئۇنىڭ سوپىلار مەزھىپىگە كىرگەندىن كېيىنكى بىرقاتار ماقالىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى بىر ئەسىرگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى سوپى مەزھىپى ئىلاھشۇناسلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس قاراشلىرىنى ئەنئەنىۋى ئىلاھشۇناسلىققا سىڭدۇرۇپ ، ئەشئەرى مەزھىپىنىڭ قوپۇق مەدرىس پەلسەپىسى ھەدى بىلەن يوقىلىپ كەتكەن تەگپۇگلۇقنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ، « سىستېما ۋە تۇرگە ئايرىش ، سۆز ـ ئىبارە ۋە دىئالوگ ھەققىدە مۇلاھىزە » نى سۇبيېكتىپ دىنىي تەجرىبە ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى . ئۇ « خاتا قۇتقۇزغۇچىلار » دېگەن كىتابىدا ، ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۆز ئېتىقادىنىڭ ئاساسىنى بايان قىلىدۇ . غەززالى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى « دىن ئىلمىنىڭ تىرىلىشى » ( « ئىھيا ئۇلۇمىدىن » ) ، دە تەپسىلىي ئىزاھات بېرىدۇ . يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ سىرتىدا ، ئۇ يەنە ئەرەب ، پارس تىللىرىدا دۇئا ـ تالاۋەتكە دائىر بەزى ئامىباپ كىتابلارنى يازغان . بۇنىڭ بەزىلىرى ئۇسلۇبىدىن مەزمۇنىغىچە ھازىرقى زاماندا تارقىلىپ

يۇرگەن بەزى رىسالىلەرگە خېلىلا ئوخشاپ كېتىدۇ.
غەززالى خاس ئىجادچانلىقتا ئىنگە مۇتەپەككۇر ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك خاسلىقتا ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىۋاستە ئۇنۇمى سوپى مەزھىپىنىڭ جەۋھىرى ئىچىدىكى ئەخلاقىي كۈچ ئارقىلىق رەسمىي دىنىي جەمئىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەدرىس پەلسەپىچىلىرىنىڭ ئەخلاقشۇناسلىقىغا قارشى تۇرۇشىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىن بولۇپ كەتتى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىلاھشۇناسلارنىڭ بىرىلا ئىدى. «ئىھيا ئۇلۇمىدىن» باشتىن - ئاخىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالمىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ قايتا ئوتتۇرىغا چىققاندا، مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئاندىن ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندى. ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە غەززالى ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، غەززالى ئۆزىنىڭ رەقىبى ئۇلۇغ ئىبنى رۇشتقا ئوخشاش، مۇسۇلمانلار تارىخىدا بارماق بىلەن سانىلىدىغان، ياۋروپادا قايتا - قايتا ئېغىزغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرى.
مۇبادا بىز غەززالى بىلەن ئۇنىڭ زامانىدىشى بولغان ئىككى داڭلىق ئىلاھشۇناسنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىنقىلابىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. خارەزىملىك زەمەخشەرى (1075 - 1143) ئىلاھشۇناسلىقتا تەۋە تىلشۇناسلىق تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، «تىل قائىدىسى توغرىسىدا» ۋە گۈزەل نەزمە شەكلىدە يېزىلغان ئەخلاقتا دائىر ھېكمەتلىك سۆز «ئالتۇن زۇننار» نى يازغان. ياۋروپادىكى ئەرەب مەكتەپلىرىدە بۇ ئىككى كىتابتىن داڭلىق كىتاب يوق دېيىشكە بولىدۇ. پەخرىدىن رازى (1149 - 1209) پەيلاسوپ، قامۇس

تۈزگۈچى ۋە ئەينى زاماننىڭ ئۇلۇغ دىپلوماتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىپىتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆز ئەسىرىدە سىستېمىلىق رەتكە تىزىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىكەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ ، پەلسەپە ، ئىلاھشۇناسلىق ، سىبىرگەرلىك ۋە مۇنەججىملىكنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . لېكىن ، زەمەخشەرى بىلەن رازى « قۇرئان » غا تەپسىر يازغانلىقى ئۈچۈن داڭق چىقارغان . قارىغاندا ، « قۇرئان » غا تەپسىر يېزىش شۇ چاغدىكى ئومۇميۈزلۈك يېزىقچىلىق تېمىسى بولسا كېرەك .

« ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ھەممىسى تېپىسىر يېزىشقا ئىلراق كېلىدۇ » ( سويۇتى ③ شۇنداق دېيدۇ ) « لېكىن ، ھەر بىر كىشى ئۆزى ئىگىلىگەن پەن بىلەن چەكلىنىشى لازىم . مەسىلەن ، تىلشۇناسلار سۆز قۇرۇلۇشى ، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگىلا دىققەت قىلىدۇ ؛ تارىخشۇناسلار راست - يالغانلىقىغا قارىماي ۋەقەلىكىگە - - ئۇلار بۇ قىسمنى تەپسىلىي ئىشلەپ چىقىرىدۇ - - ۋە قەدىمكى رىۋايەتلەرگە قىزىقىدۇ . قانۇنشۇناسلار قانۇندىن چەكىنىپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدۇ . ھەتتا ھەقىقىي تېمىدىن يىراقلاپ ، قالايمىقان نەزمىلەر بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدۇ ، لېكىن ئەقلىيلىك ئالىملار ، بولۇپمۇ پەخىردىن ئىمامنىڭ ئەسەرلىرى مۇسۇلمان ۋە يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن تولغان . ئۇ ئەيىبلەردىن ئەقلىي پەكۈن چىقىرىپ ، ھېچ ئىشلىتىپ تەتقىق قىلالىتتى . ئۇنىڭ ئاخىردا چىقارغان خۇلاسىسى ئىلگىكى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ قالاتتى - دە ، كىتابخانلار ھەيران - تاڭ قالاتتى ، شۇڭى مەشھۇر بىر ئالاھشۇناس ، بۇ پەردە باھا بېرىشتىن باشقا ھەممە نەرسە بار ئىكەن ، دېگەندى .

زەمەخشەرى گەرچە « مۇئتەزىلىلەر » نىڭ غەيرىي تەلىماتلىرىنى تەشەببۇس قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئەسىرى « چۈمبەل تاشلىغان كىشى » ئالقىشقا ئېرىشكەن ، يۈز يىلدىن كېيىن بەيداۋى ④ ( 1288 - يىلى ۋاپات بولغان ) ئۆزىنىڭ رەتلىگەن بىر كىتابىدا ، زەمەخشەرىنىڭ

كىتابلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان، بۇ كىتاب مۇشۇ شەكىلدە ھازىرغىچە تارقىلىپ، ئەڭ مەشھۇر باھا خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالدى.

تىلشۇناسلىق ۋە نوقۇل ئەدەبىيات ساھەسىدە، مۇشۇ دەۋردىكى ھەر قانداق كىشىنى بەسىرلىك ھەرىرى ( 1054 ـ 1122 ) بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، ھەرىرى ئۆز يۇرتىدا ھازىرغىچە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئادەتتىكى تىلشۇناسلىق دەرسلىكلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەن. مۇقىم خىزمەت ۋە ئازراق مىراس ئۇنى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بەدىئۇززامان [5] دىن كېيىن، بۇ قائىدىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نەزمە شەكلىدىكى يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا ھەرىرىنىڭ ئالاھىدە ئەسىرى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت كېيىنكى «مۇغامەت» بىلەن بىردىنلا نام چىقارغان. بىز ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىلا ئەمەس، سەھنە قۇرۇلۇشى ۋە ئارتىسلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ تامامەن دېگۈدەك بەدىئۇززاماننى دورىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ھەرىرى تەسۋىرلىگەن، تىزىپ قويغان مەرۋايىتتەك سۆزلەيدىغان سەرگەردان «سۇرۇجىلىق ئەبۇ زەيدى» ھەمەدانىنىڭ «ئىسكەندىرىيىلىك ئەبۇل خارىس» ى بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندە ھەرىرى ئۆزى ئېيتقان، ئۇنىڭ شۇ ھېكايىنى يېزىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىل ئۈستىدە توختىلىمىز:

سۇرۇجلىق ئەبۇ زەيدى جىرماشتاق دىۋانە بولۇپ، مۇنازىرىگە تولىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بەسرىگە كېلىپ، مەستى ھەرەم مەسجىت ( ھەرىرى تۇرۇشلۇق

رايونىدا ) ئالدىدا تۇرۇپ ، ئاۋۋال ئاندا - مۇندا تىنچلىق سورىشىپ ، ئاندىن سەدىقە تىلەشكە باشلىدى . بۇ چاغدا بىرنەچچە مەزىرى ئەدلىيە - قانۇن ئەمەلدارلىرى ناماز ئوقۇۋاتاتتى . مەسچىت ئېسىلزادىلەر بىلەن تولغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ قەبرى دىۋانىسىنىڭ مۇنارىسىمان شەكىلدىكى ھېكمىتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تەسىرلىك سۆزلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى ، مۇشۇ يۇرتتىن پايدىلىنىپ ، ئەبۇ زەيدى ئۆز قىزىنىڭ يۇنانلىقلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغانلىقىنىڭ جەريانىنى سۆزلىدى . ماھا بۇ مېنىڭ نەزمە درامام « خوتۇن - قىزلار ھەققىدە » دە سۆزلەنگەن مەزمۇن . شۇ كۈنى كەچتە بەسىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىلزادىلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە يىغىلدى . مەن ئۇلار بىلەن كۈندۈزى كۆرگەنلىرىم ئۈستىدە ۋە ئۇ دىۋانىسىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن گۈزەل سۆز ھەم مەنىلىك ئوخشىتىشلارنى تاللاپ ئىشلىتەلىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم . ئۇلارمۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدا بۇ دىۋانىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سۆزلىگىنى باشقىچە ئىش بولۇپ ، ئۇنىڭ سۆزى مەن بۈگۈن ئاڭلىغاندىنمۇ ياخشى ئىدى . قارىغاندا ، ئۇ دائىم كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ئۆزىنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشتىكى بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان يۈرەك قېنى ، ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشىنى ماھىرلىق بىلەن ئۆزگەرتىشتىكى ئۇسۇلى ، زېرەكلىكى ۋە قابىلىيىتىگە ئولتۇرغانلاردىن ھەيران قالمىغىنى يوق . شۇنىڭ بىلەن مەن « خوتۇن - قىزلار ھەققىدە » دېگەن بۇ نەزمە درامىنى يازدىم . كېيىن ، ئانتو ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن درامىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتىم⑧ .

باشتا ھەرىرىنىڭ « مۇغامەت » ي ( نەزمە درامىسى ) ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەسەر دەپ قارالغانىدى . بىر رىۋايەتچى ، « ئەگەر ئۇ ئۆزى بۇ درامىنى مۆجىزە دەپ ئاتايدىغان بولسا ، بۇ كۆز قاراشنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى چىقماسلىقى مۇمكىن » دېگەنىدى . بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ماختايدىغىنى مۇھىمى درامىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە تىل جەھەتتىكى سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بولسىمۇ ، لېكىن ھەرقايسى ئىلمىي مەزھەپ ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر بۇ درامىنى چوڭقۇر

بىلىم بىلەن تولغان ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. درامىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى، پىشقان سۆزلىرى، سەنئەتكە دائىر ساناقسىز ئىبىل ئەسەرلەر ۋە ئەپچىللىك بىلەن كەلتۈرۈلگەن ھەجۋىي سۆزلەر... بۇ ئەسەرنى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلغان. ھەرىرىنىڭ نۇرغۇن ۋارىسلىرى بولغان، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى مەلۇماتى ئۇنىڭدىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان. ھەرىرى نەزمە درامىنىڭ مەقسىتى ئالدى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، كۈلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا چوڭقۇر مەنە بار. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىتابنى تولۇق كۆرۈپ چىقمىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەپچىل تەسۋىرى، ئۆتكۈر دىئالوگلىرى، نەپىس - يېقىملىق نەزمىلىرى، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق جۈملىلىرى ۋە مۇكەممەل تەسۋىرىنى كۆرىمىز.

«يەتتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، — جانلىرى شۇنداق دېدۇ، — ھەرىرىنىڭ ئەسەرلىرى پەقەت «قۇرئان» دىن قالسىلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ، ئەرەب تىلىنىڭ خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە بولغان ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ماختاپ كەلدى. ئاندالۇزىيىدە، ئوكۇس دەرياسى ۋادىلىرىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ناھايىتى زور ئەجرى قىلىپ، ئۇنىڭ درامىسىنى ئۆگەندى ۋە ئىزاھلىدى. ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرلا ئەمەس، ئەرەب تىلىنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىۋاتقان جايلاردىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تىلىدىن زوقلىنىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ چوڭقۇر بىلىمىنى، مەزمۇنىغا باي دىئالوگلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى قىلماقتا.»

يۇقىرىقىلارنىڭ سىرتىدا، ھەرىرىنىڭ نەزمە درامىسى ھەممە دانىشمەنلىك ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئېچكى جانلىقلىققا ئىگە. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەر ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىغا بەكمۇ يېقىن كەلگەن، جۈملىدىن تۇرمۇشتىكى سۆز، ھەرىكەت،

ھەزىل ، يۇمۇرلارنى ئىمكانقەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن . شۇڭا ، ئۇ ئۇتتۇرا قەدىمي دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىجتىمائىي ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . بۇ درامىنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا قىستۇرما رەسىملىك ۋە نەقىشلىك ( ئاز ساندىكىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ) ئەرەب ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس .

بىز مۇشۇ مەزگىلدە ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدە يېزىلغان ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر باشقا بىرنەچچە ئەسەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمىز . سىتىلىستىكا ۋە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى سەئەت خارەزىملىك سەككاكى⑦ ( 1299 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « ئىلىم ـ پەن ساۋاتلىرى » ( « مىفتاھۇلئۇلۇم » ) دېگەن كىتابىدا قىسقارتىلىپ ، دەرسلىك شەكلىگە كىرگۈزۈلدى . بۇ كىتاب ئەرەب تىلىدىكى دىندىن خالىي كىتابلار ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان . كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ ئىستاتا ئېلىنغان ، شەرھلەنگەن ۋە باھا بېرىلگەن كىتاب ھېسابلىنىدۇ . پارس تىلى پەيدىنپەي شېئىرىيەت تىلى بولۇپ قالدى ، پەقەت تەغرائى⑧ ( تەخمىنەن 1121 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئەرەب تىلىدىكى « لامىيەت ئەلئەجەم » دېگەن بىر داستانىلا ئەدەبىيات تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالىدى . بۇ داستاننىڭ داڭق چىقىرالىشى ئۇنىڭ سۇپىتىدىن ئەمەس ، بەلكى ئاپتورنىڭ ئەششەنفەرا نامىدا يېزىلغان داستانغا ئوخشاش تېما قويغانلىقىدا .

تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ، سۈننى مەزھىپىنىڭ گۈللىنىشى ئىسلامىيەتتە « دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى » نىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى . بۇ جەھەتتىكى تۇنجى ئەسەر ھەنبەل مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ئىبنى جەۋزى ⑨ ( 1200 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ تەزكىرى بولۇپ ، ئۇ سىياسىيدىن ئۇستۈن

تۇرىدىغان يىلنامىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدا ئاپتور يېڭى بىر خىل ۋائىزلىق ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ «ئالۋاستىلارنىڭ شۇملۇقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە سوپى مەزھىپىنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان. بۇ چاغدا يازما خاتىرە تەرىقىسىدىكى دەۋر تارىخىدىمۇ تەرەققىيات بولغان. شەرقتىكى ئاخىرقى ئەرەب تىلىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرگە خارەزىم پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سۇلتانىنىڭ تەزكىرىسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن، بۇ ئەسەر 1241-يىلى ئۇنىڭ ۋەزىرى نەسەۋى ⑪ تەرىپىدىن يېزىلغان. شۇ چاغدىكى داڭلىقراق يازغۇچىدىن يەنە ئىككىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يۇنانلىق.

ئېھتىمال ئىبنى ھەزىم ئەسەرلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن بولسا كېرەك. ئىلاھشۇناس، پەيلاسوپ شەھرىستان ( 1086 ـ 1153 ) ھەزىمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان «دىن ۋە پەلسەپە ئېقىملىرى» ناملىق ئەسىرىنى يازدۇ. ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆلىمالىرىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كىتاب بولمىسا كېرەك. شەھرىستان سىپايە، لاتاپەتلىك، ئوچۇق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىدىكى غەيرىي دىنغا بولغان ھەۋىسى زامانداشلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن. «دىن ۋە پەلسەپە ئېقىملىرى» دېگەن كىتابقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى ۋە پەلسەپە مەزھەپلىرى كىرگۈزۈلۈپلا قالماستىن، يەنە يەھۇدى دىنىنىڭ مەزھەپلىرى، خرىستىئان چېركاۋلىرى ۋە تايىرستىن كېيىنكى يۇنان پەيلاسوپلىرى، شۇنداقلا دەسلەپكى خرىستىئان دىنىنىڭ پوپلىرى، ھەتتا ھىندىلارنىڭ دىنىي پەلسەپىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن. شەھرىستان دىنىي مەزھەپنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئۆلىماسى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان غەيرىي دىنىي مەزھەپلەرنىڭ

نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە قاراشلىرىنىمۇ ئىنتايىن ئادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، پەقەت بەزى پەۋقۇلئاددە زېرىكەرلىك ياكى ئۇچىغا چىققان چاكىنىلىقتىن خالىي بولالمىغان تەلىماتلارغىلا ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قاتتىق تەنقىدىي ئىزاھات يازغان.

ياقۇت (تەخمىنەن 1179 ـ 1229) ـــ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئوتتۇق قازانغان لۇغەت تۈزگۈچىسى، ئۇ ئاناتولىيىدىكى بىر يۇنانلىقنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، گۆدەك ۋاقتىدا قۇل بولغان، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش تەربىيە ئالغان، كېيىن باغدادلىق بىر سودىگەرگە ياللىنىپ، سودا يوللىرىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان. شۇڭا، ئۇ نۇرغۇن قېتىم سۇرىيە، پېرسىيە ۋە پارس قولتۇقلىرىغىچە بارغان. ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، خەتتاتلىق ۋە ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ سېتىش بىلەن جان باققان. مۇخا شەھىرىدىكى ھەشەمەتلىك كۇتۇپخانىلار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. 1220 ـ يىلى موڭغۇللار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، شەرقتىن قېچىپ، ئىنتايىن غورىبەتچىلىك ئىچىدە موسۇلغا بېرىپ قايتىدىن خىزمەتكە كىرىشكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەلەب (1) كە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ «جۇغراپىيە لۇغىتى» («مۇئەججەم مۇلبۇلدان») نىڭ يەنە بىر ئىسمى «يەر ئىسىملىرى لۇغىتى» بولۇپ، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ شۇ تىپتىكى جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ھەرقايسى ئۆلكە، مۇھىم شەھەرلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەزكىرىسىگە دائىر ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. بۇنداق ئەسەرلەر گەرچە مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن بەزى تېتىقسىزلىقتىن خالىي بولالمىغان. لېكىن، ئەسەر ياقۇتنىڭ قولىدىنلا چىقىدىكەن، ئۇ بىرەر قىزىقارلىق خەۋەر، بىرەر شېئىردىن پارچە، تەبىئەت

ھەققىدىكى تەسۋىر ياكى مەلۇم شەخسى ۋە ياكى ئەدەبىي ئەسلىمىلەرنى قوشۇپ، ئەسەرگە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە جان كىرگۈزۈۋېتەتتى.

قەلەم جەھەتتىكى ئەپچىللىكى ئۇنىڭ «ئەدىبلەر لۇغىتى» («ئىلشات») دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ كىتاب گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ئۆتكەن يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئەسىرى ئىچىدىكى پارلاپ تۇرىدىغان ئەسەر، دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى يېقىندا قايتىدىن دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەسەر ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىتاب بىرونى، ھەرىرى ۋە باشقىلارنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز ـ ئىبارىلىرى، يېزىپ قالدۇرۇلمىغان قىزىقارلىق ۋەقەلەر ۋە تاللانمىلار بىلەن تولغان؛ ئىبنى خەللىكان ئۆزىنىڭ ياقۇت ئۈستىدە يازغان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى باياندا سەھىپە ئايىماي (غەربلىكلەرنىڭ نەزەرىدە تولىمۇ ئاۋارىچىلىك ھېسابلانسىمۇ) ياقۇتنىڭ ھەلەب قوغدىغۇچىسىغا يازغان بىر پارچە ئۇزۇن خېتىنى كىرگۈزگەن. خەتتە ئۇنىڭ خوراساندىكى تۇرمۇشى ۋە موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇچرىغان بەختسىزلىكلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ خەت كېيىنكى پارس ـ ئەرەب خەت ـ ئالاقە ئەدەبىي ژانىرىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغان.

### 2 ـ مىسىر ۋە سۈرىيە

12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىگىرمە بەش يىلىدا سۈرىيە مىسىرنىڭ غەيرىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان فاتىمە سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ، شەرقتە ئىسكە كېلىۋاتقان سۈننى مەزھىپى كۈچلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىدى، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئەھلى سەلىپكە

قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئاز سانلىق يەرلىك يىلنامىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ھەربىي قانۇن، قورال ـ ياراغ، ئات ئويۇنى چەۋەندازلىقى، غازات قىلىشقا دائىر بىر تۈركۈم مۇھىم ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىكى بەيگىچى چەۋەنداز ئۇسامە ئىبنى مۇنقىز① (1085 ـ 1188) نىڭ تەرجىمىھالىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنى ئەينى زاماندىكى ئېسىل ھېكايىلەر كۆرگەزمىسى دېيىشكە بولىدۇ. سالاھىددىن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ سۇرىيە بىلەن مىسىرنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئەھلىي سەلىپنىڭ شەرققە قىلغان 3 ـ قېتىملىق يۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ ئىككى دۆلەتتە گۈللەنگەن يېڭى ئەسىر باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي پائالىيەتلەر، بولۇپمۇ نەزمە بىلەن تارىخ كەڭ راۋاج تاپتى.

مەيلى سۇرىيە ياكى مىسىردا بولسۇن، ئەزەلدىن يەرلىك داڭلىق شائىرلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. سوپى ـ سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار مەزھىپى ۋە ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش تۈپەيلىدىن (بۇ «مۇۋەششەھ» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيلىكى بىر مەزگىل ئۆسكەندى. ئېيتىلىشىچە، مەشھۇر ئىسپانىيە ـ ئەرەب سىرلىقلاشتۇرغۇچىلىرىدىن مۇرشىيالىق ئىبنى ئەرەبى② (1165 ـ 1240) «مۇۋەششەھ» نىڭ شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئورنىنى تىكلىگەن. ئەرەبى ئەسلىدە شائىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇشنىڭ ئەمرى ـ مەرۇپلىرىغا دائىر مۇھىم ئەسىرى «مەككە ۋەھىيلىرى» («فۇتۇھات مەككىيە») ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلىرى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. لېكىن، ئۇ ئۆزى بولسا شېئىرىيەتتە دۇنياغا تونۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەشھۇرى «ھېممەتلىك تەبىرچى» ناملىق

شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، شائىر بۇنىڭدا ھاياجانغا تولغان تىل ئارقىلىق سىرلىق تەجرىبىلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا سوپى مەزھىپىنىڭ سىمۋولچىلىقىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ قوللانغان. شۇڭا، ھەتتا مۇسۇلمان ئوبزورچىلارمۇ بۇ خىل سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ راستلىقىدىن قاتتىق گۇمانلىنىدۇ. ياۋروپالىق ئالىملاردا (گەرچە ئۇلار پارس شائىر ھاپىز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇنداق سىمۋولچىلىقى بىلەن ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ) دائىم خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شېئىرىيەتتە زېھنى جەھەتتىن ئەرەبىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سىرلىقلاشتۇرغۇچى شائىرى، دەپ تونۇلغان ھەم مەشھۇر پارس سىرلىقلاشتۇرغۇچىلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئومەر ئىبنى فارىز ③ (1181 — 1235) ئىدى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆلىمالاغا ئوخشاش، فارىزمۇ كىشىلەر ياقتۇرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۆز تەجرىبىسىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن، دائىم مۇنداق جۈملىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن:

> شائىرلار ئۆزىنىڭ پاناھى ئاللاسىنى تۈرلۈك ئىسىملار بىلەن ئاتايتتى ۋە مەدھىيىلەيتتى. ئاللا بىردەم ئەرەب كۆچمەن شائىرلىرى ئېلىدىكى ياغلىقلىق قەھرىمان بولاتتى؛ بىردەم بۇككىنە پاكى كارۋانغا ۋە پاكى كۆزى ئۆتكۈر مەرگەنگە ئوخشىتىلاتتى، لېكىن دائىم «ئۇ» دەپ ئاتىلاتتى. مەدھىيە شېئىرلىرىدا ئادەتتىكى لىرىكىلىق شېئىرلارنىڭ شەكلى، ئادىتى، تېمىسى ۋە ئوبرازى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ناھايىتى كەمدىن - كەم بولىدىغان شادلىق ھېسسىيات بىلەن ھەمىشە پەردە ئېتىلسىمۇ، لېكىن باشقىلار ئۇنى كۆپ قوبۇل قىلمايتتى ①.

ئىبنى فارىزنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى تاشقى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ

بەدىئىي ئۇسلۇبى، ستىلىستىكىسى، فانتازىيسى، قوش مەنىلىك گۈزەل تىلى، بەدىئىي جەھەتتىكى ماھارىتى مۇتەنەببىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نېپىز بىر شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇنىڭغا يىگىرمىگە يېقىن مەدھىيە شېئىرى ۋە قىسقا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى دائىم تەرجىمە قىلىنىدىغان «قەدەھ كۈيى» بىلەن ۋائىزلىق خاراكتېرىدىكى 760 مىسرالىق شېئىرى «سىرلىقلاشتۇرغۇچىلارنىڭ يولى» دىن ئىبارەت. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ سىرلىق تەجرىبىلىرى يېزىلغان بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى شېئىرىيىتىدە داڭلىق شېئىرلار قاتارىغا كىرىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ مەدھىيە شېئىرىدە تەسۋىرلەنگەن جەننەتتىكى خىيالىي مەنزىرە قىسمىدىن بىر كۇپلېت مىسال كەلتۈردۇق. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تىل ماھارىتىنى كۆرەلەيمىز:

تەلمۈرۈپ قالدىم قاراپ، ئۇ قىلىغاندا بۇندىن سەپەر،
گۈزەل ھۆسنىن جامالى، قارىسىغا سىبلىپ نەزەر...
ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنۇر ئۇد بىلەن نەيىنىڭ ئۈنى،
يەتكۈزۈپ قەلبىمگە قايناق بىر ناۋادىن ھەم خەۋەر،
مايىزاردا ئايلىنىپ ئوتلاپ يۈرەر ئاھۇ ئەنە،
سەگىدەپ گۈگۈم ئارا ئويناپ يەنە سۈبھى سەھەر،
كەڭ زېمىننىڭ ئۈستىگە گۈللەر يوپۇق سالغان گويا،
تاشلىغان بۇلۇت ــ شەپەق ئۇندا شەبنەم مىسلى زەر.
تاڭ سەنمى يەلپۈتۈپ شوخ ئەۋرىشىم كۆگلەكلىرىن،
خۇش پۇراق شېرىن ھىدىنى تارقىتار ھەريان بەدەر.
تەگكۈزۈپ نازۇك قەدەھكە لەۋلىرىنى بال يۇتۇپ،
تال تۆۋىدە ئولتۇرىمەن سورىسىڭىز ھالىمنى گەر.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك چاكىنا شائىرلارمۇ مەزمۇننى شەكىلگە بويسۇندۇرۇشتەك كەيپىياتتىن ۋاقتىنچە قۇتۇلدى، بۇ خىل كەيپىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتكىنىگە ئىككى ئەسىردىن كۆپ بولغانىدى. مىسىرلىق باھائىددىن زۇھەير (1258 ـ يىلى ۋاپات بولغان) شۇ چاغدىكى ئەڭ مەشھۇر ئوردا شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، ھېسسىياتى چوڭقۇر بولۇپ، ئاجايىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شېئىرغا مەلۇم دەرىجىدە غەرىبچە تۈس كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمانلار ئۇنى خىرىككە⑤ ئوخشىتاتتى.

### مەشۇقۇم ئەما قىز⑥

سۆيگىنى بىچارە ئەما قىز دېگەيلەر باشقىلار،
مەن دېگەيمەن شۇل سەۋەبتىن ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە يار:
ئىككى چەشمە كۆزلىرى بولغاچ بەسىر سۆيدۇم ئۇنى،
باشتىكى ئاپئاق چېچىمغا سەپ نەزەر قانداق قارار،
چىقسا خەنجەر غىلاپتىن قىلمىغى بولغاي يارا.
نە سەۋەب باقسام غىلاپقا قىپقىزىل قان يالتىرار.
سۆيگىنىم گويا گۈلىستان قوينىدا غۇنچە چېچەك،
ھاجىتىم يوق چەككىلى باغۋەن تۈپەيلى دىشۋار.
نىلۇپەر يۇمغان بىلەن گەرچە گۈزەل كۆز جامىنى،
ئەتىرگۈل تولدۇرۇپ باغنى، خۇش پۇراقلىق ھىد چاچار

سالاھىددىننىڭ تەرجىمھالى تەبىئىي تەزكىرە ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەققىتكى ئەڭ دەسلەپكى ئىككى تەزكىرىنى ئۇنىڭ

قول ئاستىدىكى كىشىلەر يازغان. «ئىسپاھانلىق كاتىپ»⑦ دەپ ئاتالغان ئىمائەددىن (1125 ـ 1201) ئىراقتا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەندىن كېيىن، دەمەشققە كەلگەن، كېيىن سالاھىددىنغا خۇسۇسىي كاتىپ بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇب، شىماللاردا جەڭدە بىللە بولغان، ئۇنىڭ ئىراقتىكى سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر بىرىنچى ئەسىرىدىن ھازىرغىچە پەقەت بىر تىزىسلا قالغان. ئۇنىڭ سالاھىددىننىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى يېرىم تەزكىرە خاراكتېرىدىكى يەتتە توملۇق كىتابىدىنمۇ ئىككى توملا قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك، ھەجمى ئىلگىرىكىدىن كىچىكرەك يەنە بىر تومى بار. ئۇنىڭدا ئېرۇسالىمنى قايتا ئېلىش ۋە ئەھلى سەلىپنىڭ 3 ـ قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلىشىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئىمائەددىن ۋە ئۇنىڭ باشلىقى، سالاھىددىننىڭ باش كاتىپى قازى پازىل (1200 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يەنىلا مۇشۇ ئەسىرنىڭ داڭلىق ئەدىبى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاممىباپ، گۈزەل نەسرىي شەكىل ئارقىلىق، سالاھىددىننىڭ تىلىدا داستان بولارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئىمادىددىننىڭ ئەسىرى دەمەشقلىق ئەبۇ شامە (1268 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يازغان رىسالىگە ئوخشاش بىرىنچى دەرىجىلىك تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سالاھىددىننىڭ ھەربىي سوتچىسى موسۇللۇق پاھائىددىن مەۋسىلى (1234 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇ سالاھىددىن توغرىسىدا ئانچە تەپسىلىي بولمىسىمۇ، لېكىن تەسىرلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھلى سەلىپنىڭ 3 ـ قېتىملىق شەرققە يۈرۈش قىلىشى مەزگىلىدىكى تەزكىرىسىنى يازغان.

شۇ دەۋردە يېزىلغان 3 ـ تەزكىرە سالاھىددىنغا قارىتا ئانچە دوستانە بولمىغان تەزكىرە. ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولغان

ئىبنىنى ئەسىر ( 1160 ـ 1234 ) ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخشۇناسلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ 1211 ـ يىلى پۈتتۈرگەن دەسلەپكى ئەسىرى «مۇسۇلدىكى ئاتا بەگ تارىخى» پۈتۈنلەي سالاھىددىنىنىڭ ئاساسلىق مۇسۇلمان رەقىبى مەيداندا تۇرۇپ يېزىلغان، ئۇنىڭدا سالاھىددىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەمسىتىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىسىغا خۇشامەت قىلىنغان. لېكىن، «تارىخىي كامىل» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرىدە ئۇنىڭ كۆزقارىشى بىرقەدەر لىللا بولغان. ئۇن ئىككى توملۇق بۇ ئەسەر ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئىسلام تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. دەسلەپكى ئۈچ ئەسىر ھەققىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرلەرگە پەقەتلا تەبەرىنىڭ يىرىك ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى ۋە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. «تارىخىي ئومۇمىي» نىڭ قىممىتى ئەسلى ئەسەردىن يوقىلىپ كەتكەن بەزى بابلارنىڭ توپلانغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ باشقا مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭكىدەك تەكرار، ئۆلۈك ئەمەسلىكىدە. «تارىخىي ئومۇمىي» دە گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخ توپلىغۇچىلارنىڭ ئۆلچەملىك ماتېرىيالى مەنبە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بۇ ئەسەرنىڭ ئۈن ـ تىنىشىمۇ بولمىغانىدى. شەرقشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ھەتتا گىببانغا[8] ئوخشاش نوپۇزلۇق ئەربابلارمۇ، كۆپۈتلۈق مەكىن[9] ( 1205 ـ 1273 ) ۋە خاما شەھىرىنىڭ تالانتلىق سۇلتانى ئەبۇل پىدا[10] ( 1273 ـ 1331 ) نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇ دەۋردىكى باشقا ئادەتتىكى ئەسەرلەرمۇ تارىخقا ئازدۇر ـ

كۆپتۈر ئالاقىدار، باغدادلىق دوختۇر، قامۇس شەكلىدە ئەسەر يازغۇچى ئابدۇللەتىپ باغدادى ( 1160 ـ 1231 ) نىڭ « مىسىر خاتىرىلىرى » ـ ئەرەب تىلىدىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئۆسۈملۈك رايونلىرى سىستېمىسى، ھايۋانات رايونلىرى سىستېمىسى، داڭلىق ئاسار ـ ئەتىقىلەر بايان قىلىنغاننىڭ سىرتىدا ( ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بەزىلەرنىڭ مىسىردىكى چوڭ ئېھرامنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىدەك بىرىنچى قول ماتېرىياللارمۇ بايان قىلىنغان )، 1200 ـ يىلدىن 1201 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مىسىردا يۈز بەرگەن زور ئاچارچىلىقتا قاھىرىدە كۆرۈلگەن ئادەم گۆشى يېيىشتەك قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى تىبابەتچىلىك تەتقىقاتىدىكى بەزى قىزىقارلىق ئىشلارمۇ خاتىرىلەنگەن.

ئىبنى خەللىكان ( 1211 ـ 1282 ) نىڭ « تارىخىي ئىبنى خەللىكان » ( « ۋاپات بولغان مەشھۇر ئەرەبلارغا دائىر مەلۇمات » ) ياۋروپا ۋە شەرقتە مەشھۇر. خەللىكان سۇرىيىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بارمىنج مىللىتىنىڭ مىمباختىلىنلار ئەۋلادى دەيتتى. ئۇ ئون نەچچە يىشىدا ھەلەبتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ياقۇت ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ياقۇت ئىشلىگەن ئادەم ئىسىملىكى لۇغىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بىر لۇغەت ئىشلىمەكچى بولغان بولسا كېرەك. ئۇ لۇغەتنىڭ مەلۇم جەھەت بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېزىش پىلانىغا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەن، پەقەت بىرىنچى، ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ۋە خەلىپىلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىلا قىسقارتىۋەتكەن، چۈنكى بۇ كىشىلەر توغرىسىدا ئاللىقاچان بىرمۇنچە تەزكىرىلەر يېزىلغان ( مەسىلەن، ئىبنى ئەسىرنىڭ « ئەجدىھا ـ

يولۋاسلار» ناملىق تەزكىرە شەكلىدىكى ئەسىرىگە پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىدا ئۆتكەن 7500 ساھابىي كىرگۈزۈلگەن). ماتېرىيالنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىرىۋەتكەن. خەلىلىكانىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى بىر تەرەپلىمە ھالدا سۆزنىڭ تۈزۈلۈش ئۈنۈمىنىلا قوغلاشقان ئۇسلۇبتىن خالىي ئىدى. ئۇنداق ئۇسلۇب كېيىنكى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نابۇت قىلغانىدى. لۇغەتتە ئەسلى ئەسەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەن قىسمى تولۇقلانغاندىن باشقا، رەسمىي تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر كىرگۈزۈلگەن ھەم بىرمۇنچە قىستۇرمىلار كىرگۈزۈلگەن، شۇڭا ئۇ ئوقۇغان كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئەسەر بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر ئەينىكى بولۇپ قالدى.

ياقۇت، خەلىلىكان ۋە ئىبنى ئەسىرنىڭ قامۇس تىپىدىكى ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ توپلاش تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ خىل يۈزلىنىش مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردە كلاسسىك تەتقىقات ۋە ئەدەبىي پائالىيەتتە توپلاش زور دەرىجىدە مۇستەقىل خاراكتېرلىك ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بىز قۇتپى [11] ( 1248 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ۋە ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئە [12] ( 1270 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) لەر تۈزگەن ئەدىبلەر ئىسىملىكى لۇغىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ھەقلىقمىز، بۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋردىكى تارىخ ۋە تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە ئىككى پارچە ئادەم ئىسىملىكى لۇغىتى ـ ئىبنى

ئەساكر ( 1176 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « دەمەشق تارىخى » بىلەن، ئىبنى ئەدىم ( 1176 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « ھەلەب تارىخى » دىكى ئادەم ئىسمىلىكى ھەققىدىكى قوشۇمچە مۆلچەردىكى ھەجىمدىن كۆپ دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتكەن. شۇڭا، ئالدىنقىسىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا نەشر قىلىندى، كېيىنكىسىنى نەشر قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى.

## 3 ـ سىتسىلىيە

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ ئۆكتەملىكى ئاستىدىكى سىتسىلىيە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ۋە يەردە بىر تۈركۈم ئەرەب تىلشۇناسلىرى ۋە شائىرلار مەيدانغا چىقتى، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا روشەن ئىسپانىيە تەسىرى بار ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئاتاغلىق شائىر ئىبنى ھەمدىس ( 1055 ـ 1132 ). ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن يۇرتداشلىرىغا ئوخشاش، نورماندىيىلىكلەر تاجاۋۇز قىلغاندا سىتسىلىيە ئارىلىدىن قېچىپ كېتىپ، موئتەمىد بىلەن بىرلىكتە سېۋىلىيىدە پاناھلىنىپ، ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل شېئىرلىرىنى شۇ يەردە يېزىپ قالدۇرغان. ھەمدىس كېيىنچە موئتەمىد بىلەن بىللە ماراكەشكە سۈرگۈن قىلىنىپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇنىسقا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەبىئەتكە بولغان سېغىنىش ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ « ئەرەب دۇنياسىنىڭ ۋوردسۋارتى » ⑬ دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشكەن.

نورماندىيىلىكلەر سىتسىلىيە ئارىلىنى يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇرغاندا، بۇ ئارالدىكى سارا سۇنلارنىڭ ⑭ تالانتى ئەرەب ـ

نورمان مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ زور راۋاجى ئىچىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. پۇتكۈل بىر ئەسىر ئىچىدە، سىتسىلىيە ئارىلىدىكى خرىستىئانلار پادىشاھلىقىدا غەلىتە ئەھۋال يۈز بەردى. ساراسۇنلارنىڭ ياشىشىغا يول قويۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئابروي بېرىلدى. ئەرەب تىلى ئوردىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىلنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ دەۋرنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنى قوغداش جەھەتتە سىتسىلىيە ئارىلىدىكى نورماندىلىقلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ قوغدالغۇچىلىرى ئىچىدە رۇجەر II ⑮ دەۋرىدىكى شەرىف ئىدرىسى ( ؟ — 1099 ) گە يېتىدىغىنى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىدرىسى ئاۋۋال ئىسپانىيىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلغان، كېيىن رۇجەر تەرىپىدىن پارمۇغا پادىشاھنىڭ جۇغراپىيە ئالىملىقىغا چاقىرتىلغان ۋە شاھزادىنىڭ ياردىمىدە ( بۇ شاھزادە ھەرقايسى ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن كۆزەتكۈچىلەر ئارقىلىق نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان ) 1154 ـ يىلى مەشھۇر جۇغراپىيىۋى ماقالىسى « قىزغىن تەكشۈرگۈچىنىڭ شادلىقى » نى يېزىپ چىققان، ئۇ ئادەتتە « رۇجەرنامە » دېيىلىدۇ. گەرچە ئاپتور ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ئەجدادلىرى ( مەسىلەن، مەقدىسى ) غا قارىغاندا بىرەر ئىشقا تېخىمۇ ئىشىنىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ كۆزقاراشلارنى ئىستراپۇ ⑯ نىڭكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

1154 ـ يىلدىن كېيىن، سۈرگۈن قىلىنغان سىتسىلىيىلىك كىشى ئىبنى زۇپەر ( 1169 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ۋاقتىنچە ئۆز يېزىسىغا قايتقان چېغىدا، شۇ چاغدىكى بىر ئەرەب ھۆكۈمرانىغا

« نوپۇزلۇقلارنىڭ تىنچلاندۇرغۇچى دورىسى » ناملىق بىر ماقالىنى تەقدىم قىلىدۇ . ماقالىدا مەخسۇس ئېتائەتمەنلىك ، سەۋر ـ تاقەت قىلىش قاتارلىق گۈزەل خىسلەت ئۈستىدە توختالغان بولۇپ ، شەكلى يەنىلا « قۇرئان » ۋە ھەدىس ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش ، شېئىر ۋە تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئوتتۇز تارىخىي ۋەقەدىن ئىبارەت . يېزىپ قالدۇرۇلمىغان تارىخىي ۋەقەلەر تېخىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، گەرچە ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا توقۇلغان قەھرىمانلار كىر گۈزۈلگەن ( روشەنكى ئۇنىڭدا خەلق ئىچىدىكى « كەلىلە ۋە دەمنە » ئاساس قىلىنغان ) ، شۇڭا ئۇلارنى تارىخىي ھېكايە دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق . ئىبنى زۇپەر بىر تۈركۈم نوقۇل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرىدە باتۇر باللار تەسۋىرلەنگەن ، بۇ ھازىرغىچە پارىژدا ساقلانماقتا .

### 4 ـ ئىسپانىيە

تۈركلەرنىڭ ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدە ئوينىغان رولى بەربەرلەرنىڭ ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدا ئوينىغان رولى بىلەن ئوخشاش بولدى . موراۋىدلەر — يېڭى بەربەر خانلىقى ئەرەب ئىسپانىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆلكىلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، 1091 ـ يىلى ئاندالۇزىيىنى بېسىۋالدى . بۇ يېڭى خانلىقنىڭ ئۆكتەملىكى بىلەن ئەدەبىيات گۈل ـ چېچەكلىرى خازان بولدى . بۇ دەۋردىكى ئەدىبلەر — توپلىغۇچىلارنىڭ ئاندالۇزىيە شېئىرىيىتى جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى

شۇ مەزگىلدىكى شائىرلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. 12 ـ ئەسىردە «مۇۋەششەھ» بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر خىل شەكىلدىكى شېئىر ــ زەجال [17] دۇنياغا كەلدى. «زەجال» مۇسۇلمانلارنىڭ تىروبادىل [18] مەزھىپىنىڭ نەزمىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، تىلى ئاممىباب، ئۇنىڭدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن سۈنئىي ياسالمىلىق يوق. ئىبنى قۇزمان (1159 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇ شېئىر شەكلىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى. قۇزمان ئۆز قوغدىغۇچىسىنىڭ مەردلىك بىلەن قىلغان ئىلتىپاتى ئارقىسىدا ئوردىلاردا مېھمان سۈپىتىدە ئەركىن يۈرەلەيتتى. «زەجال» ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدە ئومۇمىيۈزلۈك تارقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىدە خەلق ئىچىدىن ئېلىنىش، سۆزلەش ئارقىلىق يەنە خەلق ئىچىگە قايتۇرۇلۇش نەتىجىسىدە، ئاما ئارىسىغا كەڭ تارالغان، خەلق ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرغان، «زەجال» كاتالونىيە، پىلوۋانىس، ھەتتا ئىتالىيە شىۋىسىدىكى نەزمىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارقىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان، گەرچە بۇ خىل قاراشتا ئىختىلاپ زور بولسىمۇ.

12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غازالى مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئىلاھشۇناسى ئىبنى تۇمەرت (1130 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تەسىرىدە مۇراۋىدلەر ئىككىنچى بەربەرلەر خانلىقى ــ ئالمۇخاد مەزھىپى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. يېڭى ھۆكۈمرانلار ئەدەبىياتقا قارىتا تېخىمۇ كەڭ مەيدان قوللاندى. شۇڭا، كېيىنكى يېرىم ئەسىردە ئىسپانىيىنىڭ ئەدەبىيات پائالىيىدە يېڭى بىر دولقۇن مەيدانغا كەلدى.

يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك كىشىلىرى پەيلاسوپلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئىسپانىيە چېگرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن بەكرەك چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئىبنى

باجە [19] ( ئاۋبباس ) ئىسپانىيە پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئىجادچىسى ، ئۇ 1138 ـ يىلى ماراكەشتە ۋاپات بولغان . لېكىن ، ئۇنى بەربەر خانلىقىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ، ئۇنىڭ ۋارىسى ئىبنى تۇپەيل [20] ( 1185 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ئىدى . تۇپەيل ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى ھېكايىسى « مەرپەت ئوغلانىنىڭ ھاياتى » نى تەھرىرلەش بىلەن داڭق چىقارغان . ھېكايىدە يالغۇز ئارالدا ياشىغۇچى بىر دەرۋىشنىڭ تۇغما تالانتى ۋە ئابرويىغا تايىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ناھايىتىمۇ يۇكسەك پەلسەپە سەۋىيىگە يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئەۋلىيا كەبى يىراقنى كۆرۈش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ . نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭكىدەك ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى ئىنتايىن روشەن . يەنە بىر تەرەپتىن ئىبنى رۇشت [21] ( 1126 ـ 1198 ) نىڭ مەقسىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ھوقۇقىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغداش ئىدى . ئۇ ئارىستوتېل ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئاۋروئېس دېگەن ئىسمى بىلەن ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كاتولىك پەلسەپىسىگە بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلغان كىشىلەر ئۇچۇن چوقان كۆتۈرۈپ ، ئۇلارغا مەدەت بەرمەكچى بولغان . رۇشتنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى ، شۈبھىسىزكى ، ئارىستوتېل ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئىزاھاتىدىن ئىبارەت ؛ بىراق ، ئادەتتە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بەكمۇ ھەۋىسىنى قوزغىغىنى ئۇنىڭ غەززالىنىڭ پەيلاسوپلارغا قارشى يازغان بەس ـ مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسىرىگە بەرگەن قاتتىق تەنقىدى ۋە جاۋابى ( ئۇ بۇ ئەسەرلەرنى « رەزگىنىڭ رەزگىسى » دەپ ئاتىغان ) ھەم پەلسەپە بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بەزى رىسالىلىرىدىن ئىبارەت . ئۇ دەسلەپكى مۇنازىرىدە ئىسپاتلاپ ، « قۇرئان » دا

كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى دائىم تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى لازىملىقى، جۈملىدىن، بۇنداق تەتقىقاتتا ئاقىلانە بولۇشى تەۋسىيە قىلىنىغانىكەن، ئۇنداقتا لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي تەلىم ـ تەربىيىنى يۇكسەك سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ. رۇشد بۇ خىل ئەقلىي خۇلاسىگە ئاساسەن، تېخىمۇ دادىللىق بىلەن: پەلسەپىۋى ھەقىقەت بىلەن ئىلاھىي ھەقىقەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق زىددىيەتنى، ئىلاھىي ھەقىقەتكە ياتىدىغان مەسەل ـ چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسەن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ: ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ، پەيلاسوپ (بۇنى تەربىيە كۆرمىگەن ئامما قىلالمايدۇ) تەربىيە كۆرمىگەنلەرگە يەنى ئىلاھشۇناسلارغا بۇنداق ھەقىقەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشى ھەم بۇ ھەقتە تەربىيە بېرىشى لازىم مەسىلەن، ھەممىگە مەلۇم بولغان كەنئانىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەقىلچى دېيىشىدۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئالىملىرى بۇنداق پىكىرنى تۈزىتىش كېرەك، دەپ قارايدۇ، مۇرشىيالىق ئىبنى سەبئىن ㉒ (1269 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىسپانىيە ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالىمى، جۈملىدىن ئەرەبلەرنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيلاسوپى. ئۇ فرىدرىخ II نىڭ پەلسەپە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى مەكتۇپلىرى (بەزىلەر ئۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ) بىلەن داڭق چىقارغان. سەبئىننى پەيلاسوپ دېگەندىن كۆرە سىرلىقلاشتۇرغۇچى دېگەن تۈزۈكرەك. ئۇنىڭ كەسپداشلىرى ئۇنى «سوپى مەزھىپىنىڭ پەيلاسوپى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان» ئادەم دەيدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى تارىختا ئاساسلىقى تەزكىرە تىپىدىكى ئەسەرلەر بىر قاتار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر

ھېسابلىنىدۇ. 13 ـ ئەسىردە، ئاندالۇزىيىدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئاساسلىقراق بولغان ئەرەب كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتلىك ئىبنى سەئىد (1274 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىدى. ئۇ شائىر ھەم تارىخشۇناس، جۇغراپىيىشۇناس ھەم نوقۇل ئەدىب بولۇپ، ئۇ تۈزگەن يىلنامىنىڭ بىر قىسمى ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. سەئىد يەنە بىر ئەدەبىي توپلام تۈزگەن بولۇپ، ئىسپان تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۇنى «ئەرەب ئاندالۇزىيە شېئىرىيىتىنىڭ ئاخىرقى مىراسى» دەپ ئاتىغان.

ئاندالۇزىيىلىك ئەرەبلەرنى ئەسلىدە ئۇزىنىڭ شەرقتىكى ۋەتىنىدىن ئۇزاق قۇرۇقلۇق يولى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ يول ئەرەب قەبىلىلىرى شىمالىي ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، كېيىنچە شەرق ـ غەرب ئوتتۇرا دېڭىز يولىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن (بۇ ئەھلى سەلىپنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتى) 12 ـ ئەسىردە ئاندالۇزىيىدىكى ئەرەبلەرنىڭ شەرقتىكى ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندىكى غېرىبلىق ھېسسىياتى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئازايدى. سەۋەبى مۇسۇلمانلار دائىم (قىلىچە قىينالماي) خرىستىئانلارنىڭ سودا كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ، سۇرىيە، مىسىر ئوتتۇرىسىدا قاتنىيالايدىغان بولدى. ئاندالۇزىيىلىك ساياھەتچىلەرنىڭ شەرققە بارغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلاردىن گارانادالىق تەۋەككۈلچى ئەبۇھامىد غەرناتى (1170 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ۋېنگرىيە، شەرقىي ياۋروپادا يەتتە يىل تۇرغىنىدەك ئەھۋال ناھايىتى ئاز، دەرۋەقە، ئۇنىڭ زىيارەتكە بېرىشتىن مەقسىتى، مەككىدە ھەج قىلىش ئىدى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئاندالۇزىيىدە قىلغان ساياھىتى ھەققىدىكى مەشھۇر كىتابى مەيدانغا كەلگەن. فرانسىيە شائىرى ۋە ھەدىسشۇناس

ئىبنى جۇبەير (1145 ـ 1217) 1183 ـ يىلىدىن 1185 ـ يىلىغىچە بولغان ئۇنجى ھەج سەپىرىدىن بىر ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ، گىرانادىغا قايتقاندىن كېيىن دەرھال نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب ھەج قىلغۇچى ھاجىلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ قالغان. ھېكايىلەر تەسىرلىك بايان قىلىنغانلىقى سىرتىدا، مىسىر، ھىجاز، سۇرىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي بايان بېرىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ كىتاب مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولغان. بۇ كىتابتىكى ۋەقەلىكلەر غەربتىكى ساياھەتچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولۇپلا قالماستىن، شەرقتە جۇبەيرنىڭ ئوقۇغۇچىسى شەرىشىمۇ ئۆزىنىڭ (ئەرەبچە «شەرىشدىن كەلگەن ئادەم» دېگەن مەنىدە) ھەربىرى ھېكايىلىرى توپلىمىغا يازغان شەرھى كىتابىدا، بۇ كىتابتىكى ۋەقەلىكلەردىن نۇرغۇن ئىستاتا ئالغان ۋە ئۇنى تاللاپ كىرگۈزگەن. بۇ كىتابنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك قىسمى مەككىدىكى ھەج قائىدىلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي خاتىرە بولۇپ، بۇ قىسمىنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. تۆۋەندە بېرىلگەن دېڭىزدىكى قارا بوران ھەققىدىكى بىر ئابزاس تەسۋىر ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**چارشەنبە، تاڭ يورۇش بىلەنلا بوران چىقىپ، دېڭىز داۋالغۇشقا باشلىدى. بوران بىلەن يامغۇر قوشۇلۇپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇنىڭ قۇدرىتى گويا ئوقيادا ئوخشايتتى، ھەممىمىز خاراپلىشىپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق. كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇرۇلغان دولقۇن خۇددى يۆتكىلىۋاتقان تاغ چوققىسىغا ئوخشايتتى. بىز كېچىچە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئازابلاندۇق، ئەتىسى ئەتىگەندە ئەھۋالنىڭ سەل ـ سەل يېنىكلىشىشىنى ئۈمىد قىلغان بولساقمۇ، لېكىن بوران تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. دولقۇن ئاسمان پەلەك ئۆرلەيتتى. جاھان قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى. بوران ئارىلاش يامغۇر شۇنچە قاتتىق ئىدىكى، كېمىنىڭ**

يەلكەننى تۇختىتىۋېلىش مۇمكىن بولمىدى، ئەمدى بىردىنبىر چارە كېمىنىڭ مومىسىدىكى كىچىك يەلكەننى ئېلىۋېتىشلا ئىدى. لېكىن، ئۇنى تۇتۇشىمىز بىلەنلا قارا بوران كېلىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. ھەتتا مومىسىمۇ سۇندۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا كىشىلەرنىڭ قەلبى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەنىدى. مۇسۇلمانلار ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ دۇئا قىلىشاتتى ... شۇ تەرىقىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزدۇق. كەچ كىرگەندە، بوران بىر ئاز پەسىيدى. بىز بىر يەلكەندىن زىيان تارتقان بولساقمۇ، كېمىلەر يەنە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى ... بىز دەككە - دۈككە ئىچىدە يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا خۇدا تىلىكىمىزنى ئوڭ قىلدى. بۇلۇتلار تارقىلىپ ھاۋا ئېچىلدى. ئاخىر بۇلۇت ئىچىدىن كۈن يۈز ئاچتى، دېڭىز تىنچىشقا باشلىدى. كىشىلەر خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلدى، دېمەك ھەممىلەن ئىشەنچكە تولدى - خۇداغا شۈكرى، خۇدا ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلدى!

## ئىزاھاتلار:

① ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خەلىپىلەر زورلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلارنى سېلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار 8 - خەلىپىدىن باشلاپلا، پارسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەردىن ئەسكەر ئېلىپ مۇھاپىزەت قوشۇنى قۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. كېيىنچە فېئودال ئۇششاق خاقانلار بۆلۈنۈپ ئىگىلەش ۋاقتىدا، خان قوشۇنلىرى ئاساسەن تۈركلەر ۋە قۇللاردىن ئارىلاش تەشكىللەنگەندى. تۈركلەر قوماندانلىق قىلدى.

② مىنتوئىن (1533 - 1592) — فرانسىيىلىك ئەدىب.

③ تولۇق ئىسمى جالالىدىن سۇيۇتى، 1505 - يىلى قاھىرىدە ۋاپات بولغان. گۈزەللىك پىللىرى پېتىملىكتە ئۆتكەن. ئەرەب ئەللىرى ۋە ھىندىستاننى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ بىر جانلىق قامۇس بولۇپ، تارىخ، دىن، ئەدەبىيات، تىل ساھەلىرىدە ئۈچ يۈز نەچچە ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدە «پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل» دېگەن ئەسىرى خېلى داڭلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

④ بەيداۋى ــ «قۇرئان» غا تەپسىر بەرگەن ئۆلىما بولۇپ، 1286 ــ يىلى بېيدا (بۈگۈنكى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدا)ـ دا تۇغۇلغان.

⑤ بەدىئۇززامان ــ ھەمەدانى.

⑥ ياقۇتنىڭ «ئىلشات» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. ئەگەر كىتابخانلار «مۇغامەت» نىڭ ئىجاد قىلىنىش تارىخى ۋە ھەرىرىنىڭ بوزەك قىلىنىشى ھەم ئاخىرىدا غەلىبە قىلىشى بىلەن تونۇشماقچى بولسا، تەممام چاتارىنىڭ «مۇغامەت» نىڭ ئالدىنقى يىگىرمە ئالتە كۆپلېتىنى تەرجىمە قىلىشتا يازغان كىرىش سۆزىنى ئوقۇسا (جەمئىي ئەللىك كۆپلېت) بولىدۇ ــ ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى.

⑦ سەككاكى (1160 ــ 1229) ــ شائىر، ئەدىب، تىلشۇناس. ئۇ خارەزىمدە تۇغۇلغان. «ئىلىم ـ پەن ساۋاتلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان.

⑧ تەغرائى (1061 ــ 1121) ــ خەتتات. سەلجۇق مەسئۇت پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا شائىرى.

⑨ ئىبنى جەۋزى (1116 ــ 1200) ــ باغدادتا تۇغۇلغان. ھەنبەل مەزھىپىنىڭ قازىسى.

⑩ نەسەۋى (؟ ــ 1241) ــ تارىخشۇناس. پارس قان سىستېمىسىدىن.

⑪ ھەلەب ــ سۈرىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قەدىمكى چوڭ شەھەر ـ ت.

⑫ ئۇسامە ئىبنى مۇنقىز ــ ئەرەب بەيگىچىلىرى ئىچىدىن چىققان ئەدىب ۋە تارىخشۇناس.

⑬ ئىبنى ئەرەبى ــ ئىسپانىيىنىڭ مۇشىخ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. تۆت يۈزدىن كۆپ ئەسىرى بار. ئۇ «ئاقساقاللار ئاقساقىلى» دەپ ھۆرمەتلەنگەن.

⑭ ئۆمەر ئىبنى فارىز ــ قاھىرىدە تۇغۇلغان. ئابباسىلارنىڭ لىرىكىلىق شېئىر يازغۇچى مەشھۇر شائىرى. ئۇنىڭ «سىرلىقلاشتۇرغۇچىلار يولى»، («نەزمە سۇلۇك») ناملىق مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى بار. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ئىزاھات يازغان. ئۇنىڭ يەنە «قەدەھ كۈيى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

⑮ نىكسوننىڭ «ئىسلام دىنىدىكى تەساۋۋۇپ ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى ــ ئەسلى ئىزاھات.

⑯ خېرىك (1519 ــ 1675) ــ ئەنگلىيە شائىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

⑰ ئەرەبچە ئەسلى شېئىرنىڭ تېمىسىدىكى «مەشۇقۇم» دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلدى.

⑱ ئىسپاھان ــ ئىراننىڭ قەدىمكى شەھىرى. ئىمائەددىن ئىسپاھانى شۇ

يەردە تۇغۇلغان.

⑲ ئېدۋارد گىببان (1737 ـ 1794) ــ ئەنگلىيە تارىخشۇناسى. «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى» نىڭ ئاپتورى.

⑳ مەكىن ــ مىسىر خرىستىئان تارىخچىسى، ئۇنىڭ «قەدىمكى تارىخى» (مىلادى 6 ـ ئەسىرگىچە) ۋە «مۇسۇلمانلار تارىخ» (مىلادى 6 ـ ئەسىردىن 1260 ـ يىلىغىچە) دېگەن ئەسەرلىرى بار.

㉑ يىدا ــ تارىخشۇناس، جۇغراپىيە ئالىمى، موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. «جۇغراپىيە لۇغىتى»، «ئىنسانىيەتنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

㉒ قۇپتى ــ تارىخشۇناس، ئەدىب، ئۇ ماتېماتىكا ئاسترونومىيە ۋە گېئومېترىيە كىتابلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتناشقاندىن كېيىن، سۈرىيە پادىشاھى ئەزىزنىڭ ۋەزىرى بولغان.

㉓ ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئە (1203 ـ 1270) ــ دوختۇر. دەمەشىقتە تۇغۇلغان. ئۇ تۈزگەن «تىببى ئىلىم جەۋھەرلىرى» گە تارىختىكى مەشھۇر تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ سۆزى كىرگۈزۈلگەن.

㉔ ۋوردسۋارت ۋىلىيام (1770 ـ 1850) ــ ئەنگلىيە شائىرى.

㉕ ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپالىقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنى شۇنداق ئاتايتتى.

㉖ رۇجېر (1095 ـ 1154) ــ سىتسىلىيە پادىشاھى، ئۇ تەختتىكى ۋاقتىدا يۇنان ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆزئارا ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئىنتايىن راۋاجلانغان.

㉗ ئىستارابو (مىلادىدىن بۇرۇنقى ؟ 58 ـ 25 يىللار) ــ يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى، «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدە ئەرەب دۆلەتلىرى ئۈستىدە توختالغان.

㉘ «مۇۋەششەھ بىلەن زەجەل» ــ خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا خەلق شېئىرى ئاساسىدا يېزىلىدۇ. ئۇ ئىسپانىيەدە دۇنياغا كەلگەن. زەجەلنى بىرىنچى بولۇپ ئىبنى قۇزمان ئەدەبىي سەۋىيىگە كۆتۈرگەن.

㉙ 11 ـ ئەسىردىن ــ 13 ـ ئەسىرگىچە فرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا ۋە ئىتالىيەدە باش كۆتۈرگەن لىرىكىلىق شېئىر يازىدىغان شائىرلار مەزھىپى.

㉚ ئىبنى باجە ــ ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى. ئىسپانىيەنىڭ زىلگۇس دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1138 ـ يىلى ماراكەشنىڭ خىس دېگەن يېرىدە باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاۋروپىستىكى تەسىرى ئىنتايىن زور ئىدى. باجە تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ساھەلىرى بىلەن ئىنتايىن تونۇش ئىدى. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىزاھات يازغان.

⑪ ئىبنى تۇپەيل ( ؟ — 1185 ) — يازغۇچى، پەيلاسوپ ۋە سىياسون، ئۇ ماتېماتىكا ۋە تىبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئالىي دەرىجىلىك يۇقىرى ئەمەلدار بولغان. «ھايي ھەققىدە ھېكايە» ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

⑫ ئىبنى رۇشىت — يەنە بىر ئىسمى ئاۋروئېس، ئەرەب پەيلاسوپى، ئىسپانىيىنىڭ كوردوۋا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. دىنىي قانۇن، شېئىرىيەت، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيىنى تەتقىق قىلغان. 1182 - يىلى ئىبنى تۇپەيل ئۇنى مەۋھىدون خانلىقىنىڭ پادىشاھى يېگىنىگە تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم پادىشاھنىڭ شەخسىي دوختۇرلۇقىغا بەلگىلەنگەن. كېيىن كوردوۋا شەھىرىدە قانۇن ئەمەلدارى بولغان. غەربلىكلەر ئۇنى «ئىزاھاتچى» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىگە ئىزاھات يازغان.

⑬ ئىبنى سەبئىن ( 1216 — 1270 ) — پەيلاسوپ، سوپىي مەزھىپى پەلسەپىسىنىڭ ئىجادچىسى، مەككىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

# 7 ـ باب

## مەملۇك دەۋرى

( مىلادى 1258 ـ ، 1800 ـ يىللار )

موڭغۇللارنىڭ غەربىي ئاسىيانى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ۋەيران قىلىشى مىلادى 1258 ـ يىلىدىكى باغداد شەھىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشى ۋە مۇستەقىل خەلىپىلەر خەلىپىلىكىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا تارمار قىلىنىشى بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى ، لېكىن ئۇزاقتىن بۇيانقى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كەتمىگەنىدى . شەرقتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۆلۈنۈپ ، تەنھا ، كۆندىن ـ كۈنگە پارچىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت رايونى بولۇپ قالدى . پېرسىيىدە كونا مەدەنىيەتنىڭ گۈمران بولۇشى داۋامىدا پارسلارنىڭ ھېسسىياتىنى تامامەن پارس تىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى . ئۇنىڭ تارمىقى بولغان يېڭى زېمىن ئاناتولىيە ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىدىمۇ بۇ مەدەنىيەت راۋاجلىنىپ ، تۈرك ۋە ھىندى ئاھالىلىكىگە ئىگە مىللىي ئەدەبىيات بولۇپ قالدى . مىسىر ( ئۇنىڭغا قاراشلىق دۆلەت سۈرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) موڭغۇللار ۋە ئەھلى سەلىپنىڭ قوش زۇلمىدىن غەلىبىلىك ھالدا قۇتۇلۇپ ، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ شەرقتىكى بىردىنبىر ۋارىسى بولۇپ قالدى . ئىراقتا بولسا ، پەقەتلا بىر ـ ئىككى شائىر ، بىرنەچچە پارچە يەرلىك يىلنامە ، بەزى باشلانغۇچ ، ئاممىباپ سىياسىي ، ئەخلاقىي تەلىمات تىزىسلىرى ۋە « پەخرى » ناملىق ئىسلام دىنىي تارىخىلا ①ئەرەب مەدەنىيىتىگە

ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇپ قالدى. ئىلاھىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ئاساسەن ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىلمىي تارماقلار ئەدەبىيات تارىخىدا ئاللىقاچان ئۆز ئورنىنى يوقاتقانىدى. ساياھەتچى ئىبنى بەتتۇتە ② ئەرەب تىلى تەتقىقاتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىش ئەھۋالىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئۇ 1327 ـ يىلى بەسرىدە ساياھەت قىلىۋاتقىنىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى.

《 مەن بىر كۈنى مەسجىتتىكى جۈمە نامىزىغا باردىم. ئىمامنىڭ سۆزىدە بىرمۇنچە روشەن گىرامماتىكىلىق خاتالىقلار باردى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. كېيىن بۇ ھەقتە قازى بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا، بۇ شەھەردە گىرامماتىكا بىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش. شۇنى، ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك خۇدا! بەسرە ئەرەب گىرامماتىكىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى سىبۋەينىڭ يۇرتى، ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەر گىرامماتىكىغا كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ بەسرىدىن ۋەز ئېيتقاندا خاتا سۆزلىمەيدىغان بىرەر ئىمامنىمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ!

بۇ باپتا مىسىرنىڭ تۈرك ۋە ساكسىنلار ھەربىي دەرىجە تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دەۋرى سۆزلىنىدۇ. بۇ ھەربىي ھۆكۈمرانلار مەملۇك ③ (ئاق قۇللار) دېيىلىدۇ. بۇ بەش يېرىم ئەسىرنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن، 1258 ـ يىلدىن 1517 ـ يىلغىچە مەملۇكلەر مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇپ تۇردى، مىسىر ئۈزلۈكسىز تۇردە قوزغىلاڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستان بىلەن بولغان سودىدا نۇرغۇن ماددىي بايلىققا ئىگە بولدى. بىراق، ئوسمانىلار مىسىرنى بېسىۋالغان يىلدىن ئېتىبارەن مىسىردا ئومۇميۈزلۈك كاساتچىلىق باشلاندى.

ئەدەبىيات سىياسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك . ئۇ چاغدا ئەسەرلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى . لېكىن ، ئىجادىيەت سۈپىتى ، كەيپىياتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بولسا ، باشتىلا ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى . 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇ تامامەن تۈگەشتى .

### 1 ـ 1258 ـ ، 1517 ـ يىللاردىكى مىسىر ۋە سۈرىيە

مەملۇك دەۋرىدە پەقەت بىرلا شائىر ، يەنى بەربەرلىك بۇسىرى ④ ( 1212 ـ 1296 ) ئۇزاقىچە شۆھرەتكە ئىگە بولدى . ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز . ئۇنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى ، ئۇ پەيغەمبەرنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنى مەدھىيىلەيتتى . بۇسىرى يازغان « بۇردە » ⑤ دا ، چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەنلىكى ، مۇھەممەدنىڭ بۇردىنى ئۆزىنىڭ ئۈچىسىغا يېپىپ قويغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن ساقايماس پالەچ كېسىلىنىڭ مۆجىزىلەرچە ساقىيىپ كەتكەنلىكى ئەسلىنىدۇ . بۇ ئەسەر ناھايىتى تېزلا كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى . شۇنىڭدەك ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك ئاجايىپ قۇدرىتى بىلەن ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە . گەرچە بۇ كىتابنىڭ ئۆزى ئانچە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ ، « بۇردە » ـــ « قەسىدە » بولۇپ « ناسىپ » شەكلىدە يېزىلغان ، ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى بىر ئابزاستىن كېيىن ، ئاساسىي تېمىغا كۆچىدۇ . شېئىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە سوپىلار مەزھىپىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ( بۇنىڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە خۇشاللىنارلىق ئاددىي ـ ساددا ئۇسلۇب بارلىققا كەلدى ) . بىزنىڭ

قىزىقىدىغىنىمىز، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەيغەمبەرلەرگە دائىر
رىۋايەتلەر تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇ چاغدىكى ئىنتايىن كۆپ جۇغراپىيىلىك ھۆججەتلەرگە
كەلسەك، بىز ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قارىسىغا ئىشلەيدىغان
جۇغراپىيىشۇناسلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز. ئۇلار تۈرلۈك
يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللاردىن بەزى چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەلدەمەشقى (1327 ـ يىلى ۋاپات بولغان) گە
ئوخشاش يېقىن تۇغقانلىرى، كائىنات تەتقىقاتچىلىرى ئۈستىدىمۇ
توختالمايمىز، چۈنكى ئۇلار مۆجىزە يارىتىش كويىدا بولغاچقا،
ئەسەرلىرىدە تەتقىقاتقا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك پاكىتلار كەمچىل،
ئەبۇل پىدانىڭ مەشھۇر جۇغراپىيە ئىلمىي ئۈستىدىمۇ
توختالمايمىز، چۈنكى ئۇ تېتىقسىز ئىلمىي جۇغراپىيىلىك سان ـ
سىفىرلار بىلەن تولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تامامەن ئەكسىچە،
رولچىلار ۋە دېڭىزچىلارنىڭ ھىندى ئوكياندىكى قاتنىشىدا زورۇر
بولغان تېخنىكىلىق قوللانمىلار مەيدانغا كەلدى. بۇ قوللانمىلاردا،
ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇزۇن ـ قىسقا تۇراقلىق
نەزمىلەر قوللىنىلغان. مەدىنىلىك ئاتاقلىق كېمىچىنىڭ ئوغلى ئىبنى
مەجىت 1489 ـ يىلى مۇشۇنداق بىر شېئىرىي كىتاب ۋە پارچە
نەسرىي ئەسەر يازغان. مەجىتنىڭ ئۆزىمۇ ئاتاقلىق
كېمىچى (رىۋايەتلەرگە قارىغان ئۇ پاسكوداغاماغا ⑥ يول
باشلاپ، ئافرىقىدىن ھىندىستانغا ئېلىپ بارغان) ئىدى. ئۇنىڭ بۇ
ئەسەرلىرى تېخى يېقىندا تۇنجى قېتىم تېپىلدى؛ بىللە تېپىلغان
ئەسەرلەر ئىچىدە، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك يېزىلغان كەڭلىك
گىرادۇسىنى كۆرسىتىشكە دائىر بىر تۈركۈم ماقالىلارمۇ بار.
بۇنىڭدىن باشقا خاس ئىجادچانلىققا ئىگە جۇغراپىيىلىك
ئەسەرلەردىن بىر قېتىملىق يەر ئۆلچەش ۋە « ئەنگلىيىنىڭ يەر

ئۆلچەش رىسالىسى » غا ئاساسەن 1315 ـ يىلى تۈزۈلگەن مىسرنىڭ يەر شەكلىگە دائىر تەپسىلىي بايانى بار. ئىشلىتىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەر دائىم قىسقارتىۋېتىلەتتى. مەسىلەن، قەلقەشەندى ⑦( 1418 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ كاتىپلىرى قوللانغان مەزمۇنى كەڭ بولغان كومپاس ھەققىدىكى قوللانمىدا شۇنداق قىلىنغان. ئەسەر ئەدەبىي خاراكتېرلىك ئۇزۇن مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە خەتتاتلىقتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر، يول يۈرۈش، يەرنىڭ ھەجمى قاتارلىق تېخنىكىلىق تەپسىلاتلار سۆزلىنىدۇ، ئاندىن ئاپتور مىسىر، سۇرىيە ياكى باشقا مۇسۇلمانلار ياكى غەيرىي مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى بابلارغا كۆچىدۇ. بۇ مىسىرنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى، سىياسىي ئورگانلىرى، پوچتا لىنىيىسى، خەۋەرچى كەپتەرلەر بېكىتىنىڭ تارقىلىشى، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى، چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن خەت ـ چەك ئالماشتۇرۇش قائىدىسى، ئۇنىڭدىن باشقا، خەت ـ ئالاقە ۋە ھۆججەت تۈزۈمى، ھۆججەتلەردىن نەقىللەر، ئارخىپ قالدۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىق خىلمۇ خىل نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ماتېرىياللاردىن 14 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا دائىر ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق.

ۋىزانتىيە دەۋرىدە ئەرەب ئەدەبىياتىدا بىرمۇنچىلىغان قامۇس ۋە تەزكىرىلەر دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن ھەتتا ئالدىنقى دەۋرلەردىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. تەزكىرە جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى زەھەبى ( 1348 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ « ئىسلام تارىخى » بىلەن سەپادى ⑧ ( 1363 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ كۆپ توپلاملىق لۇغىتىدىن ئىبارەت. بۇ

ئىككى مەشھۇر ئەسەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا نەشىر قىلىندى. بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ مەقسىتى ئالدىنقى يەتتە ئەسىردە ئۆتكەن زاتلار ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەزكىرە يېزىش ئىدى. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالدىنقىسىدا يىللار بويىچە رەتكە تىزىش شەكلى قوللىنىلغان، «لۇغەت» ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلغان. تارىخشۇناس ئىبنى ھەجەر (1449 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يۈز يىللىق خاتىرىگە بېغىشلاپ لۇغەت تۈزۈشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇسۇلنى تونۇشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە 8 ـ ئەسىردە (مىلادى 14 ـ ئەسىردە) ۋاپات بولغان مەشھۇر كىشىلەر ئۈچۈن تۆت توملۇق ئەسلىمە يازغان، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تاللانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سۇلتانلىرى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەزىرلىرى، ئەمەلدارلىرى، ھەربىي باشلىقلىرى، ئالىملىرى، ئەۋلىيالىرى، شائىرلىرى سۆزلەنگەندىن سىرت سودىگەرلەر، شاھماتچىلار، ھەتتا بىر ـ ئىككى قاراقچىمۇ بار. كېيىنكى بىر ئەسىردە ساخاۋى (1497 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئون ئىككى توملۇق بىر لۇغەت تۈزگەن. ئۇنىڭ 12 ـ تومىغا مەخسۇس مەشھۇر ئاياللار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قىممەتكە ئىگە قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرلەرگە يەنە قەلقەشەندىنىڭ ئون تۆت توملۇق «توپلام» ى بىلەن دەمىرى ® (1405 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ھايۋانات لۇغىتىمۇ كىرىدۇ. كېيىنكىسى بولسا ھەم ئەسەبىي ئەسەر، ھەم تەبىئىي پەنگە دائىر ئەسەر بولۇپ، قىممەتلىك بىلىم مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، قامۇس شەكلىدىكى مۇنداق توپلاش ئىشى مەلۇم ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنى تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ مەھسۇلاتى دېگەندىن كۆرە، تىرىشچانلىقنىڭ جەۋھىرى دېگەن

ياخشىراق. ئۇزاق مەزگىل توختاپ قالغان ئىلاھىيەت ئىلمى، قانۇنشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق ساھەلىرىدە تېخنىكلىق ئەسەردىن ئالتىسى مەيدانغا چىقتى، ئىدىيە جەھەتتىكى خاسلىق ئىنتايىن قىزىقارلىق ھالدا ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغان يەردىن بۆسۈپ چىقتى. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ كەۋدىلىك كىشى دەمەشقلىق دىنىي مۇتەپەككۇر ھەم يېتەكلىگۈچى ئىبنى تەيمىيە ⑬ (1328 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولدى. تەيمىيە سۇلتاندىن، دوختۇرلاردىن، قامىلىشتىنمۇ قورقماي، قايناق مۇنازىرىدە سوپىلار مەزھىپىنىڭ خۇراپاتلىقىغا ۋە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملارنىڭ قاتماللىقىغا قارشى تۇردى. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋاخابىيۇنلار ئىچىدە قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولدى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ تالانتى كىشىلەر تەرىپىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ماختالماقتا.

مەملۇك دەۋرىدە، كىشىلەرگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئەسەرلەر تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە مەركەزلەشكەن، بۇ دەۋردە ئۇلۇغ تارىخشۇناسلار پېرسىيە ۋە تۇنىستىن ⑭ چىققان بولسىمۇ، بىرمۇ دۆلەتتە 14 ـ، 15 ـ ئەسىردە مىسىر ۋە سۇرىيىدىن چىققاندەك بىر قاتار ھەقىقىي تارىخچىلار چىققان ئەمەس، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە مۇھىم ئەسەرلىرىنى مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق نۇرغۇن سەھىپىنى ئىگىلەپ كېتىدۇ. ۋەكىل سۈپىتىدە پەقەت بىرنىلا مىسالغا ئالايلى. مەقرى (1346 ـ 1442) نى ئۇز زامانىسىدىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا (بەلكى ئانچە خاسلىق ياكى تەنقىدىي كۆزقاراشقا ئىگە ئەمەس، ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش جەھەتتە ئوخشاشلا ئەخلاقلىق ئەمەس بولسىمۇ)، ئۇ قىزىقىشىنىڭ ئەتراپلىقى تۈپەيلىدىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماي تارىخ ۋە ئىقتىساتقا دائىر ماتېرىياللارنى

تۇپلاش ۋە رەتلەش بىلەن نام چىقارغان. مەقرى مىسىر ھەققىدە بىر يۈرۈش پايدىلىنىش كىتابى تۈزۈش ئۈستىدە بولۇپ، بۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىگىرمە يىللىق زېھنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ بىزگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇردى؛ ئۇلار: مىسىرنىڭ يەر شەكلى توغرىسىدىكى ئىنتايىن تەپسىلىي ماتېرىيال (ئىسمى «خىتاتۇ»)، ئۇنىڭدا مىسىرنىڭ قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتلىرى يېزىلغان؛ فاتىمە دەۋرىدىكى «ئۆۋرتىبال» تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار، ئەپسۇسكى، بۇ ماتېرىيالنىڭ ئاخىرقى قىسمى يوقىلىپ كەتكەن؛ ئەيۇبى [12] خانلىقى بىلەن مەملۇك خانلىقى (سۇلۇق) نىڭ 1440-يىلىغىچە بولغان غەيرىي رەسمىي تارىخى. مىسىرنىڭ ئادەم ئىسمىغا دائىر بىرنەچچە توملۇق لۇغىتىنىڭ تۈگىمىگەن ماقالىسى — بۇنىڭغا تۈزۈلگەن پىلان شۇنچىلىك زوركى، ئۆز كۈچى بىلەن مۇناسىپ ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كەلسە (پۇل چىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەققەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي تېمىدىكى بىرنەچچە مەخسۇس تېمىلىق ئىلمىي ماقالىدىن ئىبارەت.

يەنە بىر تارىخشۇناس ئىبنى ئەرەبشاھ (1392 — 1450) بولۇپ، ئۇ تەرجىمىھال يېزىش بىلەن ياۋروپاغا تونۇلغان. ئۇ دەمەشقتە تۇغۇلغان. باللىق چېغىدا تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈرلەڭ) تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېتىلگەن، كېيىن ئوسمانىلاردا ئوترىنوپونىڭ مىرزا ۋەزىرى بولغان، ئاخىرىدا دەمەشق ۋە قاھىرىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ گۈزەل نەزمە ئۇسلۇب بىلەن تۆمۈرنىڭ تەرجىمىھالى «تەگرىنىڭ باتۇر ئوغلانى» («ئاجايىپ مەقدۇر») نى يازغان. كىتاب گۈزەل قاپىيىلىك جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان ھەم شۇ چاغدىكى پارس

يازغۇچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان بەزى نەزمە ۋە تەسۋىرلەردىن نەقىللەر كىرگۈزۈلگەن، لېكىن شۇ چاغدىكى پارس ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئەرەب نەزمە ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ قۇرلىرىدىن بۇ موڭغۇل قەھرىمانغا بولغان دۈشمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى مۇنداق يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولالمىدى. پەقەتلا «خەلىپىنىڭ كۆتۈۋېلىشى» دېگەن ئەسىرى بىرقەدەر داڭلىق بولۇپ، ئۇسلۇبى قەدىمكى شىمالىي پېرسىيە چۆچەكلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئوسمانىلار بېسىۋېلىشتىن بۇرۇنقى يېرىم ئەسىردە، مەملۇك خانلىقىنىڭ قامۇس تۈزگۈچىلىرىنىڭ قوشۇنى ئىسلامىيەتنىڭ ئاتاغلىق كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچىسى جالالىدىن سۇيۇتى (1445 ــ 1505) بىلەن ئاخىرلاشتى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئەسەرلىرىنىڭ سانى ئۈچ خانلىق رەقەمگە يەتكەن يازغۇچى ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن سۇيۇتىنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەر 561 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن 450 خىلى ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى بىرنەچچە بەتلىكلا ماقالىلار توپلىمى، لېكىن نۇرغۇنى چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە پەن تەتقىقاتىنىڭ پۈتكۈل ساھەسى ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى تۈرلۈك نەقىلدىنلا ئىبارەت. مەسىلەن، ئىلاھىيەت ھەققىدىكى بىرمۇنچە تەپسىلاتلار (جۈمە نامىزىنىڭ قانچە كىشىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى) يېزىلغان مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلاردا شۇنداق؛ بەزىلىرى قولىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۆزگەرتىلگەن ئۆزگىچە ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى مۇنۇلار : (1) « قۇرئان » غا ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلار [ « ئىتقان » ( مۇكەممەللىك ) ، 119 ــ بېتىدە نەقىل بار ] ، (2) ۋە (3) « قۇرئان » تەپسىرى ۋە ئەرەب گىراماتىكىسى توغرىسىدا بايان ؛ ( 4 ) « خەلىپىلەر تارىخى » ؛ (5) مىسىر تارىخى ، ئاسار ــ ئەتىقىلىرى ، تۈزۈمى ، شۇنىڭدەك مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى رىسالە ( ئاخىرقى قىسمىغا ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن ؛) . سۇيۇتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ ، ئىخچام ، ئىشلىتىشكە قولاي بولۇپ ، تېزلا ئىسلام دۇنياسىدىكى كەڭ كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۆت ئەسىردىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىش جەھەتتە بىردەك نوپۇزغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە .

كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ خارابلىششى ھامان يەرلىك شىۋە ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ . ئەرەبىستاننىڭ شەرقى ياكى غەربىدە خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇھەببەتكە دائىر خەلق چۆچەكلىرى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى ؛ سەنئەت مۇنبەرلىرىدە ھەتتا ئاددىي شىۋىلەردە يېزىلغان غەزەللەر بارلىققا كەلدى . بۇ غەزەللەر ئىلگىرى ھەشەمەتلىك سەھنىلەرگە چىقىرىلمايتتى . لېكىن ، ئىلمىي تەتقىقات ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنلىكى ۋە كونا ئۆرپ ــ ئادەتلەر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، بۇ خىل ئۇرۇنۇش ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەنىدى . نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى ، بۇ چەكلىمە ۋە تېزگىنلەش ناھايىتىمۇ ئۈنۈملۈك بولغانلىقتىن ، بىرەرمۇ ئەرەب شىۋىسى ئەدەبىياتنىڭ قورالى بولالمىغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، خەلق ئەدەبىياتى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن ئاران بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالىغان ، بەزى ئەسەرلەر ناھايىتى

تەسلىكتە ئەدىبىي ئۆلچەمگە ماسلىشالىغان. شۇڭا، ئەرەب ئەدەبىياتىدا بىر تۇتاش چۆچەكلەر ۋە مۇھەببەت چۆچەكلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «مىڭبىر كېچە» ناملىق چۆچەكلەر توپلىمى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەبەدىي شۆھرەتكە ئىگە. بەلكى ئۇ سانسىز ئىسلام ئەدەبىياتى ئىچىدە ياۋروپالىقلارغا تونۇش بولغان بىردىنبىر ئەسەر بولۇشى مۇمكىن. «مىڭبىر كېچە» [13] نىڭ دەسلەپكى تارىخى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، شەھرىزات بىلەن دۇنيازاتنىڭ [14] ئاساسىي ھېكايىلىرىنى ھىندىستانغا تەتبىقلاش مۇمكىن، بۇ ھېكايىلەرنى مۇشۇ تىپتىكى ئەدەبىي توپلام (مەسىلەن، «يۈزبىر كېچە») نىڭ ئورتاق قۇرۇلمىسى دېيىش مۇمكىن. قىسمەن مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدىغىنى شۇكى، گەرچە «مىڭبىر كېچە» پارسچە بىر قەدىمكى ھېكايىلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە يېڭى ھېكايىلەر پەيدىنپەي كونا ھېكايىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە، ھازىرغىچە بىرەر ھېكايىلەر توپلىمى «مىڭبىر كېچە» نى شەكىللەندۈرگەن خام ماتېرىيال دەپ قارالغىنى يوق. سۆزلىگۈچىلەر ھەربىر كېچىلىك ھېكايىنى ئوخشىمىغان ماتېرىياللاردىن قۇراشتۇرۇپ چىققان. بۇ ماتېرىياللار بولسا، تامامەن ئوخشاشمىغان دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن كەلگەن، بەزىلىرىدە ئەسلى ماقالا تىلىنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى توغرىلىقى تەرەپتىن ئېيتقاندىمۇ، پەرق ناھايىتى زور. «مىڭبىر كېچە» نىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمىسى خېلى بۇرۇنقى تۈزىتىلگەن نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ ئۇ ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئومۇملاشقان نۇسخىدىن خېلى بۇرۇن نەشر قىلىنغان. بىراق، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ئىككى ھېكايە — ئەلى بابا بىلەن ئالاھىدىنىنىڭ ھېكايىسى [15] چۈشۈپ

قالغان. «مىڭبىر كېچە» نىڭ ھېكايىلىرى، كېلىش مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گالەن خەلق چۆچەكلىرىگە ئوخشاش روشەن مۇسۇلمانلار ئىدىيىۋى ئىزى بىلەن تولغان. پۈتكۈل ئەسەر گويا بىر دېكراتسىيە بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇنىڭدا ئۆز ئوبرازىنى ئاڭسىز بولسىمۇ، ئەينەن، مۇستەھكەم قالدۇرغان.

لېكىن، «مىڭبىر كېچە» ئەرەب ئەللىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر خىيىم - خەتەر رىۋايەتلىرىدەك كەڭ تارقالغان ئەمەس، ئۇ رىۋايەتلەردىكى ئاتلىق چەۋەندازلار ھېكايىلىرى بەزىدە نەسرىي ئەسەر شەكلىدىلا ئۇچرايدۇ. دائىم ئۇچرايدىغىنى نەسرىي بايانمۇ، نەزمىمۇ بولغان، بەزى تارىخىي شەخسلەر ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ھەممىگە تونۇش بولغىنى قۇللۇقتىن كېلىپ چىققان قۇملۇق شائىرى باتۇر ئەنتەرە. ئەنتەرەنىڭ ھېكايىلىرى مەملۇك خانى بەيبارىنىڭ ئەھلى سەلىپنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى بايان قىلغان ھېكايىلىرىگە ئوخشاش كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ياۋروپالىق كىتابخانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا (ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇ تىپتىكى ھېكايىلەر دائىم ئىنتايىن تېز رىتىم بىلەن كافىخانىدىكى خېرىدارلارغا دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىلىدۇ). ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى ۋەقەلەرنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلىنىشى كىشىنى زېرىكتۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەرەبلەردە پەيدا قىلغان تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

تالانتلىق يازغۇچى، كۆز دوختۇرى ئىبنى دانىيال [12] (1310 - يىلى ۋاپات بولغان) خەلق ئارىسىدىكى بىرخىل ئويۇن - تېرە قوچاق ئويۇنىنى ئەدەبىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئويلىغان. ئەگەر ئەرەبلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىياتىر ئەدەبىياتىنى

راۋاجلاندۇرغان بولسا، بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق ئىش بولاتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان، سەل - پەل شەپە بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ پائالىيەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېرە قوچاق ئويۇنى يەنىلا روناق تاپمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ درامىسى تۈگىشىپ كەتكەن.

## 2- ئىسپانىيە ۋە غەربىي شىمالىي ئافرىقا

مۇۋەھھىت خانلىقى 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. خرىستىيانلار ئاندالۇزىيىنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋالدى. جەبىلتارىق بوغۇزىدىن گراناداغىچە بولغان ئۇزۇن بەلباغلار يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىسپانىيە - ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. مورلار مەدەنىيىتى ئىسپانىيىدىن قېپقالغان بۇ كىچىككىنە زېمىندا ئۈچ ئەسىر داۋام قىلدى. پايتەخت گرانادىكى پادىشاھلىقلارنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك سىمۋولى. بىزنىڭ قولىمىزدا بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا پەقەت بىرنەچچە پارچە كەم - كۈتە ئەسەرلا بار. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى شۇكى، فىردىنان بىلەن ئىسابېلا قايتا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ يوقىلىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ بىز يېزىقچىلىق ماھارىتى جەھەتتە كەسپداشلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدىغان بىر يازغۇچىنى كۆرسىتەلەيمىز. ئىبنى خەتىپ ( 1313 - 1374 ) ئۆزىنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق سىياسىي ھاياتىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق كۆپ خىل ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. خەتىپنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ۋە قولىيازمىلىرى ئىچىدە بىر نەچچە شېئىرلار توپلىمى، خەت - چەكلەر توپلىمى ۋە

ھۆججەتلەر توپلىمى بار. بەزى تارىخىي ئەسەرلىرى، مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلىرى ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ گراناداني بايان قىلىدىغان ئەسەرلىرى بىز ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. خەتىب يەدەزلەنگەن نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئامراق بولسىمۇ، بۇنداق ئەسەرلەر ئۇنىڭ قەلىمىدە دەسلەپكى تەبىئىي، گۈزەل ئۇسلۇبنى تاپاتتى. خەتىب ئاندالۇزىيىنىڭ ئاخىرقى شائىرى ۋە «مۇۋەششەھ» يازغۇچىسى دەپ قارىلىشى كېرەك. بۇنداق قوش قاپىيىلىك نەزمىلەر ئىسپانىيىدە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈگەپ كەتكەن.

ئۆلكىدىكى خەلقلەرنىڭ خرىستىئانلارغا قارشى غازات قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، گرانادىكى ئىبنى ھۇزەيىل غەرناتى ① خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادى 1400 ـ يىلى «ئاتاغلىق ئەسكەرلەرنىڭ تولۇق قوراللىنىشى ۋە پالۋانلارنىڭ بايرىقى» نى يازدى. بۇ پۈتۈنلەي ئىلگىرىكىگە ئوخشمايدىغان كىتاب ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئارغىماق پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئىلھام بېغىشلىغان. ئىبنى ھۇزەيىل غەرناتى ئۆز كىتابىدا ھازىرغىچە تارقالمىغان دەسلەپكى دەۋر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئاتنىڭ گەۋدىسى، تۈرى، خۇيى، يورغىسى، ئىگەر ـ جابدۇقلىرى ۋە ئات ئۈستىدە قورالنى قانداق ئىشلىتىش قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

بىدئەتچىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئىسپانىيىلىكلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوتتۇرا دېڭىز ياقىسىغا كۆچتى. ئۇ يەرلەردە ھەقىقىي ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى بارلىققا كەلدى. ۋەزىيەت مۇقىمسىز، ئەل ئىچى قالايمىقان بولسىمۇ، فىس، تىلمىسىن ②ۋە باشقا دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەردە كلاسسىك ئەدەبىياتنى ۋە كلاسسىك ئۇسلۇبنى ياخشى كۆرىدىغان

ئاندالۇزىيىلىك داڭلىق ئاقسۆڭەكلەر بار ئىدى . 13 ـ ئەسىردە تۇنىس ، 14 ـ ئەسىردە فەس تېزدىن كۆتۈرۈلۈپ ، مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ شەرقتىكى چوڭ شەھەرلەردىن قېلىشمايدىغان مەركىزىگە ئايلاندى .

14 ـ ئەسىردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى نەپەر كاتتا ئۇستازلىرىغا يېتەرلىك سەھىپە ئاجرىتىش ئۈچۈن ، بىز بەزى شائىرلار ، ئىلاھشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلارنى قىسقارتىۋېتىمىز . مىلادى 1325 ـ يىلى مۇھەممەد ئىبنى بەتتۇتە ( 1330 ـ 1377 ) ئۆز يۇرتى تەنجەدىن ئايرىلىپ مەككىگە ھەجگە بارىدۇ . تەقۋادارلىقى ۋە بىلىملىكلىكى بىلەن داڭق چىقارغان بۇ ياش بىرەر ئىسلام مەملىكىتىنى ۋە بىرىش ئىمكانىيىتى بار جايلارنى زىيارەت قىلىشقا بەل باغلايدۇ . يول ئازاۋى ئۇنىڭ ھەۋىسىگە ئىلھام بېرىدۇ . ئۇ پادىشاھ ، خانىشلارغا قىلغان زىيارىتىنىڭ خاتىرىسىنى خۇددى كېيىنكى كىشىلەر ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىمزاسىنى يىققاندەك بىرمۇ بىر توپلاپ چىقىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن ياساۋۇللارنى ئەگەشتۈرۈپ خۇددى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە ئوخشاش ئوردىغا كىرىپ ، چىقىپ يۈرىدۇ . بەتتۇتە بارغانلا يېرىدە خاتىرە دەپتىرىگە شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ، ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى ، بايلىقى ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە يېزىۋالىدۇ . ئۇنىڭ قەدىمي شەرقىي ئافرىقا ، ئىستانبول ، روسىيە ياپلاقلىرى ، ھىندىستان ، سەيلون ۋە جۇڭگوغىچە يەتكەن . ئۇ مىلادى 1349 ـ يىلى يۇرتىغا كېلىپ بىرنەچچە ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن ، گراناد ۋە نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى نېگىر ئافرىقىسى مۇسۇلمانلار خانلىقىغا زىيارەتكە بارىدۇ . بىز ئىبنى خەلدۇننىڭ③ خاتىرىسىدىن فەس خەلقىنىڭ بەتتۇتە ھېكايىلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە گۇمانلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ،

بەتتۇتە فىستىكى ۋاقتىدا خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز سەپەرىدە كۆرگەنلىرىنى مىرزا ئىبنى جوزەيگە سۆزلەپ بەرگەن. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شەرق يازغۇچىلىرىغا پەقەت تونۇش ئەمەس. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ تېپىلغان ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات ياۋروپالىقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئورىگىنالى فرانسىيە ئالجىرىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تېپىلغان.

ساياھەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەتتۇتە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەردىكى ساياھەتچىلەردىن زور دەرىجىدە ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خاتالىقتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرى ھىندى ئوكياندا قاراقچىلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈنلەي ئېسىدە قالغىنىنى بويىچە يېزىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن، ئۇنىڭدىن قالغان تارىخىي ماتېرىياللار چەكسىز قىممەتلىك ۋە مۇھىم بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىنمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى ۋە جەمئىيەت تارىخىدا ئۆز نوپۇزىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭدا كەمچىلىك بار دېيىلمىدىغان بولسا، ئۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ كەمچىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ سەممىيلىكىدە شۇبھە يوق. بەتتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى ئەسلى بەدىئىي قىزىقارلىقتا ئىكە ئىدى. كېيىن، مىرزا ئىبنى جوزەي، ئىبنى جۇبەيىر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئىبارىلىرى ۋە نەزمىلىرى ھەم ئۆزىنىڭ ساددا قىستۇرمىلىرى بىلەن ئۇنى بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئىشلەپ چىققان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەر ساپ، ئىخچام، ئاممىباپ بولۇپ، ھەجۋىي پۇراقتا ئىكە، ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر ھەم تارىخقا يېزىلمىغان ئىشلار كىرگۈزۈلگەن. بۇلار پۈتۈنلەي دەۋر كەيپىياتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدىن ئىبارەت.

بىز رادىزىيىدە گىنولقالارنىڭ قوش يالاقلىق كېمىسىگە چىقتۇق . كېمە خوجايىنىنىڭ ئىسمى مالىلمىن ( باتوروميو ؟ ) ئىكەن . بىز « رۇم زېمىنى » دەپ ئاتىلىدىغان تۈركلەر دۆلىتىگە كېتىۋاتاتتۇق . « رۇم زېمىنى » دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب شۇكى ، قەدىمكى رىم ( گرېتسىيە ) بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . . . ھازىر بۇ يەر تۈركمەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ ، نۇرغۇن خىرىستىئانلار ياشىماقتا . بىز شامال يۆنىلىشى بىلەن ئوندا ئون كۈن ماڭدۇق . بۇ خىرىستىئان ( كېمە خوجايىنى ) بىزگە تولىمۇ تەكەللۇپ قىلدى . بىر تىيىنمۇ پۇل ئالمىدى . 10 - كۈنى ئەتىگەندە ئاللىيالىيەرگە يېتىپ بېرىپ ، رۇم چېگراسىغا قەدەم قويدۇق . رۇمنى دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل دۆلەتلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ . ئاللا دۇنيادىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە يىغىپ قويغان بولسا كېرەك ، رۇملۇقلارنىڭ ھۆسنى گۈزەل ، كىيىملىرى رەتلىك ، پاكىز ، تائامى ئېسىل بولۇپ ، دۇنيادا ئەڭ مەردانە ، سېخىي مىللەت ئىكەن . قەدىمكىلەر « بەخت ئىزدىسەڭ شامغا ① بار ، رەھىمدىللىك ئىزدىسەڭ رۇمغا بار » دەپ ياخشى ئېيتقان . بىز نەگە بارمايلى - مېھمان كۈتىدىغان چېركاۋدا ياكى شەھەرلەرنىڭ سارىيىدا بولسۇن - بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز بولغان ئەرلەر ۋە رومال تارتمىغان ئاياللار كېلىپ تىنچلىق سورايتتى ؛ سەپەرگە ماڭغاندا خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك كېلىپ ئۇزىتىپ قوياتتى . ئاياللار تېخى كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى ⑪

قولىمىزدا شىمالىي ئافرىقىدىكى بەربەر خانلىقىغا دائىر تارىخىي ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس . بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ۋە ئەڭ قىممەتلىكى مەراكەشلىك ئابدۇلۋاھىت ( 1185 — ؟ ) نىڭ « ئالمۇخادلارنىڭ تارىخى » دېگەن كىتابىدىن ئىبارەت . دەرۋەقە بۇ يەرلىك تارىخشۇناسلارنى تۇنىسلىق ئابدۇراھمان ئىبنى خەلدۇن ( 1332 — 1406 ) بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ شۇ زاماندىكى تارىخشۇناسلارنىڭ سەركەردىسى ، يېڭى تارىخ ئىلمىنىڭ ئىجادچىسى بولۇشقا مۇناسىپ . ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئۇنىڭ غەربىي شىمالدىكى تىنچ سىياسىي ھاياتنىڭ تەپسىلاتى بىلەن تونۇشقىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئالدىراشلىق

ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلغانلىقى ؛ قانداق قىلىپ قاھىرىگە بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە داڭلىق قازى سۈپىتىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە باشقىلار . ئۇنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئەسىرى « نەمۇنە كىتاب » 1377 - يىلى يېزىلغان ۋە نۇرغۇن قېتىم تۈزىتىلگەن . كىتاب مۇقەددىمە ، مۇھەممەدنىڭ قىسقىچە تارىخى ( كۆپ قىسمى ئىبنى ئەسىرنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان ) دىن ئىبارەت . قوشۇلغان بابتا شەرقنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتى ، ئاخىردا بەربەرلەر ۋە شىمالىي ئافرىقا خانلىقىنىڭ تەپسىلىي تارىخى ئۈستىدە توختالغان . خەلدۇننى يىلنامىچى دېيىشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ بۇ مۇستەقىل ئەسىرى ئۆزى ئۈمىد قىلغان ئۆلچەمگە يەتمىگەن بولىسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ھەرقانداق مۇسۇلمان تارىخچىنىڭ ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق ، ھەرگىز قېلىشمايدۇ . ئۇنىڭ داڭق چىقىرىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ، مەزمۇنى مول بولغان « مۇقەددىمە » سىدە . ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەككىز ئەسىرلىك سىياسىي تەرەققىياتىدىن كېيىن تۇغۇلغان . شىمالىي ئافرىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن تونۇش ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بارلىق تاشقى ھادىسىلەرنى ئومۇمىي قانۇنىيەت قىلىپ يىغىنچاقلاشقا ئۇرۇنغان ھەم ئىنسانىيەت يازما يادىكارلىقلىرىدا ، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ( بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ) تارىخىي ، پەلسەپىۋى كۆزقاراش دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن .

ئۇ قەبىلىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ تارىختا بەرگەن باھالىرى ئوخشاپ كېتىدۇ . چۈنكى ، تاشقى ئالامەتلەردىن قارىغاندا ، تارىخ شارائىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە خالىس بارلىق شەيئىلەرنى قانداق ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ھېكايىدىن

باشقا نەرسە ئەمەس . لېكىن ، جوڭقۇر ئىچكىرىلەپ قارىغاندا ، تارىخ بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى توغرىسىدىكى توغرا كۆزقاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، مۇشۇ سەۋەبتىن ، تارىخ پەلسەپىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ . پەلسەپە ئىچىدە جوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ . تارىخنى پەلسەپىنىڭ بىر تارمىقى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۆزگىرىشچان ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەلۇم مۇقىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . بارلىق بىلىملار بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . . ئەگەر تارىخشۇناسلار رىۋايەتكىلا ئاساسلىنىپ ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنى ، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى ، مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى . . . نى ئەتراپلىق چۈشەنمەيدىغان بولسا ، ھەقىقەت يولىدىن تېيىپ كېتەلەيدىكەن كىلاسسىكلىق قىلىش تەسكە توختىلىدۇ . . . رىۋايەت خاراكتېرلىك ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي قانۇنىيەتكە تەبىئىي بويسۇنۇشى ، ئاساسىي قانۇنىيەتكە بېقىنىشى كېرەك .

خەلدۇن سىياسىي ، ئىلاھشۇناسلىق ۋە پەلسەپە جەھەتلەردە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس . شۇڭا ، ئۇ كۆپ ساندىكى تارىخشۇناسلارغا ئوخشاش دەسلەپكى كۆزقاراشنى ئاساس قىلغان نەزەرىيىگە پاكىت ئىزدەش بىلەن جان باقمايتتى . ئۇ ئىككى خىل كۆچنىڭ ئازىيىشى — كۆپىيىشى ۋە تەگپۇگلۇقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات بىلەن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى توغرا بايقىغان ، بۇ كۆچنىڭ بىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ، يەنە بىرى ئولتۇراقلاشقانلار تۇرمۇشى . شۇڭا ، ئۇ تارىخ يېڭى مەدەنىيەت ئىلمىدىن ئىبارەت دەپ قارايتتى . ئۇ بۇ ئومۇمىي نەزەرىيىنى ياراتقاندىن كېيىن « مۇقەددىمە » نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا مەدەنىيەتنىڭ دىن ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ، ئىقتىساد ، سەنئەت ۋە پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىياتى ئۈستىدە تەپسىلىي ئىزدەنگەن . دەرۋەقە ، ئۇ ئۆز ئەسرىدە شۇ دەۋر ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىدىغان سىياسىي ئەھۋاللار ئۈستىدىلا توختالغان ، لېكىن مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئۇ ئىنتايىن

قىممەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ .

شىمالىي ئافرىقىلىقلار يازغان شۇنچە كۆپ تارىخىي ئەسەرلەردىن ( كۆپ قىسمى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان ) بىرىنىڭلا ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى چوڭقۇرراق . مىلادى 1630 - يىلى تىلىمسىنلىق مەقرى ( 1591 - 1632 ) دەمەشق ئۆلىمالىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، ئىسپانىيە تارىخى ۋە ئىبنى خەتىپنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ( 160 بەت ) ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاندالۇزىيىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر مول ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھازىرغىچە يېتىپ كەلمىگەن دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ ئەسەرلەردىن ئېلىنغان ، يوقىلىپ كەتكەن ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەقرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىسپانىيە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى تەتقىق قىلىشتا ئەبەدىي نوپۇزلۇق مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

### 3 - مىلادى 1517 - ، 1800 - يىللار

ئوسمانلار ئەرەبستاننى بېسىۋالغان مەزگىللەردە ، ئىلمىي تەرەققىيات توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى . بۇ ئەھۋالنى تارىخىي ياكى جۇغراپىيىۋى شارائىت ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق ياكى ئىدىيە جەھەتتىكى كونسېرۋاتىپلىقنىڭ پاسسىپ تەسىرى جەھەتلەردىن قايسى دەرىجىدە چۈشەندۈرۈش مۇمكىنلىكى بىزنىڭ تەتقىقات دائىرىمىزگە كىرمەيدۇ . ئۇنى ياۋروپادىكى ئىدىيىۋى ئويغىنىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، 16 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەرەب دۇنياسىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان كۆلەڭگە ئورىۋالغانىدى . ئۈچ ئەسىر ئىچىدە ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق بولمىغان ، ئەدەبىي ئىجادىيەت

ئىلگىرىكىدەكلا جۇشقۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئاددىيلىق ئىچىدە مەيدانغا چىققان ئەسەرلەر ئىچىنارلىق دەرىجىدە ئاز بولدى.

تەرجىمىھال تېپىدىكى رىۋايەتلەر سۈرىيىدە داۋاملىق راۋاجلىنىپلا قالماستىن — بىر ئەسىردە بىردىن يۈز يىللىق لۇغەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ — يەمەن ۋە ماراكەشتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى. دىمبوكتولۇق ئەھمەت بابا ⑥ (1627 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. تارىخشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر بولسا چېنىپ قالغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ، پەقەت بىرنەچچە يەرلىك يىلنامىلەر مەيدانغا كەلگەندى. سوپىزم بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولدى ۋە بۇ ساھەدە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا مىسىرلىق شەئرانى (1565 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن سۈرىيە نابۇرۇسلۇق ئابدۇل غەنى (1731 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. شەئرانى سوپى مەزھىپىنىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خىيالىي، سىرلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن. ئابدۇل غەنى كۆپ ئەسەر يازغان تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇ نەسرىي شېئىر شەكلىدە سىرلىقلاشتۇرغۇچى ساياھەت خاتىرىسى ئەدەبىياتىنى ئىجاد قىلدى. ئەرەب ئورتاق تىلى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چاغدا، يەرلىك شىۋىلەردە يېزىلغان خەلق قوشاقلىرى مەلۇم ئابرويغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ ۋەكىلى مىسىرلىق شىربىنى (1687 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرىدىن ئىبارەت.

ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆز زېمىنىدا شۇنچە نامرات ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى مۇھىملىقىغا قاراپ، تارقالغان رايونىنىڭ شۇنچە كەڭلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. 14 ـ ئەسىردىكى زور

ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئافرىقا، ھىندىستان، مالايسىيا، جۇڭگو، روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى «قۇرئان» ۋە ئەرەب تىلىدىكى ئىلاھىيەت ئەدەبىياتى جايلارغا سىڭىپ كىردى. بۇ يېڭى زېمىنلاردا، بولۇپمۇ ئەدەبىي تىلى بولمىغان جايلاردا ئەرەب تىلى بىلىم تارقىتىدىغان قورالغا ئايلىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسى پەيدا بولدى. ھىندىستاندا پارس تىلى مۇھەممەدىنىڭ ئوردىسىدىكى ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئەرەب تىلىدا ئىلاھشۇناسلىقتىن خالىي ئەسەرلەر، ھەتتا نەزمىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇردى. بۇ يەردە ئىككى تارىخىي كىتاب تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭ بىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ مارابالغا ⑦ كىرىشى ۋە پورتۇگالىيىلىكلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان؛ يەنە بىرىدە غوجارا خاتلىقىغا دائىر ئىشلار بايان قىلىنغان. ھەتتا مالايا تاقىم ئاراللىرىدىمۇ ئەرەبچە ئىلاھىيەتكە دائىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. جۇڭگودا مۇھەممەدىنىڭ مۇخلىسلىرى ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان، ئەمما ئۇلار خەنزۇ يېزىقى بىلەنلا يازغان.

شەرقىي ياۋروپا ۋە ئاناتولىيىدىكى تۈرك زېمىنلىرىدا ئەدەبىياتتا باشتىلا ئەرەب تىلى ئەمەس، بەلكى پارس تىلى ئۈلگە قىلىنغان. ئوسمانلىلار ئەرەبىستاننىڭ مەمۇرىي ئۆلكىلىرىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلى ئاندىن ئادەتتىكى ئەدەبىياتتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى. تۈركلەر ئەرەب تىلىدا بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە نەسرىي ئەسەر، نەزمە، نەزمە نەسرىي ئەسەرلەر بار. بۇنىڭ مەشھۇرلىرى: تاش كۆپرازادە (1560 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تۈزگەن تۈركشۇناسلىق

لۇغىتى ؛ ئىستامبول دۆلەت مۇداپىيە ۋازارىتىنىڭ كاتىپى ھاجى خەلىپە ( 1658 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) تۈزگەن ئىنتايىن مۇكەممەل ئەرەبچە ، پارسچە ۋە تۈركچە ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى ⑧ مۇنەججىم باشى ( 1702 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك يىلنامىسىدىن ئىبارەت .

ئىسلام دىنى شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىن ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى . نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ، ئەرەبلەرنىڭ ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا تاكى سوفاراغىچە سودا بېكەتلىرى بولۇپ كەلگەن . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زانزىبار ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۆزىدىمۇ داۋاملىق تۈردە ئىنتايىن كەڭ مۇسۇلمانلار مۇستەملىكىسى پەيدا بولدى . مۇشۇ مۇستەملىكىلەردە بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار سودا پونكىتىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدىغان بىرنەچچە ئەسەر « ئەرەبىيەقىيە » ⑨تەخەللۇسى بىلەن سومالىلىق بىر ئەرەب تەرىپىدىن 1540 ـ يىلى يېزىلغان ، خرىستىئان دىنىدىكىلەر بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ھەبەشىستاندىكى ئۇرۇشىغا دائىر مۇھىم ئىشلار بايان قىلىنغان يەنە بىر ئەسەر بار . 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى ماراكەشتىن نىگىرىيە رايونىغا كىردى . 16 ـ ئەسىردە ئۇ يەردە ئەرەب تىلىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر مەيدانغا كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىزىقارلىقى 1656 ـ يىلى تىمبوكتولۇق سەئدى ⑩ تەرىپىدىن يېزىلغان سىنگايى ⑪ خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىرقىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئەسەردۇر .

ئەزھەر مەدرىسىنىڭ شۆھرىتى تەزى ئۆلىمالارنى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسىدىن قاھىرىگە جەلپ قىلدى . 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەملۇك شتات

باشلىقىنىڭ قوغدىشى بىلەن بۇ قوشۇن ئىچىدىن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى چوڭ ئۇستىسى چىقتى. بۇنىڭ بىرى ئاتا ـ بوۋىسى سومالىلىق جەبەرتى ( 1825 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بولۇپ، ئۇ يازغان 1700 ـ يىلدىن 1820 ـ يىلغىچە بولغان مىسىر يىلنامىسى دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە توغرىلىقى جەھەتتە، ئەرەبىستاندا بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە بىرى ھىندىستاندا تۇغۇلغان، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قان سىستېمىسىدىن بولغان سەيىد مۇرتەزا ( 1791 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) بولۇپ، ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئۆچمەس نامايەندىسى، قەدىمكى ئورتاق تىل لۇغىتىگە يازغان قىممەتلىك ئىزاھاتىدىن ئىبارەت [ ئۇنىڭغا « كېلىنچەكنىڭ تاجىسى » ( تاجۇلئەرۇس » ) دەپ غەلىتە نام قويۇلغان ] ؛ لېكىن ئەڭ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئۇ غەززالىنىڭ « يەھيا » دېگەن ئەسىرىنى قايتا تەھرىرلەپ چىققان ( 128 بەتلىك ) ۋە ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئىزاھات يازغان. ئۇنىڭ ئەسىرى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئالىملارنىڭ قارىلارچە يۈلىنىۋېلىشىدىن خالىي بولۇپ، بىۋاستە ئىپتىدائىي ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان. تىرىشچانلىقى ۋە قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر خىل يېڭى بىلىم تەشنالىقى قوزغىتىپ، چۈشكۈنلەشكەن ئىسلام ۋىجدانىنى ئەدەب ـ ئەخلاقتا غەززالىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان سەممىيلىك ۋە تولۇپ ـ تاشقان شەخسىي ئىشەنچىگە قايتىدىن ئېرىشتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتنىڭ سىگنالى چېلىندى.

ئىزاھاتلار :

① ئاپتورى تارىخشۇناس ئىبنى تاباتابا ( 1261 ـ 1309 ) .

② ئىبنى بەتتۇتە ( 1303 ـ 1337 ) ــ تانگىر ( ماراكەشنىڭ قەدىمكى پورتى ـ ت ) دا تۇغۇلغان . داڭلىق ساياھەتچى . ئۇ يىگىرمە توققۇز يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم ساياھەت قىلىپ ئاسىيا ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئايلىنىپ چىققان .

③ بۇ كىتابنىڭ 6 ـ بابىدا سۆزلەنگەن قۇل قوشۇنلار ، مەملۇك ئەرەبچە « بېسىۋېلىش » دېگەن سۆز .

④ بۇسىرى ــ بەربەرلەر ئەۋلادى بولۇپ ، بۇسىردە تۇغۇلغان . ئەرەب شائىرى ، ھەدىسشۇناس ، خەتتات .

⑤ بۇردە ــ قول بىلەن توقۇلغان چەكمەن . كۈندۈزى يەكتەك ، كېچىسى يېپىنچا قىلىنىدۇ . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى مۇھەممەدنىڭ كىيىمى .

⑥ پاسكوداغاما ( 1469 ـ 1525 ) ــ 15 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەسلەپكى جۇغراپىيىۋى چوڭ كەشپىيات دەۋرىدىكى پورتۇگالىيە دېڭىزچىسى . ئۇ 1497 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۆت پاراخوتتىن تەركىب تاپقان بىر ئەترەتنى باشلاپ لىسابوندىن چىقىپ ئافرىقىنىڭ ئۈممىد قولتۇقىنى ئايلىنىپ ، 1498 ـ يىلى ھىندىستانغا يېتىپ بېرىپ ، پورتۇگالىيەدىن ئافرىقا ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تاپقان . 1502 ـ يىلىدىن 1524 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستانغا ئىككى قېتىم بارغان . ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى بولغان .

⑦ قەلقەشەندى ( 1355 ـ 1418 ) ــ تارىخچى ، ئەدىب .

⑧ سەپادى ( 1296 ـ 1362 ) ــ تارىخشۇناس ، ئەدىب . « دەۋر جەۋھىرى » ، « ئىلىم ـ پەن لۇغىتى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

⑨ دەمىرى ( 1341 ـ 1405 ) ــ مۇتەپەككۇر ، زوئولوگ . مىسىردا تۇغۇلغان . ئەزھەر مەدرىسى ۋە مەككىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . ئۇنىڭ « ھايۋانات تۇرمۇشى » ( « ھاياتۇل ھايۋان » ) ناملىق ئەسىرى ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى تىبابەتچىلىك ۋە پسىخولوگىيىگە دائىر تۇنجى ئەسەردۇر .

⑩ ئىبنى تەيمىيە ( 1263 ـ 1328 ) ــ ئىمام ، ھەنبەل مەزھىپىنىڭ قازىسى بولغان . سۈرىيىنىڭ خورا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان .

⑪ پېرسىيىلىك ۋەزىر رەشىدۇددىن ( 1318 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) ــ پارس ، ئەرەب تىللىرىدا موڭغۇلىيە ، ھىندىستان ، جۇڭگو ۋە ياۋروپا تارىخىنىڭ تېزىسىنى يازغان . بۇنداقلاردىن يەنە ئىبنى خەلدۇنمۇ بار .

⑫ ئەيۇبى خانلىقى ( 1171 ـ 1250 ) ــ سالاھىددىن ( 1138 ـ 1191 ) ، كورد ، ئەھلى سەلىپكە قارشى جەڭ قىلغان مەشھۇر قەھرىمان ) تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق . مەملۇك خانلىقى بولسا ، 1250 ـ يىلى مەملۇك لەشكەرلىرى سالاھىددىننىڭ ئەيۇبى خانلىقىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن قۇرۇلغان قۇللۇق

خانلىق ، « سۇلۇق » دېگىنىمىز مەقرىزنىڭ « پادىشاھلار قىسسىسى » نىڭ ئەرەبچە قىسقارتىلغان ئاتىلىشى .

⑬ « مىڭبىر كېچە » — ئۇنىڭ مەنبەسى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . ( 1 ) ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى تىلغا ئالغان قەدىمكى پارس ھېكايىلىرى توپلىمى « مىڭ ھېكايە » بولۇپ ، كېيىنچە « مىڭبىر كېچە » دەپ ئاتالغان ؛ ( 2 ) 10 — ئەسىردىن 11 — ئەسىرگىچە ئىراقتا يېزىلغان ئابباسىلار خەلىپىلىكىدىكى ھارۇن رەشىد ھەققىدىكى ھېكايىلەر ؛ ( 3 ) 13 — ئەسىردىن 14 — ئەسىرگىچە مىسىردا يېزىلغان ھېكايىلەر .

⑭ شەھرىزات — « مىڭبىر كېچە » دىكى ۋەزىرنىڭ قىزى . ئۇ ھەر كۈنى كەچتە پادىشاھقا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ . شەھرىزات بىلەن دۇنيازات « مىڭ ھېكايە » دە « ۋەزىرنىڭ قىزى ۋە دېدەك » دېيىلگەن . كېيىنچە « مەلىكە ۋە ئۇي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى » دېيىلگەن . ھازىرقى نۇسخىسىدا ئۇلار « ئاچا - سىڭىل » .

يەنى « ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى » ۋە « سېھىرلىك چىراغ » .

⑮ ئىبنى دانىيال ( 1250 — 1310 ) — شائىر ، كۆز دوختۇرى . مۇسۇلدا تۇغۇلۇپ ، قاھىرەدە ۋاپات بولغان . ئېيتىلىشچە ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئەرەب يېزىق - تىلىنى قورچاق ئويۇنىدا قوللانغان . قورچاق ئويۇنى 12 — ئەسىردە موڭغۇللار ۋە تۈركلەر ئارقىلىق جۇڭگودىن مىسىرغا تارقالغان .

⑯ ئىبنى ھۇزەيىل غەرناتى — 14 — ئەسىردىكى ئاندالۇزىيە ئەدىبى .

⑰ فىس — ماراكەشنىڭ شەھىرى ، تىلىمسىن — ئالجىرىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر .

⑱ ئىبنى خەلدۇن ( ؟ — 1406 ) — ئەرەبلەرنىڭ تارىخچىسى ، پەيلاسوپى . ئۇ « مۇقەددىمە » دېگەن كىتابى بىلەن زور نامغا ئىگە بولغان . كىتابتا ، تۇنجى قېتىم بىر خىل تارىخي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ نەزەرىيىدە ، كىلىمات ،جۇغراپىيىلىك ئەھۋال ، ئەخلاق بىلەن مەنىۋى كۈچ ۋە ماددىي شارائىتلارنىڭ رولى توغرا چۈشەندۈرۈلگەن .

⑲ شام — سۇرىيە .

⑳ بۇ ، فىس ساياھەتچىسى ۋەززان (1526 - يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئىزاھاتى . ئۇ خرىستىئانلارنىڭ قاراقچىلار كېمىسى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن ئىتالىيىگە بارغان . ئۆز دىنىنى ئۆزگەرتكەن . ئىسمىنىمۇ جون لوغا ئۆزگەرتكەن . ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى ئەسىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىتالىيانچىسى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ياۋروپالىقلارنىڭ ئافرىقىنى بىلىشتىكى نوپۇزلۇق ئەسىرى ئىدى - ئەسلى ئىزاھات .

⑫ ئەسلى « دىمبوكتو » ئەمەس « تومبوكتو » بولۇپ ، مالىنىڭ بىر شەھىرى ، ئەھمەت بابا مالىك مەزھىپىدىكى قانۇنشۇناس ، تارىخچى ، قىرىق نەچچە

ئەسىرى بار.

(22) مارابال — ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇبى رايونى.

(23) «پەھلىۋاننىڭ قىممەتلىك بويۇمى».

(24) «ئەرەبىيەقىيە» — ئەسلى ئىسمى ئىبنى شاھاب، ج. ھەبەشىستانلىق يازغۇچى، 1543 - يىلى «ھەبەشىستاننى بويسۇندۇرۇش» دېگەن كىتابنى يازغان.

(25) ئىرانلىق شائىر شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى - تەھرىردىن.

(26) 14 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، نىگىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدىكى غەربىي سۇدانىدا قۇرۇلغان 3 - چوڭ دۆلەت. تومبوكتو، گائۇلار ئۇنىڭ مۇھىم شەھەرلىرى.

(27) جەبەرتى (1754 - 1822) — مىسىر تارىخچىسى.

# خاتىمە

19 ـ ئەسىر مۇسۇلمانلار دۇنياسى، بولۇپمۇ ئەرەب زېمىنى ئۈچۈن ئېچىكى، تاشقى جەھەتلەردىن تەۋرىنىپ تۇرغان دەۋر بولدى. ناپولىئون 1798 ـ يىلى مىسىرغا بىر مەھەل ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، مىسىرنىڭ ياۋروپا يېڭى تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك سوغۇق چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر پىكىر ئېقىمىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. غەرب دۇنياسىنىڭ ئەدەبىياتى ۋە پىكىر ئېقىمى باشتا ئاستا، كېيىن كەينى ـ كەينىدىن تېزلىشىپ، بۇ يەردە تۇنجى كۆۋرۈك ئىستىھكامىغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئەرەب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى يېڭىدىن دۇنياغا كەلدى.

ئېچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭى ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى مىسىر بىلەن سۇرىيەدە بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان ئىككى قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ئۆزئارا رولى ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى ئۆزئارا زىت بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇشۇ كلاسسىك نۇسخىلارنى نەمۇنە قىلىش ئىدى، بۇ نەمۇنىلەرنىڭ بىۋاسىتە رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلدى. ئاپتورلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان خارابلىشىپ كەتكەن ئەرەب تىلىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ تىرىشچانلىق مىسىر ۋە ئىراقتىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ

زور كۈچ بىلەن قوللىنىشقا ئېرىشتى. شائىرلار يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن هازىرقى زامان تېمىلىرىنى ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ كونا ۋەزنگە ۋە كونىچە ئىپادىلەش شەكلىگە بىرلەشتۈرۈپ يازىدىغان بولدى. بۇ تىرىشچانلىقمۇ مەدرىس تەلىمىنى ئالغان بىر تۈركۈم سىياسىي ئوبزورچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇرى شاھ مۇھەممەد ئابدۇھ ① ( 1849 ـ 1905 ) بولدى.

بۇ ئىلمىي ئېقىمنىڭ ئەمگىكى ئىككىنچى قېتىملىق هەرىكەتكە مەنسۇپ يازغۇچىلارنىڭ غەربنىڭ ئەدەبىيات تېمىسى ۋە پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشى ئۈچۈن قورال تازىلاپ بەردى. مىسىر باش ۋالىسى مۇھەممەد ئەلى ② ( 1849 ـ 1905 ) تەرجىمە ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدۇردى، بولۇپمۇ هەربىي پەن ۋە تىببى ئىلمىگە ئەهمىيەت بەردى. لېكىن، غەربنىڭ بېيرۇتتىكى مائارىپ تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتى بولغان بىر تۈركۈم لىۋان ئالىملىرىنىڭ يېڭى ئىدىيىنى تارقىتىش جەھەتتىكى تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. ئۇلارمۇ يېڭى تىپتىكى ژۇرنال ۋە زامانىۋى ئاخباراتچىلىق تەشۋىقات قوراللىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچىلەر ئىدى. گېزىت ـ ژۇرناللار مىسىرغا كىرگەندە، كۆپچىلىكى لىۋانلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىسىرنىڭ ئۆز گېزىت ـ ژۇرناللىرىمۇ دۇنياغا كەلدى. بۇ نەشر ـ ئەپكارلار هازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنى تەرببىيلەيدىغان هەقىقىي كۈچەتزارلىققا ئايلاندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نەشرىياتچىلىق ئەدەبىيات ساھەسىنى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان مۇنبەر بولۇپ قالدى. جۈملىدىن ئەرەب ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق هازىرقى زامان تېمىسىدا ئىجادىيەت بىلەن

شۇغۇللىنىشىنىڭ پائالىيەت مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر تۈركۈم سۈرىيە ـ ئامېرىكىپەرەست يازغۇچىلار ئامېرىكا يېڭى قۇرۇلغان ئەرەبچە ژۇرناللاردا يېڭىچە ئەدەبىي ماقالىلارنى ۋە خۇيتمانچە «چاچما شېئىر» لارنى ئىجاد قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەرەب زېمىنىدا ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ، مەدھىيىلەشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ قەدىمكى تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشتەك قىلمىشلىرى ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشەلمىدى.

ئاخبارات يېزىقچىلىقى ۋە ئىجادىيەتنىڭ سىرتىدا، غەربنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ قالدى. بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى بېيىتىشتا ناھايىتى ياخشى مەشق بولۇپلا قالماي، بەلكى سانى خېلى كۆپ بولغان بىر تۈركۈم تەرجىمانلارنىڭ شۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغىمۇ نەمۇنە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى فرانسىيە كلاسسىك دراما تۈرلىرىنىڭ نەمۇنىسى بويىچە ئۆز دۆلىتىنىڭ دراماچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت. لېكىن، 19 ـ ئەسىردىكى ئەرەب دراماچىلىقىنى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن رومانچىلىق قىسمەن ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ مۇخبىر، سىياسىي ئوبزورچى، تارىخچى، جورجى زەيدان (1861 ـ 1914) سكوت ③ نىڭ ئۇسلۇبى بويىچە يازغان تارىخىي رومانلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. ئۆتكەن قىرىق يىل ئىچىدە ④ بوشاشماستىن كۆرسىتىلگەن بۇ خىل تىرىشچانلىق ۋە ئۇرۇنۇش ـ ئەرەب خەلقىنىڭ شۇ زاماندىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قىزىقىشىنى ئىپادىلەيدىغان ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا

مېۋە بەردى. ھېكايىچىلىق ئاخىر بۇ يولنى ئاچتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەققىدىكى ھېكايە ۋە سەھنە ئەسەرلىرى. تاھا ھۇسەيىننىڭ ⑤ تەرجىمىھال ئۇسلۇبىدىكى رومانى «كۈنلەر» دىن ئېتىبارەن ئىجتىمائىي تەھلىل بىلەن پسىخولوگىيىلىك تەھلىل كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى تېخىمۇ جانلىقلىققا ئىگە بولدى. جۈملىدىن دىرامىچىلىقمۇ ماھارەت جەھەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن پايدا ئالدى. مەيلى دراما ئەدەبىياتى بولسۇن، ياكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتى تېما قىلىنغان سەھنە ئەسىرى جەھەتتە بولسۇن، تەۋپىق ھەكىم ⑥مۇھىم ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى، مەيلى ھېكايە، رومان، دراما بولسۇن، تامامەن ئەرەب دۇنياسىنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. بۇ ئەسەرلەر باشقا دۆلەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنسا ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ھۆججەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى.

ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى سىياسىي ئوبزورمۇ بۇ يېڭى تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي ئوبزورچىنىڭ مەقسىتى كلاسسىك ئەرەب تىلى ۋە غەرب ئەدەبىياتىغا تەنقىدىي باھا بېرىش ياكى ئادەتتىكىدەكلا ئىجتىمائىي باھا بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممىتىنى ھازىرقى دۇنيا بىلەن كەڭ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېشۋا يازغۇچىلارغا ئوخشمايتتى. ئۇلار مەزمۇندىن بەكرەك شەكىلگە ئەھمىيەت بېرەتتى. خۇددى رومان، ھېكايە يازغۇچىلارغا ئوخشاش، ئۇلار تىلنى قوللىنىش جەھەتتە ئەمەلىي

ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرەتتى . ئۇسلۇبى ئوخشىمايدىغان بۇنداق نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى زامانىمىزدىكى بارلىق ئېھتىياجنى كۈچلۈك ۋە دەل جايىدا قاندۇرالايدىغان بىرخىل ۋاسىتىنى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت بولدى ؛ گەرچە ئەرەب تىلىنىڭ نازۇكلۇقى مەلۇم دەرىجىدىكى گۈزەللىكنى تەلەپ قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇ يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئوخشىمىغان ئىستىلدىكى ئېستېتىكىلىق سۈپەتنى چەتكە قاقمىدى .

نەسرىي ئەسەرلەردىكى بۇنداق غەرەزلىك ھالدا ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىش پوزىتسىيىسىنىڭ ئەكسىچە ، بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت ئەرەب ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ رامكىسىدىن تېخىمۇ ئايرىلىپ ، ھازىرقى زامان غەرب شېئىرىيىتىگە ئوخشاش ئەركىنلىك قوغلىشىۋەردى . بىر تەرەپتىن ، جىددىي سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئارزۇ بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى تېما بىلەن كىشىلەر ئوبرازىنى ھازىرقى زامان شارائىتىدا قوللىنىشىغا ئىلھام بېرىشى ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار كىشىنى تەسىرلەندۇرەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كۆپ ساندىكى ياش شائىرلار بىرخىل پسىخولوگىيىلىك شېئىر ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى . بۇخىل شېئىر رىتىم ، قاپىيە جەھەتتىلا ئەمەس ، بەلكى تىل ماھارىتى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ كونا نەزمىلەر ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى . مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا ، نۇرغۇن ئەرەب شائىرلىرى ماھارەت ۋە مەزمۇن جەھەتلەردە بەزى نەسرىي ئەسەر يازغۇچىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ « ئىنتېرناتسيوناللاشقان » بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ( بەزى غەرب شائىرلىرىغا ئوخشاش )

ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي جەننىتىدە ياشاش بىلەنلا قانائەتلەندى.

**ئىزاھاتلار:**

① مۇھەممەد ئابدۇھ — ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچى ( 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىلىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىغىچە ) دىكى داڭلىق ئەرباب. مىسىردا ھۆرلۈكنى تەشەببۇس قىلغان ئىلاھشۇناس.

② مۇھەممەد ئەلى — 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مىسىر خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن باتۇر سەركەردە. 1805 ـ يىلى تۈرك سۇلتانى ئۇنى مىسىرنىڭ ۋالىسى دەپ ئېتىراپ قىلغان.

③ سكوت ( 1771 ـ 1831 ) — ئەنگلىيە شائىرى، رومان يازغۇچى.

④ بۇ، مۇشۇ كىتاب قايتا نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى قىرىق يىل.

⑤ تاھا ھۈسەيىن ( 1889 ـ 1973 ) — دۇنياغا مەشھۇر مىسىر ھازىرقى زامان يازغۇچىسى، ئەدەبىي ئوبزورچى ۋە جەمئىيەت ئەربابى. ئۇ مىسىردا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مائارىپ مىنىستىرى بولغان. ئۇنىڭ «كۈنلەر»، «ئەدەب» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

⑥ تەۋپىق ھەكىم — مىسىر يازغۇچىسى، 1898 ـ يىلى تۇغۇلغان، مىسىر دراممىلىرىنىڭ ئىجادچىسى، «قايتقان روھ»، «يېزا مۇپەتتىشىنىڭ خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابى بار.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى . بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据人民文学出版社1980年1月第1版、北京第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەريەم مەمتىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

ئەرەب ئەدەبىياتى

( قىسقىچە تارىخى )

خامىلتون . ئا . گىببى ( ئەنگلىيە )

تەرجىمە قىلغۇچى : باھاۋۇدۇن قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348 )

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا تىزىلدى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 1092×787 مىللىمېتر 1/32

باسما تاۋىقى : 8.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2

1983 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

1998 - يىل 10 - ئاي 2 - بېسىلىشى

تىراژى : 1.8000 — 13.001

ISBN7—2 [illegible] 8/I · 1531

[illegible] من

责任编辑：玛丽亚木·买买提依明
责任校对：阿斯亚·艾合买提

阿拉伯文学简史（维吾尔文）

汉密尔顿·阿·基布 著
巴吾东·哈德尔 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.125印张 2插页
1983年10月第1版 1998年10月第2次印刷
印数：130,01 ——18000

ISBN7－228－04196－8/I·1531 定价 10.00元